www.kitaphumar.com

# نادىر ماقالىلەر توپلىمى

# (5)

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2013-يىلى 8-ئاي
مەنبە: ئەجداد تورى، ئۇيغار تورى، ئۇيغۇرلار تورى،

# مۇندەرىجە

1. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت چېكىنىشىدىكى تارىخى
سەۋەبلەر ............................................ غالىپ بارات ئەرك 3
2. تاش ۋە تارىخ ........................................ مەمتىمىن ئەلا 23
3. پەلسەپە ھەققىدە پاراڭلار ................................ مەمتىمىن ئەلا 43
4. ياپونىيەدىكى شىنجاڭغا دائىر ماتېرىياللار ...................... سۇگاراۋا جۇن 61
5. مىللىي ئارمىيەنىڭ قۇرۇلۇش تارىخى ۋە تەشكىللىنىش ئەھۋالى ............... 72
6. 20-ئەسىردىكى ئىسلاھاتچى-ئابدۇقادىر داموللام ............................ 81
7. «كروران» دۇچ كەلگەن 81 مۇشكۇلات ............... نۇرمۇھەممەت توختى 124
8. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئۇيغۇر روھىيىتى
تەتقىقاتى» ............................................ ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن 148
9. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ ھەققىدە ئېيتقانلىرى ................... 163
10. چەتئەللىكلەر نەزىرىدىكى قەشقەر ................ ئابابەكرى ئابدۇرەشىد 178
11. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتېم ئېڭى ................ ئابلىمىت ئۆمەر بىلگە 210
12. ئۇيغۇرلاردىكى خاسىيەتلىك سان «يەتتە» ..... ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن 235
13. ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمى توغرىسىدا ........................ ئەلى غۇپۇر 265

# ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەتتە چېكىنىشىدىكى تارىخى سەۋەبلەر

غالىب بارات ئەرك

ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋردە تەرەققى قىلغان شەرق خەلقلىرىدىن بىرى ئىدى، ئەمما يېقىنقى 3 ـ 4 ئەسىردە تەرەققىياتى ئەڭ قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، بۇ زادى نىمە ئۈچۈن؟

## 1 . تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى تىنچلىق بولمىغان

تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق بىلەلەيمىزكى 1600 ـ يىلدىن 1900 ـ يىلغىچە بولغان 300 يىل ئۇيغۇر جەمئىيىتى پۈتۈنلەي ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالغان ھەممە يەرنى قان ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان جەمىيەتكە ئايلانغان. سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئادىللىقى بىلەن داڭ چىقارغان سۇلتانى ئابدۇكېرىمخاننىڭ قەستكە ئۇچرىشى بىلەن خاندانلىق خارابلىششقا يۈزلەندى. خانلىق دائىرىسى خانزادىلەرنىڭ ئۇستۇنلۇك، بايلىق، خانلىق، تېروتورىيە (زېمىن) تالىشىدىغان ئۇرۇش سەھنىسىگە ئايلاندى، بىر مەزگىل گۈللەنگەن بۇ دۆلەت ھالاكەتكە يۈزلەندى. سۇلتان سەئىدخاندىن باشلانغان سۇپىلارغا مۇرىت بولۇش ئەۋجىگە چىقىپ پۈتكۈل خەلق بىرقانچە توپقا بۆلۈندى، ئەسلىدىن خانلىقلاردا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان سوپىلار ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى ھەممە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، مۇرىتلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرىدە ئاز بولمىغان قىرغىنلارنىڭ بىۋاستە سەۋەپكارىغا ئايلاندى. ئاخىرقى ھساپتا سوپىلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ۋە ھىلە مىكرلىرى، سەئىدىيە ئەۋلاتلىرىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى تۈپەيلى 1680 ـ يىلى ھاكىمىيەت ئۇيغۇرلاردىن جوڭغارلارنىڭ قولىغا ئۆتتى، سوپىلار جوڭغارلارنىڭ سادىق غالچىلىرىغا ئايلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ قورچاق

ھاكىمىيىتىنى تىكلەشكە مۇيەسسەر بولدى. سوپىلارنىڭ جوڭغارلار ياردىمىدە تىكلەنگەن بۇ قورچاق ھاكىمىيىتى ئەمەلىيەتتە خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ بايلىق توپلاپ ئۇنى خوجايىنلىرىغا سوۋغا قىلىپ خەلقنى تېخىمۇ دەھشەتلىك ۋەيرانچىلىققا گىرىپتار قىلدى. سوپىلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى ئاستىدا ئۇيغۇر خەلقى جوڭغارلار ئۇچۇن سىلىق تۆلەپ، قۇل دېدەك تۇتۇپ بەردى. پۈتكۈل ئۇيغۇر دىيارى سوپىلارنىڭ ”ئاق تاغلىق“ ۋە ”قارا تاغلىق “ تىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپىنىڭ ھاكىمىيەت، مۇرت، بايلىق تالىشىدىغان، ئۆز- ئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىدىغان ھالاكەت مەيدانىغا ئايلاندى. بۇ ئىككى مەزھەپ قىرغىنچىلىق قىلىشقاندىن سىرت ئۆزلىرىنىڭ سوپىستىك ئېدىيىسى بويىچە مەدەنىيەتنى قاتتىق تەقىپ قىلىپ مەدەنىيەتنى خەلق تۇرمۇشىدىن ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن يۇقاتماق بولدى، جۈملىدىن مەدەنىيەت ئەرباپلىرىنىمۇ قىرغىن قىلىپ يۇقاتتى. ھاكىمىيەت جوڭغارلار ۋە ئۇلارنىڭ ھامىيلىغىدىكى سوپىلارنىڭ قولىدىن مانجۇ - چىڭ ئىمپىرىيىسىگە ئۆتكەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېرىك ھۆكۈمرانلىرى بىر تۈركۈم يەرلىك فېئوداللار بىلەن ئېغىز- بۇرۇن يالىشىپ، خەلققە ئېغىر زۇلۇملارنى سالدى. نەتىجىدە پۇقرالار ئېغىر زۇلۇمغا قارشى كۆپ قېتىم قوزغىلاڭ قىلغان بولسىمۇ ئىنتايىن دەھشەتلىك باستۇرۇلدى، ئۇچتۇرپان جەڭگە يېغىلىغى ( پۈتۈن خەلق قىرغىن قىلىپ يۇقۇتۇلغان دىگەن مەلۇماتلار بار ) ۋە ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن خەلقنىڭ يۇرت ماكانىنى تاشلاپ باشقا يۇرتلارغا كۆچىشى، شىمالى شىنجاڭدا قىرغىن قىلىپ ئادەم قالمىغاندا ( مەھمۇد كاشغەرى « « تۈركى تىللار دىۋانى » » دا بۇ يەردە خېلى ۋكىپ ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىغى، ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى بولغانلىغىنى يازغان) جەنۇپتىن ئاھالە كۆچۈرۈشى شۇنىڭ مىسالىدۇر.

خەلقنىڭ قوزغىلاڭلىرى ھە دىگەندىلا مەغلۇپ بولۇپ تۇردى، سەۋەبى ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى شەكىللەنمىگەن، تارىخ دانكو ياكى ئاتا تۈرك مۇستاپا كامال كەبى رەھبەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمىگەندى، ئازاتلىق ھەربىر -تىلىرىنىڭ نىشانى پەقەت زۇلۇمنى يوقۇتۇشلا بولغىنى ئۇچۇن ئىنقىلاپتىن خوجىلارمۇ پايدىلىنىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەشكە تىرىشتى، خوجىلارنىڭ توپىلاڭلىرىمۇ خەلقنىڭ تالاپەت تارتىشىغا سەۋەپچى بولۇپ زىيانلارنىمۇ كەلتۈردى.

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە خەلق بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك ئازاتلىق ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ خوتەن، قەشقەر، كۇچار ۋە غۇلجىلاردا ھاكىمىيەتنى تىكلىدى، لېكىن ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلغۇدەك باشچىلار بولمىغانلىقتىن خوتەندە ھەبىبۇللا ھاجى، كۇچاردا راشادىنخان كەبى سوپى ـ زاھىت ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن خەۋەرسىزلەر رەھبەرلىك قىلىپ بۆلۈنمە ھالەتتە خانلىق قىلىشتى. ئۇلاردا ۋەتەن، خەلق، مىللەت ئېڭى بولمىغانلىقتىن بىرلىشىپ ھاكىمىيەت قۇرۇپ خەلقچىل سىياسەت يۈرگۈزۈشكە قادىر بولالماي ئاقىۋەت خەلقنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىنى قوقانلىق رەڭۋاز ياقۇپبەگنىڭ ھىلە ـ مىكرى ئالدىدا تارتقۇزۇپ قويدى. ئىلى سۇلتانلىقى، ئۇرۇمچى ـ سانجى خۇيزۇ ھاكىمىيىتى، كۇچار راشىدىنخان خوجا ھاكىمىيىتى، خوتەن ھەبىبۇللا خوجا ھاكىمىيىتى ۋە قەشقەر بۇزرۇك خوجا (ئەمەلىيەتتە بەدۆلەت ھاكىمىيىتى بولۇپ ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزرۇك خوجىدىن پايدىلانغان) نىڭ ئۆز ـ ئارا ئىستىلا ئۇرۇشلىرى يۈز بەردى ۋە ياقۇپبەگنىڭ جەنۇبى شىنجاڭ ھەم تۇرپان، ئۈرۈمچىلەرنى ئىگەللەپ ئاتالمىش " بەدۆلەت يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى" نى قۇردى. 1878 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھەممىنى يېڭىپ ئۆزىنىڭ نىسپى ھالدىكى تىنچلىق ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزگىچە يەنىلا ئۇرۇش داۋام قىلىپ كەلدى. تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلاپ باقساق، جۈملىدىن ئەينى ۋاقىتتا ئۇرۇشقا بىۋاستە قاتناشقان، ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن تارىخچى ئالىمىمىز موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» ، « تارىخى ئەمىنىيە» كىتاپلىرىنى كۆرىدىغان بولساق بۇ ھەقتە يېتەرلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز. مىسال:

«ئاتالىق غازى يىگىتلىرى، سەرۋازلىرى ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن چارچىدى، قوللىرى قاپاردى. ئاتىلىق غازى قوشۇنىغا ئەگىشىپ كەلگەن قاسساپلارنى ۋە خوتەندىكى ياقا يۇرتتىن كەلگەن مۇساپىر قاسساپلارنى چاقىرىپ كېلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى. قاسساپلار خەندەك لېۋىدە تۇرۇپ ئادەملەرنى بوغۇزلاپ خەندەككە ئىتتىرىۋەردى.... شۇ قېتىم تۆت تۈمەن ئادەم ھالاك بولغان بولسا كېرەك.»

قەدىرلىك كىتاپخانلىرىمىزغا بۇ خىل قىرغىنچىلىقتىن تېخىمۇ كۆپ پاكىتلارنى كۆرسىتىپ بېرەلەيمىز. چۈنكى بىزنىڭ تارىخىمىز بۇ خىل

قىرغىنچىلىقلار بىلەن تولۇپ كەتكەن. قان ھىدى، ئادەم ئۇستىخانلىرى تارىم ۋادىسىنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىغان ئىدى. "ئۇيۇشقاق، يەڭگۈچى، ئەقىللىق "مەنالىرىغا ئىگە خاسىيەتلىك نامى بار ئۇيغۇر خەلقىمۇ بىر ئۇچۇم مەزھەپچى، بايلىقخۇمار، ھوقۇقپەرەست، ئۇرۇشپەرەستلەر تەرىپىدىن ئۇرۇش قايىنىمىغا مەجبۇرى سۆرەپ كىرىلدى. خەلق ئۆز ھاياتىنىمۇ كېپىللىك قىلالمايدىغان، ئەتىسىگىمۇ ئىشەنچ قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەشۇ بىر ئۇچۇم رەزىل شەخسلەر ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەتى، پاراغەتلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن مىللەتنى، خەلقنى، ۋەتەننى، كەلگۈسىنى، ئەۋلاتلارنى پۇچەك پۇلغا (ئەرزىمەس شەخسى مەنپەئەتىگە) سېتىۋەتتى، ئۇيغۇر دىيارى ھالاكەتكە يۈزلەندى.

1678 ـ يىلىدىن 1685 ـ يىلىغىچە جوڭغارلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئىستىلا قىلىش ئۇرۇشلىرى بولدى، ئاق تاغلىقلارنىڭ داھىسى ئاپپاق خوجا دالاي لاماغا باش ئۇرۇپ مەدەت تىلىشى بىلەن پۇرسەت كۈتۈۋاتقان جوڭغارلار سەئىدىيە ئۇيغۇر دولىتىگە ھۇجۇم قىلدى. ئاپپاق خوجىنىڭ ئاق تاغلىق مۇرىتلىرى ئىچىدىن ماسلاشتى، شۇنىڭ بىلەن جوڭغارلار غەلىبە قىلىپ ئۇيغۇرلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالدى.

1755 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى شىمالى شىنجاڭنى ئىستىلا قىلدى.

1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلاڭىنى تىنچىتىپ شىنجاڭنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالدى. قارا تاغلىق ۋەتەنپەرۋەرلەر ئاق تاغلىق دۈشمەنلىرىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەلىبە قىلىشىدا ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

1765 ـ يىلى ئۇچتۇرپان ئۇيغۇرلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈردى، بۇ مەشھۇر جىڭدە يېڭىلىپ بولۇپ چىڭ سۇلالىسى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن بارلىق ئاھالىنى قىرغىن قىلىپ تۈگەتتى.

1803 ـ يىلى يۈسۈپ خوجىدىن پايدىلىنىپ قوقەنلىكلەر پاراكەندىچىلىك سالدى.

1820 ـ يىلىدىن 1828 ـ يىلىغىچە جاھانگىر خوجىنىڭ كۆپ قېتىملىق توپىلاڭى بولدى.

1845 ـ يىلى قەشقەردە ئۇيغۇر ۋە قىرغىز دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.

1847 ـ يىلى يەتتە خوجا توپىلىڭى بولدى.

1852 ـ يىلى ۋەلىخان تۆرە تۆت قېتىم بېسىپ كىرىپ نۇرغۇن قىرغىنچىلىق

قىلغان ۋە جاللاتلىق قىلىپ نەچچە كاللا مۇنارى ياسىغان.

1854 ـ يىلى قەشقەردە دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.

1857 ـ يىلى ئاتۇش مىس كان ئىشچىلىرى، مەمتىلى باشچىلىقىدا كۇچار دېھقانلىرى، خوتەننىڭ بىر قىسىم يېزىلىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭ قىلغان، ۋەلىخان تۆرىمۇ توپىلاڭ كۆتۈرگەن.

1858 ـ يىلى قەشقەردە بىر قىسىم دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.

1860 ـ يىلى يەكەندە، 1862 ـ يىلى خوتەن، كۇچار، بايلاردا قوزغىلاڭ بولغان.

1864 ـ يىلى كۇچا دېھقانلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەلىبە قىلغان ھەمدە راشىدىنخان ھاكىمىيتى تىكلەنگەن.

1864 ـ يىلى خوتەن دېھقانلىرى قوزغىلاڭ قىلىپ غەلىبە قىلغان ھەمدە ھەبىبۇللا ھاجى ھاكىمىيتى تىكلەنگەن.

1864 ـ يىلى ئىلى خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەلىبە قىلغان ھەمدە ئىلى سۇلتانلىقىنى قۇرغان.

1864 ـ يىلى سىدىق بەگ قەشقەرنى ئىشغال قىلغان.

1865 ـ يىلى قوقەنتلىك قوشبېگى ياقۇپبەگ ئاق تاغلىقلاردىن بۇزرۇگ خوجىنى ئۆزىگە قالقان قىلىپ قەشقەرگە كىردى ھەم ئاق تاغلىق خوجىلار بۇزرۇگ خوجا ئۇچۈن ئۇلارنى قوللىدى. ئۇ چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يۇقۇتىلغىچە ھەر خىل ئۇرۇش ۋە قىرغىنلار بۇلۇپ تۇردى.

1871 ـ يىلى چارروسىيە چىڭ سۇلالىسى بىلەن تۈزۈلگەن توختام بويىچە ئىلى سۇلتانلىقىنى ئىشغال قىلدى.

1875 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قۇشۇنلىرى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى. 1878 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى پۈتۈن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ جەنۇبى شىنجاڭ ۋە ئۈرۈمچى، تۇرپان رايۇنلىنى ئىشغال قىلدى.

1881 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى(قاراخان) چارروسىيە (ئاقخان) غا 70 مىڭ كۇۋادىرات كىلومېتىر زېمىن ۋە بەش مىليون 9000 سەر كۈمۈش ئۇرۇش چىقىمى تۆلەپ ئىلىنى قايتۇرىۋالدى.

يۇقۇرىدا كۆرگىنىمىزدەك نۇرغۇن قوزغىلاڭ ھەم توپىلاڭلار بولدى، خەلقنىڭ غەلىبە قىلغان، مەغلۇپ بولغان دەۋرلىرىمۇ بولدى، ئەمما كەڭ خەلق ئاممىسىغا ھېچبىر مەنپەئەت نېسىپ بولمىدى. چۈنكى خەلق ئىنتايىن

تۆۋەن ئاڭ سەۋىيىدە بولغىنى ئۈچۈن پەقەت چىرىك، مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتىشنىلا مەقسەت قىلغان بولۇپ كونكرېت نىشان بولمىغان، ئۇلاردا مەخسۇس ھاكىمىيەتچىلىكنى چۈشەنگۈدەك سەۋىيە، سىياسىي پىروگراممىا تۈزگۈدەك ئىقتىدار بولمىغانلىقتىن غەلىبە مېۋىسى ھەم دىگەندە بىر ئۈچۈم سوپى - زاھىت، خوجا- ئىشانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى ياكى شۇلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلدى، خەلق ئىككى سوپىلار مەزھىپىنىڭ مۇرىتلىرىغا ئايلىنىپ كەتكىنى ئۈچۈن بىر توپ قوزغىلاڭ قىلسا ئىككىنچى بىر تەرەپ ئۇلارغا قارشى تۇردى، نەتىجىدە ھۆكۈمرانلار ئۇيغۇرلارنىڭ ”ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورىدى.“

سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدىن باشلاپ ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزسە ياكى ھاكىمىيەتكە تەسىر كۆرستەلىسە ئىككىنچى بىرتەرەپنى قاتتىق قىرغىن قىلدى، ئەگەر بىر مەزھەپ خەلق قوزغىلاڭى بىلەن ھاكىمىيەت تىكلىسە ياكى قوزغىلاڭغا ئىشتىراك قىلسا ئىككىنچى بىرى ئۇلارغا قارشى مەيدانىدا تۇردى، مەسىلەن: ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ رەھبىرى قارا تاغلىقلار تەسىرىدىكى سەئىدىيە خانلىغىنى يۇقۇتۇش ئۈچۈن دالاي لاماغا باش ئۇرۇپ جوڭغارلارنى باشلاپ كېلىپ مۇرىتلىرىنى ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇپ ئۇيغۇر خەلقىنى جوڭغارلارغا قۇل قىلىپ بەردى. قارا تاغلىق خوجىلار بولسا جوڭغارلار ۋە ئۇلارنىڭ ھامىلىقىدىكى ئاق تاغلىق خوجىلار ھاكىمىيىتىنى يۇقۇتۇش ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسىغا يول باشلىدى (قارا تاغلىق خوجىلار شۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۇيغۇر زېمىنىدە ۋاڭ، گۇڭ مەنسەپلىرىگە ئېرىشىپ بىر مەزگىل خەلقنى ئېزىپ پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈردى، قۇمۇل ۋاڭلىرى، كۇچار ۋاڭلىرى، تۇرپان- ئىلى خوجىلىرى شۇلارنىڭ مىسالى) ۋە مۇرىتلىرى ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشتى. گەرچە كۇچا ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردا ھاكىمىيەت تىكلەنگەن بولسىمۇ خەلققە نەپ ئېلىپ كېلەلمىدى. بۇ ھەقتە تارىخچى موللا مۇسا سايرامى ئەپسۇسلانغان ھالدا «... كۇچا خوجىلىرىدىن راشىدىن خوجام دىگەن مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ مازىرىدا دۇئا تەلەپ بىلەن ياتقان، ھېچ كىشى بىلەن ئارىلاشمايدىغان ۋە دەرۋىش تەرىقىسىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزىۋاتقان بىر ئادەم ئىدى ... ئاق كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ، بۇرۇنقى سۇلتانلىق قائىدىسى بويىچە خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزدى ... بۇ شەھەرلەردە ناھايىتى كۆپ غەزىنە- مۈلۈك، قورال-

ياراقلارغا ئىگە بولدى، ناھايىتى كۆپ غەزىنە توپلاندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇلۇق مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئاتالىق غازىنىڭ قولىغا چۈشتى. ئۇلار شۇنچىلىك دۆلەت ھۆكۈمەتكە ئىگە بولۇپ، نۇرغۇن مال- مۈلۈك توپلىغان چاغلاردا يا ئۆزىنىڭ بىرەر ئۇرۇق- قاياشلارىغا رەھىم ۋە شەپقەت قىلىپ باقمىدى، يا بىرەر دۇئاگۇي، ئەھلى پەزىل ۋە ھۈنەرۋەنلەرگە كەڭرى ئىنئام ۋە ئېھسان قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال دۇنياغا بولغان ئېھتىياجىدىن چىقمىدى، يا بىرەر دەريا- ئۆستەڭگە كۆۋرۈك سالدۇرۇپ ياخشىلىق قىلمىدى، يا مىچىت خانىقا بىنا قىلىپ، كۆل قۇدۇقلارنى كولىتىپ ۋەخپە ئەشيالار توختاتمىدى .... نەمۇنە ئەسەر قالدۇرماي نام نىشانسىز كەتتى. ئۇلاردىن ھىچبىر نەمۇنە يادىكار ياكى ياخشى ئىش باقى قالمىدى .... » دەپ لەنەت ئۇقۇيدۇ. ئالىمنىڭ بايانىغا قارىغاندا بۇ خىل لەنەتكە يەنە خوتەن پادىشاھى ھەبىبۇللا ھاجىمۇ دۇچار بولۇپ ئۇمۇ خەلق ئىنقىلاپ قىلىپ ھاكىمىيەتنى ئېلىپ پادىشاھلىققا ئولتۇرغۇزسا ئۇمۇ ئوخشاشلا خەلق ئۈچۈن قىلچىلىك ياخشى ئىش قىلىپ بەرمەستىن غەزىنىنى ئالدى بىلەن بەدۆلەتنىڭ كېيىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قولىغا ئۇشۇغى بىلەن چۈشۈشىگە سەۋەپچى بولغان. ئىلى سۇلتانلىغىنى ئېيتساق 10 يىللىق ھاياتىدا قانچە سۇلتان ئالماشتى؟ شۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. ۋەلىخان تۆرەنىڭ قىلمىشىنى كۆرسەك: " ۋەلىخان تۆرەم كاشغەرنى مۇھاسىرە قىلىپ، قىشلاق ۋە كەنتلىرىنى قولىغا كىرگۈزۈپ .... تۆت كاللا مۇنارىسى ياساپتۇ. مۇنارىنىڭ ئېگىزلىگى ئون ئىككى گەز مىقدارى كېلەتتى دەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى بەك چېكىش، ھاياسىز ئىشلارنى قىلىش ۋە قان تۆكۈشتىن ھىچقانداق ئۆزىنى تارتىپ ئېھتىيات قىلمايدىكەن." خەلق ئېتىقات قىلغان خوجىلار مەغلۇپ بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىياغا قاچقىنىدا قىرغىنچىلىققا يەنىلا ئازاتلىققا، باراۋەرلىككە ئىنتىلگەن، باراۋەرلىك، ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان خەلق قانلىق قىرغىندا قالدى. ئىلى قايتۇرۇۋېلىنغاندا 50 نەچچە مىڭ ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ يۇرت ماكانىنى تاشلاپ چاروسىيە دائىر ـ ىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈشى، روسىيەلىك ۋا.ن. كۇرپاتكىننىڭ « قەشقەرىيە » ناملىق كىتابىدا يازغان «جوڭگولۇقلار بۇ ۋەقەنى " خوجىلار يېغىلىقى" دەپ ئاتايدۇ. بۇ ۋەقەنىڭ نەتىجىسىدە 20000 تۈتۈن يەنى 100000 كىشى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۈچ ئېلىشىدىن قورقىنىدىن ، قەشقەر، يەكەن ۋە ئاقسۇلاردىكى يۇرت ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، خوجىلارنىڭ كەينىدىن تاغقا

چىقىپ كەتتى ... بۇ قېتىمقى قاچ ـ قاچ 1 ـ ئايدا يۈز بەردى. شۇ كۈنلەردە شىۋىرغان ئارىلاش قاتتىق قار يېغىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئاچ يالىڭاچ كەمبەغەللەرنىڭ كۆپچىلىكى ئىز دېرەكسىز يوقالغان»، بۇ ۋاقىئەلەر ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭلار ھەم قوزغىلاڭلار مەغلۇبىيىتىدىن كېيىنكى قاتتىق قىرغىنچىلىقلار بولغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ھەقىقەت شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردىكى گەرچە خەلق قوزغىلىپ مۇستەبىت ھەم چىرىك ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشنى كۆزلىسىمۇ ئۇلاردا ئەشۇ زۇلۇمنى يۇقۇتۇشتىن ئۆزگە نىشان بولمىغان، ئۇلاردا بىرەر سىياسى پىروگىراما بولمىغان ھەم بولىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى خەلقتە ئۈنچىلىك ئىقتىدار بولمىغان، ئۇلاردا بىرەر سىياسى نىشان ئورتاق ئېتىقات بولمىغىنى ئۈچۈن قان تۆكۈپ ئىنقىلاپ قىلسىمۇ بىرلىشەلمەستىن بۆلۈنۈپ ياشاپ بۆرىگە يەم بولغان. ئۇلارنىڭ قىسقا ھاكىمىيەتلىرى، قوزغىلاڭلىرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن خەلق يەنىمۇ قاتتىق دىشۋارچىلىققا دۇچار بولغان جۇملىدىن يۇرت ماكانىنى تاشلاپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان.

چارروسىيە ئىلىنى چىك سۇلالىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندە چىڭ سۇلالى ـ سىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئاھالە روسىيە تېرروتورىيىسىگە كۆچتى. موللا مۇسا سايرامى «بۇ يەتتە شەھەرنى سەرەنجام قىلغاندىن كېيىن، يەتتە شەھەردە قىرىق مىڭ چىرىك تۇرغۇزۇشقا ھۆكۈم قىلدى. لېكىن ئىلىنى ئىگەللىگەن چاغدا بىر مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى ھالاكەتكە گىرىپتار قىلغان ئىدى. نۇرغۇن ئادەم تەرەپ تەرەپكە قېچىپ ئىلى ئەتراپىدا ئادەم گۇرۇھى ئاز قالدى... » ، دىسە « خاقان مەنسەپدارلىرى بۇ يەتتە شەھەردە تۆرەمگە يار بولغان ياكى تۆرەمنىڭ ئىشىنى تۇتۇپ خىزمەت قىلغان ئادەملەرنى ئىزدەپ تېپىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ چارۋا مال ۋە زېمىنلىرىنى ئولجا قىلىپ، ئۇنىڭدىن كۆپرەك خوتۇن ـ قىز ۋە ئوغۇل رىسىدە ـ نارىسىدە باللارنى ئولجا ئەسىر قىلىپ ئۇ تەرەپ لەنجۇ ئۆلكىسى، بۇ تەرەپ ئىلى، چۆچەككە ئېلىپ بېرىپ، خىتايلارغا تاپشۇرۇپ ۋە خىزمىتىگە تۇتۇپ بەردى» دەيدۇ.

2 .ئىسلامىيەتتىن چەتنىگەن سوپىستىك دىنى ئەسەبىلىكنىڭ ئېلىپ كەلگەن جاھالەتنىڭ ۋەيرانچىلىقى

قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقى سوپىلارنىڭ ئىككى گۇروھىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ قەشقەر، ئاقسۇ،

كۇچارلاردا ئاقتاغلىقلار مەزھىبىدىكى ئاھالە كۆپ بولسا، يېڭىسار، ياركەند، خوتەنلەردە قاراتاغلىق خوجىلارغا مۇرىت بولغان ئاھالىلەر كۆپ بولغان. ئۇلار ھەربىر شەھەر يۇرتلاردىمۇ مۇرىتلىرى ئارقىلىق خەلقنى پارچىلىغان بۇلۇپ ئۆز- ئارا ئالاقىمۇ قىلمايدىغان بولغان ( مىسال قىلساق قەشقەر شەھىرى ئاھالىسىنىڭ شەرقى شىمال تەرەپتىكىلىرى ئىچىدە ئاق تاغلىقلار كۆپ سانىنى، غەربى جەنۇپ مەھەللە كەنتلىرىدە قارا تاغلىقلار كۆپ بولغان)، ئۆز- ئارا پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاق ۋە قارا تاقى كەيگەن، ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق نامىلىرىمۇ شۇندىن كەلگەن. بىز تارىخى پاكىتلاردىن ئەينى ۋاقىتتا سوپىزىمنىڭ قانچىلىك يامراپ كەتكەنلىگىنى، نادان خەلقنىڭ سوپىزىمنىڭ كىشەنلىرىدە مەنىۋىيەت جەھەتتىن قانداق خاراپلاشقانلىغىنى كۆرۈپ باقايلى: «ئاللا خاسلىغى خوجاملارغا خاس ياكى ‹ئاللا خوجام› دەپ خوجاملارغا ھەددىدىن زىيادە ئەقىدە ۋە ئىخلاس قىلىپ، ئۇلارنى ھەممىدىن يۇقۇرى مەرتىۋىلىك دەپ ھىساپلاپ، ئاللا بىلەن خوجاملار ئارىلىقىدا تۇرىدىغان ھىچقانداق بىرەر يۇقۇرى مەرتىۋىلىك ئىنسان ياكى جاننىڭ بولىشىنى ئېتىراپ قىلمايدىكەن ۋە يول قويمايدىكەن ... ئۇلارغا ناھايىتى يۇقۇرى ئەقىدە باغلاپ ، ئاتلىرىنى يىلقا ئۆيۈرى بىلەن، قويلىرىنى قوتىنى بىلەن ۋە قىزلىرىنى قىزلىق ئىپپەتلىرى بىلەن، سىكىلەك بولسا سىكىلەكلىكى بىلەن ئېلىپ كېلىپ خوجاملارغا تارتۇقلاپ، نەزىر ھەدىيە قىلىپ ‹ئەمدى بىزگە ھىچقانداق نەرسە لازىم ئەمەس› دەپ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ ‹ئاللا خوجام› دەپ تونىغان ئىدى.»

بۇندىن باشقا يەنە« تەزكىرەئى ھىدايەت» قاتارلىق ئەسەرلەردىنمۇ سوپىلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئىسلام دىنىغا مۇخالىپ، كۇپرىلىق بىلەن ئۆزلىرىنى ئاللا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ تەرغىپ قىلغانلىغىنى بىلىۋالالايمىز. بىز گەرچە پۇقرالارنى سوپىزىمغا ھەممىسى بۇ دەرىجىدە ئىخلاس قىلىدۇ دەپ قارىمىساقمۇ ، سوپىزىمنىڭ تەسىرىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر بولغانلىغىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۆزلىرىنى ئاللا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىغان بۇ سوپىلار نىمىنى تەرغىپ قىلىدۇ؟ دوتسىنت ئىبراھىم نىياز بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«سوفىزىمنىڭ توپ غايىسى ئىنسانلارنى تەركى دۇنيالىققا باشلاپ، رىئال دۇنيادىن، ئىجتىمائى تۇرمۇشتىن يۈز ئۆرۈپ خىيالى دۇنيادا كۆرىدىغان < راھەت> غىمىنى قىلىشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت.«

خەلقىمىز ئەقدە قىلغان« ئۆزلىرىنى دىنى ئىسلامغا بېغىشلىغان خۇدانىڭ ئاشىقلىرى» ئىسلام ئەقىدىلىرىگە مۇخالىپ بولغان قىلمىش ئەتمىشلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى ”سەئىد ـ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى“ دېيىشىپ ساپ ئەقىدىلىك مۇسۇلمانلارنى ئالداپ، خەلقنىڭ مۇھەممەت ئەلھەيكىسلامغا بولغان ئەقىدىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنى نىقاپلاپ خەلقنى تەركى دۇنيالىققا باشلاپ ئۆزلىرىگە ئىخلاس قىلغۇچىلارنى ‹ جەننەت ‹كە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ، خەلقنى ئۆزلىرىگە مايىل قىلىشتى، بۇ دۇنيانىڭ ياخشىلىقىغا مۇيەسسەر بولالمىغان خەلقىمىز ئۇ دۇنيادا جەننەتتە بولسىمۇ راھەت كۆرۈشنى، ئۇ دۇنيادا بولسىمۇ ئادەمدەك ياشاشنى ئىستىدى، شۇڭا خوجىلارغا ئىشىنىپ ئۇلارغا مۇرت بولدى. سوفىزىمنىڭ بۇنچە كۈچىيىپ كېتىشىدە ئەينى دەۋرنىڭ قەلەمدە ھەم ئەلەمدە يېتىلگەن پادىشاھلىرى سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىتخانلارنىڭ سوپىلارغا مۇرت ـ مۇخلىس بولغانلىقىمۇ سەۋەپچى بولغان ئىدى، ئۇلار خان ـ سۇلتانلارنىڭ ئۆزلىرىگە مۇرت بولغان پۇرسەتتە سىياسى جەھەتتىنمۇ پايدىلىنىپ (مەسىلەن، مۇرىتلىرىنىڭ باج ـ سېلىغىنى كەچۈرۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىش) ئۆز مۇرىتلىرىنى كۆپەيتكەنىدـ ـىگەن قاراشلارمۇ بار.

خوجا ئىشانلار ئۆزلىرىنى ھەق كۆرستىش ئۈچۈن « سۇدا ماڭالايمىز، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيمىز، ئاسماندا ئۇچالايمىز، توپىنى يىمەك ئىچمەك، ئالتۇن كۈمۈشكە ئايلاندۇرالايمىز، يامغۇر ياغدۇرالايمىز، بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچە جايدا زاھىر بولالايمىز، سۈپكۈشلەپ كېسەل داۋالايمىز، غايىپنى بىلىمىز، قول تەككۈزمەستىن نەرسىلەرنى يۆتكىيەلەيمىز، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلار بىلەن سۆزلىشەلەيمىز» دەپ ساختا كارامەتلىرىنى ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق تەشۋىق قىلىپ، ھەرخىل ھىيلە ـ مىكىرلەرنى قوللىنىپ خەلقنى ئالداپ، ئۇلارنىڭ ئەقىدە ـ ئىشەنچىگە ئېرىشكەندىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ ماددى ـ مەنىۋى دۇنياسىغا ھۇجۇم قىلدى. نەتىجىدە ئۇلار بارلىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئۇرۇپ چاقتى، بۇزدى، ئوت قويدى، ۋەيران قىلدى. مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇپ، مەدەنىيەت سورۇنلىرىنى سوپىلىق پائىلىيەت سورۇن ـ لىرى خانىقالارغا ئايلاندۇردى. خەلقنىڭ مەدەنىيەت سورۇنلىرى ـ مەكتەپ، مەدرىس، كۇتۇپخانىلار سوپىلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا ۋەيران بولدى. ئاۋامنى مەدەنىيەتتىن ۋاز كېچىشكە قىستاپ مەدەنىيەتنى مەنئى قىلدى. كىمىكى

سوپىلار بىلەن قارشىلاشسا خۇددى خوجا جاھان ئەرشى، بابا رەھىم مەشرەپ ۋە مىرزا شاھ مەھمۇت جوراس كەبى قەستكە ئۇچراپ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ھەقتە« جاھالەت پەرلىرى شىنجاڭدا» ناملىق ئەسەردە يېزىلغاندەك:« ئاپپاق خوجا ۋە ئاپپاق خوجىچىلار (بىز بۇ يەردە ئاق تاغلىق خوجىلارنىلا ئەمەس، قارا تاغلىق خوجىلارنىمۇ بىر قاتاردا تونۇشىمىز لازىم) زامانىسىدا قەشقەرىيەدە مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت، مۇزىكا، ناخشا، ئۇسۇل، گۈزەل-سەنئەت، تىياتىر، سېرىكچىلىك، تىبابە -تچىلىك، مەتبەچىلىك، تەرجىمە , خەتتاتلىق ... قاتارلىق بارلىق ئىلمي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى قەتئىي مەنئى قىلىنىۋېتىلگەن. بۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار "كاپىر"، "جادۇگەر"، "مۇرتەد"لەر ھېساپلىنىپ جازاغا تارتىلىپ تۇرغان، ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ھەتتا خەت يېزىشنى ئۆگىنىش، ساز ئۆگىنىش، ياساش، مەشرەپ ئويناش، ئويۇن- كۈلكە، خوتۇن-قىزلار پەرەنجىسىز ئاشكارە يۈرۈش قاتارلىق ئادەتتىكى ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىق خىسلەتلىرىمۇ قەتئىي مەنئى قىلىنىۋېتىلگەن. پۈتۈن جەمئىيەتتە قۇرئان ۋە ھەپتىيەكتىن باشقا بارلىق يېزىلما ئەسەرلەر، بۇلۇپمۇ مىللى ئەسەرلەر، خاتىرە، نەمۇنىلەر، كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، يوق قىلىپ تاشلانغان. ئىلىم-مەرىپەت ئورۇنلىرى بۇزۇۋېتىلگەن، چەكلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئورنىغا زىكرى سۆھبەت خانىقالىرى، گۈلەخ، سازايى ھەمىدانىلار (توۋا قىلدۇرۇش ئورۇنلىرى)، خوجا، ئىشانلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى، ئەمەلدار بىنالىرى دەسسىتىلگەن.

پۈتۈن جەمئىيەتتە دۇئا- تىلاۋەت، خەتمە، ئىستىغپار ئوقۇش (ئاللاھتىن گۇناھىنى تىلەپ تۇرۇش) ئاممىۋى ئىجتىمائىي مەشغۇلاتقا ئايلاندۇرۇلغان» .

«تەزكىرەئى ئەزىزان» قاتارلىق ئەسەرلەردىن مەلۇمكى " ئاق تاغلىق"، "قارا تاغلىق" خوجىلارنىڭ دەستلەپكى باشچىلىرى بىر تۇغقان بۇلۇپ ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا نوپۇز تىكلەش ئۈچۈن كۆز قاراشلىرىدا ماھىيەتلىك پەرق بولمىسىمۇ خەلقنى ئىككىگە بۆلۈپ مەزھەپچىلىك قىلغان. ئۇلار ئۆز- ئارا نىزاھ قىلىشىپ، خەلقنى ئۇرۇش جىدەلگە سېلىپ قان تۆكۈپ مەڭگۈ ئورنىنى تولدۇرۇپ بولغۇسىز تارىخى جىنايەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بارلىق پاجىئەلىرى، يامان كۈنلەرگە قېلىشى پۈتۈنلەي سوپىلارنىڭ قىلمىش

ئەتمىشلىرىدىن بولغان. پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىنى جاھالەت قاپلاپ پۈتۈن خەلق قاراڭغۇلۇق دۇنياسىغا غەرق بولدى

## 3. ئېغىر زۇلۇم خەلقنى ھالىدىن كەتكۈزىۋەتكەن

ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرغان ھەرقانداق ھۆكۈمران ئۆز ھۆكۈمىنى قول ئاستىدىكى ئەمىر ئەكابىرلىرى ئارقىلىق يۈرگۈزىدۇ، ھۆكۈمران قانچە چىرىك، خىيانەتچى ۋە پارىخور بولسا قول ئاستىدىكىلەرمۇ شۇنچە چىرىك، پارىخور ۋە خىيانەتچى بولىدۇ. تارىخىمىزنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق ئەنە شۇنداق چىرىك، پارىخور، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ كۆپ ئۆتكىنىنى بىلەلەيمىز. ھۆكۈمران ۋە قولچۇماقلىرىنىڭ چىرىكلىكى، پارىخورلىغى تۈپەيلىدىن خەلق ئۈستىدىكى باج سېلىق كۆپىيىپ كەتكەن، خەلق قاتمۇ ـ قات زۇلۇم دەستىدىن ياشاشقىمۇ ئامالسىز قالغان. بىر تەرەپتىن خان ۋە ئۇنىڭ ئامبال، دوتەيلىرى زۇلۇم قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن، نائىنساپ بەگلەر، خوجىلار، شەرىئەتنى دەستەك قىلىۋالغان مولىلار ھەرخىل ئالۋاڭ ـ ياساق، باج ـ سېلىق، ئۆشرە ـ زاكات، پىترە يىغىپ زۇلۇم سالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ سادىق قۇل غالچىلىرى بەگلەر بولسا باج ۋە سېلىقنى ھەسسىلەپ يىغىپ ئۆزىنى بېيىتىش بىلەن بىرگە ئامبال، دوتەيلەرگە سوغا ـ سالام ، پارا بېرىپ تېخىمۇ چوڭ ئىمتىيازلار ئۈچۈن (توغرىسى خەلقنىڭ قېنىنى تېخىمۇ بەك شوراش ئۈچۈن) ھەرىكەت قىلدى، خەلق قاڭغىر قاخشاپ جان تەسلىم قىلىۋاتسا ئامبال، دوتەي، بەگ ـ غوجانلار ئۆزلىرىنىڭ پاراغەتلىك تۇرمۇش پەيزىنى سۈردى، نەتىجىدە زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق نۇرغۇن قېتىملىق قوزغىلاڭلار قىلىپ مۇستەبىت، چىرىك ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرماق بولدى. خوتەنلىك تارىخچى مۇھەممەت ئەلەمنىڭ « تارىخى ۋەتەن ۋاقىئاتى خوتەن» ناملىق ئەسىرىدە ئەينى دەۋىردىكى باج ـ سېلىقنىڭ 65 خىلى خاتىرلەنگەن ئىكەن. چىرىك چىڭ سۇلالىسى چىرىكلىكتە مەنسەپنى باھا قويۇپ ئېلان چىقىرىپ سېتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن بولۇپ ئەمدى بىز چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەنسەپ سېتىش ھەققىدىكى ئېلانىغا مۇناسىۋەتلىك بايانىنى كۆرۈپ باقايلى:

«ھەرقانداق پۇلى بار ئادەم كۇمۇش پۇل سوۋغا قىلسا مەنسەپ بېرىمىز، دەپ بازار گۇزەرلەرگە ئېلان چاپلىدى... ھەرقانداق نامى نىشانى يوق ، ئوغرى،

قىمارۋاز، سەرگەردان بولسىمۇ پۇل بەرسە ئۇنىڭغا مەنسەپ بېرىلدى....
مەنسەپنى سودىلىشىپ باھا قويۇپ ئاشكارە ساتىدىغان بولدى.»

مانا بۇنىڭدىن شۇ چاغدىكى ھاكىمىيەتنىڭ قانچىلىك چىرىكلەشكەن-لىگىنى، بۇ سەۋەپلىك خەلقنىڭ قانچىلىك رىيازەت چەككەنلىگىنى، قانچىلىك زۇلۇمغا دۇچار بولغىنىنى قىياس قىلىش مۇشكۈل ئەمەس. دىمەك ئەينى تارىخى دەۋردە ھۇقۇق ئاچكۆز، بايلىق پەرست، پارىخورلارنىڭ، ئوغرى، قىمارۋازلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ«سۇ ئاقىدۇ سايغا، پۇل ئاقىدۇ بايغا» دىگەندەك ۋەزىيەت داۋام قىلغان، پۇقرالار ئۈستىدىكى زۇلۇم تېخىمۇ كۈچەيگەن.

قەرز ئۈچۈن، ئالبان ئۈچۈن بولدى مىنىڭ ھالىم خاراپ،
ھەزرىتى چۈنۋاڭ بىگىم ھالىمغا رەھىم ئەتكەي يانا.
كەلسەلەر ئالبانچىلار خىنە پۇلى دەپ تۇتسىلەر،
پۇل تاپالمايمەن تىنەپ ، دىشۋار بولۇر ھالىم يانا.
كېچىلەر، كۈندۈزلەرى ھەم دەرس ئوقۇر ئېردى بالام،
قەرز ئۈچۈن، ئالبان ئۈچۈن، ھەم دەرستىن قالدى يانا.

ئاقسۇلۇق مۇئەللىپ موللا توختى مۇندىن يۈز نەچچە يىل مۇقەددەم يازغان ئەسىرى «ئەرزىيەت » تىكى يۇقۇرقى بايانلار ئارقىلىق شۇنىمۇ بىلەلەيمىزكى ، زۇلۇم شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى بەگ- غوجاملار ئۆزلىرىنى ئاغىچىلىرى ئۈچۈن خىنىگىمۇ ئالۋاڭ يىغقان. بۇ خىل ئالۋاڭ، باج سىلىقلارنىڭ كۆپلىگىدىن، زۇلۇمنىڭ ئېغىرلىغىدىن خەلق ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان. دىنى ئۆلۈما، تارىخچى ئىمىر ھۆسەيىن قازى ئاخۇنۇم بىر شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئۆتمۈشتە بۇ شىنجاڭغا شەن دوتەي ئىكەن مانجۇ،
ماگازا، تاۋا توكۇ، كىيگەنلىرى ساپ پاڭچۇ.
راھەتتە ياتار ئۇخلاپ پۇخراغا كۆتەرتىپ جۇ،
پۇقرانى ھاقارەتلەپ سىڭكۇ بىلەن دەپ چەنتۇ،
داتاڭغا قاداپ قويغان نەيزە قىلىچ ھەم چەيدۇ.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخ، ئەينى دەۋردىكى رىئاللىق. چىلىك سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى دەۋرى ۋە باشقا دەۋرلەردە بولسۇن ھۆكۈمرانلارنىڭ ئېغىر زۇلۇملىرى خەلقنى پۈتۈنلەي ھالىدىن كەتكۈزىۋەتكەن. مۇشۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا تىنچلىقنىڭ بولماسلىقى، سوفىزىمنىڭ بېسىمى، ئىقتىسادى قىيىنچىلىق خەلقنى ئۆزىنىڭ مەدىنىي مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلەلمەيدىغان قىلىپ قويغان. خەلق ماددى، مەنىۋى بايلىقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان.

"پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا" دەيدۇ ئۇيغۇر دانالىرى، دەرھەقىقەت پۇل بولمىسا ھېچ ئىش ئاقمايدۇ، پۇل دېمەك ئىقتىساد، كاپىتال، مەبلەغ دېمەكتۇر. يۇقۇرىدا كۆرگىنىمىزدەك ئۇرۇش ۋە دەھشەتلىك ئېزىشلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىگىلىگىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلغان بۇلۇپ سوپىزىمنىڭ تەركى دۇنياچىلىق تەشەببۇسى بۇ ۋەيرانچىلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن. مەيلى جوڭغارلار بولسۇن ياكى چىڭ سۇلالىسى بولسۇن خەلقنىڭ مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرىغا مەبلەغ سېلىشى، قوللىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى خەلق پەن- مائارىپ ئارقىلىقلا ھاياتلىق يولىنى، باراۋەرلىكنى ھەتتا ئۇلارنى ئاغدۇرۇپ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بۇلۇش يولىنى تاپالايتتى، ھۆكۈمرانلار ئۇيغۇرلارنى ئاداققى ئۆز ھۆكۈمىدە تۇتۇشنى مەقسەت قىلىدىغان تۇرسا بۇنى قانداقمۇ خالىسۇن؟ ئۆز - ئۆزىنى تونىغان، مىللەتپەرۋەرلىگى ۋۇجۇتقا كەلگەن مىللەتلا مەڭگۈ ئۆز مەۋجۇتلىغىنى كاپالەتلەندۇرەلەيدۇ، بۇنى پەقەت ھەقىقى پەن- مائارىپلا ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. شۇڭا بۈيۈك مۇتەپپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلىم بىلەن كۆككە چىققىلى بولىدىغانلىغى، قۇلنىڭ قۇللۇقتىن خالاس بولالايدىغانلىغىنى مۇندىن مىڭ يىل مۇقەددەم بىزگە جاكا قىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى غالچىسى ياڭ زېڭشىننىڭ خەلقنى مەڭگۈ نادانلىق كىشەنىدە كىشەنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن پەن مائارىپنى قاتتىق چەكلەپ، خۇراپى موللىلارنى سېتىۋېلىپ خەلقنى ئىدارە قىلغانلىغى بۇنىڭ پاكىتى ئەمەسمۇ؟ 20 - ئەسىردىن ئىلگىرى ئەرشى، فۇتۇھى، موللا مۇھەممەت سادىق قەشقىرى، زوھۇرى، موللا يۇنۇس يەركەندى، غېرىبى، نىزارى، كاتىبى، موللا مۇھەممەت تۆمۈرى، نازىمى، تەجەللى... گە ئوخشاش مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر تۈركۈم مەدەنىيەت ئەرباپلىرى يېتىشىپ چىققان، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا مەلۇم ئىقتىسادى ئارقا تېرىگى بار ئىدى. بۇلۇپمۇ 20- ئەسىرنىڭ ئالدىنىقى

يىرىمدىكى مەدەنىيەت ئەرباپلىرىمىزدىن ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، موللا مۇھەممەت ئوغۇز ھەمرا، ئىمىنجان باھاۋىددىن... قاتارلىق بىر تۈركۈم ئوت يۈرەك كىشىلەر ئىقتىسادى جەھەتتىن ئازراق بولسىمۇ ئاساسى بولغاچقىلا چەتئەلگە چىقىپ ياكى ئۆلكە مەركىزىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلالىغان، مەكتەپ ئېچىپ ئىلىم تارقىتالىغان. ئىقتىساد يەنى پۇل بولمىغانلىقتىن نۇرغۇن ئەقىللىق پەرزەنتلەر خۇددى موللا توختى يازغاندەك ئۇقۇشتىن قېلىشقا مەجبۇر بولغان. ئىقتىساد بولمىسا قۇرۇلۇش قىلغىلى بولمىغىنىغا ئوخشاش مەكتەپ مەدرىسلەرنى سېلىپ ئىلىم مەرىپەت تارقىتىش مۇمكىن بولمايدۇ، خەلقمۇ نادان قېلىپ مەڭگۈ "ماڭقۇرت" بولۇپ قالىدۇ.

## 4 .سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقە ئازىيىپ بىكىنمىچىلىك كۈچەيگەن

خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەرەققىياتتا بۇنچىلىك قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى خەلقارا مۇھىت بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر دېڭىزچىسى يىغمىشنىڭ غەرپكە بارىدىغان دېڭىز يولىنى ئېچىشى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خۇيزۇ دېڭىزچىسى جېڭ خېنىڭ دېڭىز قاتنىشىنى يەنە بىر بالداق يۇقۇرى كۆتۈرىشى بىلەن شەرق ـ غەرپ ئالاقىسى قۇرۇقلۇقتىن ( قۇرۇقلۇق يولى بىخەتەر ئەمەس ئىدى) كۆرە دېڭىز يولىغا كۆچتى. چۈنكى كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر۔ بىرىگە قارشى بىرمۇنچە ئۇششاق فېئودال خانلىقلار بارلىققاكەلدى. نەتىجىدە يىپەك يولىدىن ئىبارەت بۇ شەرق ـ غەرپ مەدەنىيەت، ئىقتىساد۔ سودا لېنىيىسى تىنچ بولمىغانلىقتىن ئاستا ـ ئاستا ئۆز رولىنى يوقۇتۇپ بارىدۇ. بۇ ھەقتە سابىق سوۋېتلىك مۇئەللىپلەر گافىروف بىلەن مىروشنىكوۋلار مۇنداق دەپ يازىدۇ:
»يىپەك يولىنىڭ توسۇلىشى ھەمدە ياۋرۇپالىقلارنىڭ ھىندىستان ۋە جوڭگوغا بارىدىغان دېڭىز يولىنى ئېچىپ، ئۇنى ئىگەللىۋېلىشى سەۋەبىدىن مەركىزى ئاسىيانىڭ دۇنيا بىلەن بولغان سودا قاتناش ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. غەرپ بىلەن شەرقنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يولى ئۆزگىرىپ، مەركىزى ئاسىيانى جەنۇپ ۋە شىمال تەرەپتىن ئەگىپ ئۆتىدىغان بولدى. مەركىزى ئاسىيادا يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلىق كۈچەيگەنلىكتىن، ئىقتىساد

ۋە مەدەنىيەتتە ناھايىتى تېز خاراپلىششقا قاراپ ماڭدى».

ئامېرىكىلىق ئاتاقلىق تارىخشۇناس ستاۋرىئانۇس ئەپەندى دۇنيا تارىخىدىن يەكۈن چىقىرىپ ‹‹ دۇنيانىڭ ئومۇمى تارىخى ›› ناملىق كىتابىدا ” دۇنيا تارىخى ئىسپاتلىدىكى بىر ئىجتىمائى گۇرۇھنىڭ مەدەنىيەتتە تەرەققى قىلىشى ئۇنىڭ خوشنىلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلالىغان قىلالمىغانلىقى بەلگىلەيدۇ. بىر ئىجتىمائى گۇرۇھ ئېرىشكەن ھەر خىل كەشپىياتلارنى باشقا ئىجتىمائى گۇرۇھلارغا تارقىتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بېرىش كېلىش قانچە كۆپەيسە ئۆز ئارا ئۆگىنىش پۇرسىتىمۇ كۆپىيىدۇ. ئومۇمەن ، مەدەنىيەتتە ئەڭ ئىپتىدائى ھالەتتىكى قەبىلىلەرمۇ ئۇزاق جەرياندا بىرخىل ياشىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار خوشنا قەبىلىلەرنىڭ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىدىن پايدىغا ئېرىشەلمىگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا باشقا جۇغراپىيىلىك ئامىللارغا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيا ـ تىدىكى ئاچقۇچ مىللەتلەر ئارىسىدىكى يېقىنلىششقا باغلىق. باشقا مىللەتلەر بىلەن ئۆز ئارا تەسىر كۆرسەتكەن ئەشۇ مىللەتلەر غايەت تەرەققىياتلارغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتى ئىنتايىن زور . ئەمەلىيەتتە ، ئۇلارنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققى قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ دۇچ كېلىدىغىنى تەرەققىيات پۇرسىتى بولۇپلا قالماستىن يەنە شاللىنىش بېسىمىدۇر. ناۋادا ئۆز ئارا تەسىر پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تەرەققى قىلمىسا چۇقۇملا ئاسلىماتسىيە بولىدۇ ياكى يوقۇلۇش خىرىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەكسىچە بىرخىل ھالەتتە ياشىغان مىللەت سىرتتىن كېلىدىغان ئىنىرتسىيىگە ئېرىشەلمىسە ، يەنە خەۋپ ـ خەتەر بولمىسا شاللىنىش بېسىمۇ ئۇلار ئۈچۈن مەۋجۇت بولمىسا ئۇلار ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە نەچچە مىڭ يىل ياشايدۇ“. ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىمۇ يۇقارقى قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

بۇ چاغدا شىنجاڭدىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئەھۋالمۇ بۇنىڭغا ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ مۇسۇلمان شەرق دۇنياسى خاراپلىششقا يۈزلىنىپ بۇرۇنقى مەدەنى گۈللىنىش پۈتۈنلەي تۈگەشكەن، بۇرۇنقى ئىلىم پەن گۈللىنىشى ئاخىرلىشىپ خۇراپىلىق ۋە مەزھەپچىلىك كۈچىيىپ تەپرىقى ھاكىميەتلەر كۆپەيگەن، ئۆز ـ ئارا نىزالار كۆپىيىپ ئېگىلىك ۋە خەلق تۇرمۇشى خاراپلاشقان. ياۋروپادا بولسا ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ ئىسلاھات، رىقابەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، تەبئى پەن، ئىجتىمائى

پەنلەردە ۋە سانائەتتە يېڭى بۆسۈش بولۇۋاتقان ۋە سانائەت، يېزا ئىگىلىگى تەرەققى قىلىپ ماشىنىلىشىۋاتقان بولۇپ ئۇچقاندەك تەرەققى قىلغان ئىدى. بىز بولساق بۇلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ھالدا " قۇدۇقنىڭ تېگىدىكى پاقىدەك" ئاسمان مۇشۇ دەپ، يۈرۈۋاتاتتۇق. نەتىجىدە ئىنسانلار تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى« ئۇچار گىلەم» ، «ياغاچ ئات» تا ئەكس ئەتكەن ھاۋا قاتناش ئارزۇلىرىمۇ شۇ بويىچە چۆچەك بولۇپ قېلىۋەردى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىلىم بىلەن كۆككە چىققىلى بولىدىغانلىغى، قول بولسىمۇ ئىلىم بىلەن ئازاتلىققا ئېرىشەلەيدىغانلىغى ھەققىدىكى چاقىرىقلىرىمۇ بىزنى ئويغىتالمىدى، بىز ئەسىرلەرنى ئىشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزۈپ كەلدۇق، ئىشەك ھارۋىسنى ئالاھىدە قاتناش قورالى، كالا بىلەن ساپاننى ئىشلەپچىقىرىش قورالى قىلىپ ئەسىردىن ئەسىرگە كۆچۈپ كەلمەكتىمىز. ئۆزىمىزنى بىكىك ھالەتتە ساقلاپ كەلگىنىمىز ئۈچۈن ياۋروپا ئەللىرىنىڭ جۇملىدىن پەرەڭ ۋە ئورۇس، جوھوت – ئەجنەبىلەرنىڭ قانداق تەرەققى قىلغىنىنى پىسەنتىمىزگە ئالمىدۇق، ۋەلسىپىت ياسسا "شەيتان ھارۋا" دەپ ئاتىدۇق، مۇشۇ ئەسىردە ھەتتا ئايرۇپىلانغا «نىمە دىگەن چوڭ قۇش بۇ دەپ دان چاچقان» لىغىمىز نىمنى ئىسپاتلايدۇ؟

## 5 .مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتتىن تارلىقتا يۈزلەنگەن

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركى خەلقلەر ياشاپ كەلگەن ئانا ماكان بولۇپ ئۇلارنىڭ ئەل فارابى، مۇھەممەت خارەزمى، مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، جامال قارشى، ئەھمەت يۈكنەگى، ئىمائىددىن كاشغەرى، سىڭقۇ سەلى تۇتۇك ... كەبى بىرمۇنچە پەيلاسوپ، ئەدىپ- ئالىملار ياشىغان بولۇپ ماتىماتىكا (ئەلجەبىر)، ئەدەبىيات، ئىلمى كىميا، ئىلمى مەنتىق، ئىلمي نۇجۇم، پەلسەپە، تىبابەت، ناخشا-ساز قاتارلىق ساھەلەردىن خېلى ياخشى ئىلمي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. موڭغۇللار دەۋرىگە كەلگەندە ئالىملىرىمىزنىڭ ئىلمي ئەمگەكلىرى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بىلەن ناھايىتى كەڭ دائىرىگە تارقىلىپ ئۆزىنى نامايەن قىلدى ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. مەسىلەن: ئەدىپلەردىن سەئدۇللا، سەۋىنچ ھىيا،

مازۇچاڭ، شۇئاڭفۇلارنى، يېزا ئىگىلىك ئالىمى تۆمۈر تۆبرۈك (لۇ مىڭسەن)، ئۇزۇۋلقلۇقشۇناس قۇسقۇي، يېزىقشۇناس تاتاتۇڭا ۋە چوسگىخودرىز، تەرجىمان ئەنتساڭ ۋە بىلاناشىل، سىياسىئون لىئەن شىشەن، ئەھمەت، ئۆمەر، ئاستۇرنوم جامالىددىن، بىناكار ئەختەرىدىن، ياراغشۇناس ئالاۋىددىن ۋە ئىسمايىل، رەسسام گاۋكۇكۇن، ئالىملاردىن چىنشىمىڭ ۋە شەمسىددىن، دېڭىزچى يىغمىش، تارىخشۇناس لىئەنخۇيشەن... قاتارلىقلارنىڭ تۆھپىسى سۆزىمىزگە دەلىل بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا باشقىلارنىڭ ئىلغار ئىلىم ۋە تەخنىكىلىرىنى ئۆگىنىۋېلىش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ ئىلغار نەرسىلىرىنى خوشنا ئەللەرگە ئۆگەتكەن. تۆمۈر، كۆمۈر، مىس، بۇغداي، پاختا ... لارنىڭ شىنجاڭدا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن بالدۇر بولىشى، خەنزۇ تىلىدىكى تۆمۈر سۆزىنىڭمۇ تۈركى تىلىدىكى تۆمۈردىن قىسقىراپ 铁 بۇلۇشى، يۇقارقى تەخنىكىلارنىڭ شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرىگە تارىلىشى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قانداقتۇر ئەكىلىشىپەرۋەر مىللەت بولماستىن، باشقىلار مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان ھەم ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى باشقىلارغا تەغدىم قىلالايدىغان مىللەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەمما ئۇيغۇر جەمئىيىتى 16 ـ ئەسىردىن باشلاپ سوپىزىمنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىدى، سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئادالەتلىك سۇلتانى سەئىدخاندىن باشلاپ خانلارنىڭ سوپىلارغا مۇرىت بۇلۇشى تۈپەيلىدىن خوجا ـ ئىشانلار رايۇنىمىزدا ناھايىتى تېز كۆپەيدى، مۇرىتلىرى كۆنسىرى ئاشتى. تەسىر دائىرىسى زورايغان سوپىلار قۇرئان، ھەدىس ۋە سوپىلىق كىتاپلىرىدىن باشقا بارلىق مەدەنىيەتنى چەكلىشى ھەم بۇ خىل تەقىپنىڭ ئۇزۇن داۋام قىلىشى ئۇيغۇر خەلقىنى مەڭگۇ تولدۇرۇپ بولمايدىغان زىيانلارغا گىرىپتار قىلدى. ئۇيغۇر خەلقى سوپىلارنىڭ دەھشەتلىك روھى قۇل قىلىشى، ئۇلارنى غالىبىيەت يولىغا، ھۆرلۈككە باشلايدىغان ئىلىم يولىدىن مەھرۇم قىلىشى بىلەن ئۇلار روھى قۇللۇقتا چۈشۈپ قالدى. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مىللەت روھى يۇقۇلىدىكەن شۇ مىللەت يوقالماي قالمايدۇ، ئۇيغۇر روھى يۇقالغىنى ئۈچۈن ئۇيغۇر مىللىتى ئەۋۋەل جوڭغارلارغا ئاندىن چېرىك چىڭ سۇلالىسىغا ئات ـ ئىشەك ئورنىدا ئىشلىدى.

سوپىلار ئۆزلىرىنى ئاللا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، ئىسلام ئەقىدىلىرىگە مۇخالىپ ئىش قىلىپ، ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پۈتمەس، تۈگىمەس

ۋەيرانچىلىق ۋە خارلىق ئېلىپ كەلدى. ئۇلار مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى بۇزۇپ، مەدەنىيەتنى مەڭگۈلۈك يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن تىرىشتى. مەكتەپ مەدرىس ـلەرنى سوپىزىملىق پائىلىيەت سورۇنلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، ساپ ئەقىدىلىك ئۇيغۇر خەلقىنى روھى قۇللارغا ئايلاندۇردى. سوپىلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ۋە قورچاق ھۆكۈمدار بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردا قۇرئان ۋە ھەپتىيەك بىردىنبىر ئوقۇشلۇقتا ئايلاندى. قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىمۇ سوپىزىم ئىدىيىلىرى بويىچە تەپسىرلەندى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەنى سوپىلار تەختتىن چۈشكەن ئەمما تەسىرى يەنىلا چوڭقۇر بولغان چاغلاردا مائارىپ ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، ئەمما ئىجتىمائى پەنلەر مۇتلەق ئاساسى ئورۇننى تەشكىل قىلدى. تەبىئى پەنلەر ۋە تېخنىكىلار (ھۈنەر سەنئەت) ئاساسەن ئۇنتۇلدى، ئوقۇتۇش دائىرىسى بەكمۇ تار بولۇپ قالدى. نەشرىياتچىلىق، باسما ئىشلىرىمۇ ئۇنتۇلۇپ قولدا كۆچۈرۈدىغان قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. شۇ دەۋىر ئىجتىمائى جەمئىيىتىگە نەزەر سالساق پەقەت شائىر، تەرجىمان، تىۋىپلەرلا يېتىشىپ چىقتى، ھۈنەر سەنئەت يەنىلا ناتۇرال ئىگىلىك باسقۇچىدا تۇرۇپ قالغىنى ئۈچۈن ھېچقانداق تەرەققىياتقا ئېرىشەلمىدى. ھۆكۈمران چىڭ سۇلالىسىمۇ ئەسلىدىنلا قالاق بىر مەدەنىيەتنىڭ ۋەكىلىگە ئايلانغىنى ئۈچۈن ئۇلارمۇ ئۇيغۇر خەلقىگە ھېچقانداق بىر مەدەنىيەت ئاتا قىلالمىدى، ئەكسىچە ھۆكۈمرانلىغىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا پايدىلىق توڭچى (تەرجىمان) يېتىشتۈر ـىدىغان مەكتەپتىن بىرقانچىنىلا ئاچتى. شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلاردا تەسىر قىلغۇدەك، ئۇلاردا ئويغۇنۇش پەيدا قىلغۇدەك بىرەر مەدەنىي تەرەققىيات، يۈكسىلىش بولمىغىنى ئۈچۈن خوشنىلىرىمۇ ئۇيغۇرلارغا ھېچقانداق ئىجابى تەسىر ئاتا قىلالمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن مۇسۇلمانلار دۇنياسى خارابلىشىپ، چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن بولۇپ ئۇيغۇرلار ئاساسەن ئەنە شۇ ئىسلامىيەت دۇنياسى بىلەن ئالاقە قىلاتتى، ئۇيغۇرلارغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكۈدەك بىرەر ئىلغار مەدەنىيەت ئۆز خوشنىلىرى ئارىسىدا بولمىغىنى ئۈچۈن دوكتۇر ئەسەد سۇلايمان ئېيتقاندەك " ئەسھابۇل كەھەب" ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان ئىدى. "تەغدىر تۇغۇلۇشتىنلا پىشانىسىگە يېزىلغان بولىدۇ" دەپ قارىغان خەلقىمىز ھەممىنى خۇدادىن، مازار ماشايىقلاردىن ئاھ ئۇرۇپ ئىزلەيدىغان روھ چىرمىۋالغان بولۇپ، "يارىتىش مېنىڭدىن يارىلىش ئۆزۈڭد ـىن" نى ئۇنتۇغان ئىدى، "جەننەت قىلىچ سايىسىنىڭ ئاستىدا" دىگەننى

چۈشەنگەنۇ جەننەتنى قانداق ھالدا قۇرۇشنى بىلمىگەن.

ئۇيغۇر خەلقى پۈتۈنلەي ئەنە شۇنداق چۈشكۈن، قالاق دۇنيا مۇھىتىنىڭ ئىچىدە بۇلۇپ غەرپنىڭ يېڭى مەدەنى مۇۋەپپەقيەتلىرىدىن پەقەت 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى توغرىراقى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خەۋەر تاپتى **ۋە«** ... بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىدۇر! جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس ئىلىم- پەن دەۋرىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكارلىق دەۋرى ئەمەس تىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم مەرىپەت سايىسىدە ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يۇقۇلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر !ھېلىھەم ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار... » دەپ چۇقانلار سالدى. 20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىغا كەلگەندە ئاندىن بۇ ھالەت ئۆزگىرىشكە باشلىدى. خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇرلار 1600- يىلدىن 1900- يىلغىچە بولغان 300 يىل جەريانىدا تۆرلۈك قىسمەتلەرگە دۇچار بۇلۇپ مەدەنىيەتتە چېكىنىپ كەتتى، بۇرۇنقى جەڭگىۋارلىغىنى يوقاتتى. ئەمما ئۇ ئۆتمۈش، ھەرگىزمۇ ھازىر مەدەنىيەتتە ئالغا باسالماسلىغىمىزنىڭ سەۋەبى ئەمەس، ھازىر مەسئۇلىيەتنى ئۆلاردىن ئىزلەش ئۆز مەسئۇلىيتنى باشقىلارغا ئىتتىرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، لېكىن تارىخى ساۋاقلارنى قۇبۇل قىلىشىمىز ، سەۋەنلىكلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئۇنى تۈزۈتىشىمىز لازىم. ئەمدى، مانا ئىنسانىيەت 21- ئەسىرگە ئۆزىنىڭ تۈرلۈك يېڭىلىقلىرى بىلەن زامانىۋىلىشىپ كىرىسمۇ بىز تولىمۇ تۆۋەن ئاڭدا مەس ۋە ئەلەڭ- سەلەڭ ھالدا، كۆپىمىز ئىشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ كىرىپ كەلدۇق، بىز داۋاملىق مۇشۇنداق يۈرسەك ئەۋلاتلىرىمىز بىز توغرىلىق نىمە دەپ يەكۈن يازار تارىخ بېتىگە؟

# تاش ۋە تارىخ

**(مەمتىمىن ئەلا )**

**(مەڭگۈ تاشلار ھەققىدە پەلسەپىۋى يازما)**

تاش دۇنيادا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان جىسىمدۇر. ئۇ ھەممە يەردە تېپىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمايدۇ. ئۇنىڭ قارىماققا قاتتىقلىق، چىڭلىق ۋە چىدامچانلىقتىن باشقا ھېچ قانداق ئالاھىدە خىسلىتى يوقتەك بىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ئالاھىدىلىكى دەل ئۇنىڭ ناھايىتى ئاسانلا ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: ئۆزىنى تاشقى دۇنيادىن توختاۋسىز يوسۇندا كېلىپ تۇرىدىغان ئەرزىمەس ۋە كېرەكسىز سەزگۈ ئۇچۇرلىرىدىن قوغداش ئىنسان مېڭىسىنىڭ نۇرغۇن فۇنكسىيىلىرى ئىچىدىكى مۇھىم بىرىدۇر. بۇ خىلدىكى ئۇچۇرلارغا ـ مەسىلەن، تاشقا ئوخشاش ناھايىتى ئادەتتىكى جىسىملارغا ئالاقىدار سەزگۈ ئۇچۇرلىرىغا ـ دىققىتىنى بەرمەسلىك مېڭىنى ئۇچۇرلارنىڭ چەكسىز زەنجىرىنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلايدۇ؛ ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، ئىنسان ئېڭىنىڭ يېپىقلىقى تەھلىكىگە ئۇچرايتتى، نەتىجىدە ئۇنىڭ تاشقى دۇنيادىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ھالىتى ـ ئىچكىيلىك بىلەن تاشقىيلىقنىڭ پەرقى ـ يوقاپ كەتكەن بولاتتى .

ئاڭنىڭ ئۆزىگە خاس تىرەنلىكى بار ياكى ئۇ ئىنساننىڭ ئىچكىلىكىنىڭ كۆرۈنمەس ۋە ماددىسىز تىرەنلىكىدۇر؛ ئۇ سۇبيېكتىپلىقنىڭ بىر پۈتۈنلۈك، مۇستەقىللىق ۋە يەككىلىك ئارقىلىق پاسىللانغان تىرەنلىكىدۇر. ئاڭ ئىچىدىن بوغنۇققان بولماستىن، تاشقي دۇنياغىمۇ يۈزلەنگەن بولىدۇ؛ بۇنىڭدا سەزگۈ ئەزالار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان سەزگۈلەر ئىچكىلىك بىلەن تاشقىلىقنى تۇتاشتۇرغۇچى ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ ئىچكىلىك بىلەن

تاشقىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى ئاددىيلاشقان چۈشەندۈرۈلىشىدۇر، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ تاشقى دۇنيا، باشقا سۇبيېكتلار ۋە ئۆزىمىز بىلەن بولغان مۇرەككەپ مۇناسىۋەت جەريانىغا ئاڭ تەرىپىدىن تاللانغان خاتىرىنىڭ (ئەسلىمىنىڭ) قاتنىششىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان. ھېنرى بېرگسوننىڭ قارىشىچە، ئاڭ ئىنسان بەدىنى ئارقىلىق ھازىر ئارتقۇرۇلماقچى بولغان ھەرىكەتلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان خاتىرە ئوبرازلىرىنى قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدىن تاللايدۇ①. بۇ ئاڭنىڭ ناھايىتى ئۆزگىچە بولغان فۇنكسىيىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاڭ ھەر ۋاقىت رېئاللىقتا بىز ئېھتىياجلىق بولغان تەجرىبىلەرگە ئالاقىدار بولغان بارلىق ئەسلىمىلەرنى شۇ ھامان بىزنىڭ ئىچكى سەزگۈمىزگە يوللاپ تۇرىدۇ. ئادەمنىڭ تەجرىبىسىنىڭ ئىچىدە گەرچە (ھازىر) دا ئېرىشىلگەن تەجرىبە ئەڭ چىن ۋە ئەڭ رېئال تەجرىبە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۆپ ھاللاردا ئۆتمۈش توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەر بىلەن بىز سېزەلمىگۈدەك دەرىجىدە بىرىكىپ كېتىدۇ. ئادەم ھازىردىلا ئەمەس بەلكى ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنىڭ توختاۋسىز مۇناسىۋەتلىنىشىش نۇقتىسىدا ياشايدۇ (ئەلۋەتتە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئادەمنىڭ ھازىر) دىكى تەجرىبىسىگە كەلگۈسىنى قىياس قىلىش ۋە كۈتۈش شەكلىدىكى سەزگۈلەشمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. يەنى ئادەمنىڭ ھازىرقى مومېنتلىق سەزگۈ- تەجرىبىسىگە ئۆتمۈشتىكى ئەسلىمە بىلەن كەلگۈسىنى غۇۋا قىياس قىلىپ مېڭىش سەزگۈلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ھەربىر «ھازىر» ۋە ئۇنىڭدىكى سەزگۈلەر شۇ ھامان ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ ھەمدە يېڭى «ھازىر» سەزگۈمىزگە كىرىدۇ. لېكىن ئۆتمۈشكە ئايلانغان «ھازىر» يوقىلىپ كەتمەستىن، بەلكى ئۆزى مۇناسىۋەتلەشكەن باشقا ئەسلىمە شەكىللىرىگە خۇددى رېئاللىقتىكى ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە باغلىنىپ ۋاقىتنىچە يوشۇرۇنلۇققا ئۆتىدۇ. ئەگەر بۇ ئەسلىمىلەر بىزنىڭ ھازىرقى تەجرىبىمىزگە ئالاقىدار بولسا، ئاڭ ئۇنى شۇ ھامان بىزنىڭ دىققىتىمىزگە ئېلىپ كېلىدۇ ــ ئەسلىمە مۇشۇ شەكىلدە ھازىردىكى تەجرىبىلەرگە تەكرار- تەكرار قاتنىشىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى ئېھتىياجىمىزغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان باشقا خاتىرە ئوبرازلىرى كۆپ ھاللاردا ياكى ۋاقىتلىق بېسىپ تۇرۇلغان بولىدۇ. تاشنىڭ خاتىرە ئوبرازى، مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، خاتىرىنىڭ ناھايىتى يوشۇرۇن ۋە ھەتتاكى ئۇنتۇلغان بوشلۇقىدا ساقلانغاچقا، ئۇنىڭ ئەسلىنىشى ۋە شۇ ئارقىلىق رېئاللىققا قايتا قاتنىششى سىرتقى دۇنيادىن كېلىدىغان مۇۋاپىق

ۋە كەلگۈسىگە يۈزلىنىدىغان ئۇچۇرنىڭ غىدىقلىشىغا موھتاج. خۇددى ئانچە مۇھىم بولمىغان باشقا جىسىملارنىڭ خاتىرە ئوبرازلىرىغا ئوخشاش، تاشنىڭمۇ خاتىرە ئوبرازى كۆپ ھاللاردا پراگماتىك مېڭىنىڭ سىرتىدا قالىدۇ .

«تاش قوراللار دەۋرى» دىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، تاش ھاياتلىقنىڭ كاپالىتى بولۇپ، ئۇ ھاياتنى پاناھگاھ ۋە ئوت بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق ئاۋۇندۇراتتى، گۈللەندۈرەتتى ۋە ساقلاپ ماڭاتتى. بۇ يەردە بىز تەبىئەت بىلەن مەدەنىيەتنىڭ بىر- بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ناھايىتى مۇرەككەپ مۇناسىۋىتىگە شاھىت بولالايمىز: تەبىئەتتىكى ئەڭ تەبىئىي جىسىم بولۇش سۈپىتى بىلەن، تاش ناھايىتى كۈچلۈك مەدەنىيەت مەنىسىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن. كۆپ ھاللاردا ئېيتىلىدىغىنىدەك، مەدەنىيەت ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ تەبىئىيلىكىنى (تەبىئەتكە تەۋە بىر جانلىق بولۇشىنى) ئۆزگەرتىشى، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىشى ۋە ھەتتا ياتلىشىشى ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ دەپ قارالسىمۇ، تەبىئىيلىك ياكى تەبىئەت كۈلتۈرغا ئارىلاشقان ھالەتتە بولىدۇ. دېمەك، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى قېلىن پاسىل تارتىش ھېچ بولمىغاندا بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان نۆۋەتتىكى تېمىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، شۇ نەرسە بىزنى ھەيران قالدۇرمايدىكى، قەدىمدىن بېرى كۆپ خىل كۈلتۈرلارنىڭ ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئىدىيئاللاشقان ۋە يۈكسەلگەن شەكىللىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز ئىزناسىنى تاش ئارقىلىق ياكى تاشقا قالدۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمىغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بارلىق مەدەنىيەتلەر دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ سەلتەنىتىنى ئىنساننىڭ خاتىرىسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇرلىرىغا ئەسلىمە شەكلىدە قالالايدىغان قاتتىق، چىدامىلىق ۋە ئۇيۇل جىسىم بولغان تاشقا ئويغان. تاشنىڭ ئۆزگەرمەس يۈزى كىملىكنىڭ (سالاھىيەتنىڭ) ـ ئۆزلۈك ئوخشاشلىقىنىڭ ـ ۋەدىسى بوپ كەلدى. ئىنسانلار تەرتىپسىز ھالەتتىكى تاشلارغا تەرتىپ ئېلىپ كېلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ گارمونىيىلىك، داۋامىي ۋە تىنچ ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشىنى ئىپادىلەپ كەلدى. سەنئەتنىڭ ئەقەللىي قانۇنىيەتلىرىدىن بولغان گارمونىيىلىك ماسلىشىشچانلىق (سىممېترىك قۇرۇلما) تاشتىن قوپۇرۇلغان بىناكارلىق ۋە گۈزەل سەنئەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بۇ تەرتىپ ئارقىلىق ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئېپتىخارلىنىشى، ئىشىنىشى، قورقۇنچى ۋە غايىسىنى ھېس قىلدى. بەرجەس قامەتنى يارىتىشقا زۆرۈر بولغان ناھايىتى ئىنچىكە تۇيغۇ، ئۆلگىيىۋاتقان كۈچكە بولغان تەلپۈنۈش، مەڭگۈلۈك ھاياتقا بولغان توختاۋسىز

ئىستەك قاتارلىقلار تاش سەنئىتى ئارقىلىق ماددىيلاشتۇرۇلدى ـ تاشقىيلاشتۇرۇلدى. تاش سەنئىتى ئۆزىنىڭ تۇرگۈن جىسمىدا ئىنسانىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك قوزغىلىشى بولغان ھاياتلىق ئىرادىسىنى ئېلىپ ماڭدى. يىغىپ ئېيتقاندا، تاش قەدىمدىن ھازىرغىچە ھەممە ئەلدە، ھەممە ۋاقىت ئىنسان بىلەن تىنىقداش بولۇپ كەلدى: پىچىرلاپ ئېيتىلغان دۇئالار قەدىمكى ئىبادەت ـ خانىلارنىڭ قالدۇقلىرىدىن ھېلىھەم ئەكس سادا قايتۇرۇپ، تاشلىشىتىلگەن قورغانلار يۈكسەك تەنھالىقنىڭ قىزغىنلىقىغا چۆمگىنىچە جىممىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇردى؛ تاشقا ئايلانغان ئادەم بەدىنى ۋاقىت يوقىتىۋېتەلمىگەن ھارارىتىنى سۈس تارىتىپ كەلدى؛ بۇزۇلغان ھەيكەل ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى گۈزەللىكىگە ئۆزگە تىكىلگەن ئادەمنىڭ نەزەرى ئارقىلىق قايتىدىن ھاياتلىق ئاتا قىلىشقا تىرىشتى ...

ۋەھالەنكى، تاش ساقلانغىلى بولمايدىغان زىتلىققا ئىگىدەك قىلىدۇ: ئىلگىرى ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، ئەڭ ئەرزىمەس جىسىم بولۇشىغا قارىماي، تارىخنىڭ ئەڭ تىرىك ۋە ئەڭ مۇھىم قىسمى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلىنغان ۋە ساقلانغان. گەرچە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كەتكىلى بولسىمۇ، ئەسلىمە بەزىدە ئۇ ئارقىلىق ئۆتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تەسىراتىنى ئادەمگە ئېغىر، قارشى تۇرغۇسىز ۋە ئۇزاققا سوزۇلغان ماتېرىيال بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن قالدۇرىدۇ. تاشنىڭ سوغۇق كەلگەن كۆرۈمسىز ماتېرىياللىقى ھەم ئۇنتۇلىدۇ ھەم ئۇنتۇلمايدۇ: بۇنىڭ تۈپكى سەۋەبى ئۇنىڭغا ئىمزادەك ئۇرۇلغان قىممەتتۇر. ئۇنىڭغا ئويۇلغان ھەر بىر خەت ۋە شەكىل دەل تارىخنىڭ ئىمزاسىدۇر ـ ئۇنىڭدا ھەقىقىيلىق ۋە ئەسلىلىك بار. ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يوقالماي داۋاملىشىشى كېرەك بولغان قىممەت بەزىدە تاشقا ھاۋالە قىلىندى، چۈنكى تاش ئەۋلاد بىلەن ئەجداد ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۆلىيالايدۇ. ئۇ سۇلالىلەردىن ھالقىيالايدۇ ۋە تارىخ بىلەن بىللە ئۆرە تۇرالايدۇ. ئۇ ۋاقىتنى «توختىتىپ» قويالايدۇ. ماكانى بولسا پىرىسلاپ، خۇددى تارىم ئويمانلىقىدىن يىقىندا قېزىۋېلىنغان مومياغا ئوخشاش ئابىدىگە ئايلاندۇرىۋېتەلەيدۇ. تاش قاتتىق ھەم ئۇزاق ياشايدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆزىگە ئارتقۇرۇلغان قىممەتلەرنىڭ ھەممىسىنى يۈكسەلدۈرىدۇ ۋە ئۇزاققا ئېلىپ ماڭىدۇ .

ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ تاشنىڭ قىممىتى ۋە مەنىسىنى چۈشىنىشى ئوخشىمايدۇ. دۇنيادىكى قەدىمي مەدەنىيەتلىك

مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇرلار تاشقا قارىتا ناھايىتى سېزىمچان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەت قۇرغان. بۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ باي مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن، مىمارچىلىقىدىن ۋە باشقا سەنئەتلىرىدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. تاشنىڭ ئۇيغۇرلار ھاياتىدا ئالاھىدە فۇنكسىيە ئارتقۇرۇشى ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەسلىك قارىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ مۇقەددەسلىك ئالدى بىلەن ئۇلار قوغداپ قالماقچى بولغان ۋە تاكى قىيامەتكىچە داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قىلغان قىممەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدىكى مۇقەددەسلىك ئېڭىنىڭ ئىپادىسى بولغان مەڭگۈ تاشلار بىزنىڭ ئۇلارنىڭ روھىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇرلىرىدىكى بىزگە ھازىرغىچە ئايان بولمىغان ياكى نەزەردىن ساقىت بولۇپ كېلىۋاتقان ئامىللارنى چۈشىنىشىمىزدىكى ئالتۇن ئاچقۇچتۇر. مۇھاكىمىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ھاياتىدا مۇقەددەس دەپ قارالغان تاشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت ۋە ھاياتلىق ئېڭىدا تۇتقان ئەھمىيىتىنى تەھلىل قىلىشتىن باشلىنىدۇ .

تارىخ دېگەن نېمە؟ بۇنىڭغا بىرىلگەن، بېرىلىۋاتقان ۋە بېرىلىدىغان جاۋابلارنىڭ خىلمۇ خىللىقى، مۇرەككەپلىكى ۋە بەس ـ مۇنازىرىگە تولغانلىقىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا نۆۋەتتىكى مۇھاكىمىنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبلىك تۆۋەندىكى بايانلار ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ تەھلىلىنى كونترول قىلماقچىمەن. تارىخ ناھايىتى تار دائىرىدىن ۋە ھازىرقى مۇھاكىمىنىڭ لوگىكىلىق تەرەققىياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھادىسىلەرنىڭ جەريانلىرىنىڭ يۈز بېرىشى، ئەسلىنىشى (ئۇنتۇلۇشىنىمۇ) دىن ئىبارەت مۇرەككەپ بىلىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەممىگە ئايان تەبىردۇر. شۇنى تەكىتلىمەكچىمەنكى، ئونتولوگىيىلىك مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تارىخ مۇئەييەن ماكان ۋە زاماندا يۈز بەرگەن ئىنسان پائالىيەتلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بولغان ئەسلىمىنىڭ ــ ئەسلىمىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنىڭ ــ سىستېمىلاشتۇرۇلغان شەكلىنىڭ ئۆزىدۇر. خۇددى ئادەمسىز پائالىيەت بولمىغاندەك، ئەسلىمىسىز تارىخمۇ بولمايدۇ. بىز ئەسلىمە ئارقىلىقلا ئۆتمۈشتىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە كەلگۈسىدىمۇ داۋاملىشىدىغان سۇبيېكتىمىزنىڭ ئوخشاش كىملىكتە بولالىشىنى ساقلاپ قالىمىز. (خاتىرىسىز ئاڭنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغىنىدەك، ئاڭقىرىلمىغان خاتىرىسىز كىملىكنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى

كىملىك ۋە ئۇنىڭ بىردەكلىكى خاتىرىنىڭ بىردەكلىكى، بىر بىرىگە باغلىنىشى ۋە بىر پۈتۈنلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ. ۋەھالەنكى، خاتىرىنىڭ بىردەكلىكى بولسا ئاڭنىڭ، يەنى مۇئەييەن شەخسكە تەۋە بولغان يەككە ئاڭنىڭ بىردەكلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ.) يەنە شۇ ئەسلىمە ئارقىلىق هادىسىلەرنى ۋاقتىنىڭ ھېچنېمىگە پەرۋاسىز ئېقىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇلارنى ۋەقەلىك سۈپىتىدىكى تارىخ سۈپىتىدە بايان قىلىمىز. دېمەك تارىخ تىرىكلەرنىڭ ئۆلگەنلەر ئۈستىدىن يازىدىغان گۇۋاھلىقىدىدۇر. تارىخ هادىسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ سۇبىيېكتىنىڭ ئىرادىسىنىڭ ھەم قاتنىشىشى ھەم قاتناشماسلىقى ئارقىلىق بوشلۇقتا ــ ماكان ۋە زامان بوشلۇقىدا ــ «ئايان بولۇشى»، «ئاشكارىلىنىشى» ۋە «ئېچىلىشى» دۇر .

ئۇزۇپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، سۇبيېكتىپلىق ھەر زامان هادىسىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ سەۋەبكارى ۋە باشلىغۇچىسى ئەمەس؛ دەل ئەكسىچە، هادىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى سۇبيېكتىپلىققا ئۆزىنىڭ كۈچى، تاسادىپىيلىقى، «هازىر بولۇشى» ۋە زىلزىلىسى ئارقىلىق يۈز بېرىدۇ. ئادەم ھەر زامان ئۆز بېشىغا كېلىدىغان كەچمىشلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبكارى بولالمايدۇ، باشقا هادىسىلەر دۇنيادىكى هادىسىلەرنىڭ ئىچىدىكى يېگانە هادىسە سۈپىتىدىكى ئادەم مەۋجۇتلۇقى ئارقىلىق ئۆزىنى مەۋجۇتلايدۇ ــ هادىسە ئادەم ئارقىلىق ئەمەس، ئادەمگە يۈز بېرىدۇ .

ئەمدى ماقالىمىزدىكى مەركىزىي مەسىلىگە قايتىپ كېلەيلى. مەڭگۈ تاشلارنى قوپۇرۇشنىڭ ئونتولوگىيىلىك ئەھمىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ هادىسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئۇيغۇرلاردا روي بېرىشىدىكى ئەڭ تىرىك پۈتۈكتۇر ــ ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيەت تارىخى ھەققىدىكى تاش پۈتۈكتۇر، چۈنكى ئۇنىڭدا بۇ مەۋجۇتلۇقنىڭ قانداق «ئايان بولغانلىقى» «ئايان قىلىنغان» . ئۇنىڭ بىز تۆۋەندە تەتقىق قىلماقچى بولغان ئۈچ خىل مەنىسى بار. بۇلار ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ ۋە هازىرقى ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر .

ئۇنىڭ بىرىنچىسى شۇكى، مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىكلىنىشى دەل ئۇيغۇرلاردىكى ئۆزلۈك ـ ئېڭىنىڭ مۇستەھكەم تىكلىنىشىدۇر ــ بۇ ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى كۆرسەتسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئۆزلۈك ئېڭى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاش تەرىزدە ئاڭقىرىلمىغان (ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ بۇ خىل تەكشىسىز

ۋە پەرقلىق بولۇشىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى تارىخىدىكى سەلبىي، ھەتتاكى قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە توختالمايمەن.) شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە كەلگۈسى ھەققىدىكى ئۆزلۈك ئېڭىغا ئىگە بولۇشى كېرەك بولغان خەلققە ئاتاپ تىكلەنگەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر. شۇڭلاشقا، مەڭگۈ تاشلار «بىز» ــ «ئوزىمىز» ــ نىڭ ھازىر كىم ئىكەنلىكىمىز ۋە كىم بولۇشىمىز كېرەكلىكى بىلەن «ئۇلار» ــ «ئۆزگىلەر» ــ نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىشنى مەقسەت قىلغان پاسىلغا ئوخشايدۇ .

پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۆز بىلەن ئۆزگە ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزلۈك ـ ئوبرازى ۋە ئۆزلۈك ئويلىنىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. گېرمان پەيلاسوپى خېگېلنىڭ قارىشىچە، روھ ئۆزىگە ئۆزگىدە ۋە ئۆزگە ئارقىلىق قايتىشنى ئىزدەيدۇ: بۇ دەل ئاڭدىن ئۆزلۈك ـ ئېڭىغىچە بولغان توختاۋسىز ھەرىكەتتۇر. يەنى، ئاڭ ياكى روھ دەسلەپىدە ئابستراكت، قۇپقۇرۇق ۋە ئۇقۇملۇق بولغاچقا، ئۇ ئۆزگىگە ئارتقۇزۇلغان ھەرىكەت ئارقىلىق كونكرېتلىقتا، تولۇقلۇقتا ۋە سەزگۈلۈككە ئىگە بولۇشنى ئىستەيدۇ؛ بۇ دىئالېكتىكىلىق جەريان ئۆزلۈكنىڭ تويۇنغان شەكلىگە، يەنى ئۆزلۈك ئېڭىغا ئىگە بولۇش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.② مۇنداقچە ئېيتقاندا، روھ ئالدى بىلەن ئابستراكت ۋە قۇپقۇرۇق بولۇپ، ھېچقانداق مەزمۇنغا ئىگە ئەمەستۇر، ئۇ پەقەت ئۆزىنى دۇنيادىن ئىبارەت بۇ تاشقى شەكىلگە ئىگە قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئىچىدىن بۆلىنىپ، ئۆزىگە ئۆزى ئۆزگە بولىدۇ ــ ئۆزىنى ئۆزگىلەيدۇ. بۇ ئۆزلۈك يەنە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماكان ۋە زاماندا تاشقىيلىشىپ ئۆزىنىڭ تارىخىيلىقىنى نامايان قىلىدۇ. ئۆزىدىن ياتلىشىپ ئۆزىنى دۇنيالىقىم، يەنى تاشقى دۇنيالىق شەكىلگە ئىگە قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق تارىخىيلىقتا ئىگە بولۇش دەل روھنىڭ مەزمۇنلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن روھ ئۆزىنىڭ يەنە بىر خىل ئۆزلۈكى سۈپىتىدىكى ئۆزگە بولغان دۇنيادىن ئۆزىگە مۇنۇ تەكرارلانما شەكىلدە قايتىدۇ. روھ ← ئۆزگە ← ئۆزلۈك ئېڭى. مەسىلەن، روھنىڭ ئۆزىدىن ياتلىشىشى ئارقىلىق تاشقىيلىشىشىنىڭ ھاسىلاتى بولغان دۇنيا ئارقىلىق ئۆزىگە قايتىپ كېلىشى ئۇنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىغا ئىگە بولۇشىنىڭ ئاساسلىق جەريانىدۇر. دېمەك، ئاڭنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىغا ئىگە بولۇشى مۇقەررەر ھالدا ئۆزگىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ــ مەيلى ئۇ ئاڭنىڭ ئۆز ئىچىدىن بۆلۈنگەن ئۆزلۈك بولسۇن ياكى

ئاڭنىڭ سىرتىدىكى ئۆزلۈك بولسۇن ــ تەلەپ قىلىدۇ. ئۆزگە ئۆزى ھەققىدىكى ئاڭغا ئۆزگىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئېرىشىدۇ. مەڭگۈ تاشلار دەل مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئېڭىنىڭ ئۆز بىلەن ئۆزگىنىڭ پەرقىنى ئاڭقىرىشى ئارقىلىق ئۆزلۈك ئېڭىغا ئىگە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى مەڭگۈ تاشلار، ئۇيغۇر ئىدىيە ۋە كۇلتۇر تارىخىدىكى ئاڭ باسقۇچىدىن (ئەكس- ئەتتۈرۈشسىزچان ئاڭدىن) ئۆزلۈك- ئېڭى باسقۇچىغا (ئەكس- ئەتتۈرۈشچان ئاڭغا) كۆچۈشتەك تارىخىي رېئاللىقنى سۆزلەيدۇ .

ئەكس- ئەتتۈرۈشسىزچان ئاڭ ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەكس- ئەتتۈرۈشچان ئاڭدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ: ئۇ ئىنساندىكى فۇندامېنتال ئىقتىدار ۋە سەزگۈلەش قابىلىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ، ھەممە ئۇنىڭدا ئۆز بىلەن ئۆزگە ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئېنىق بولمايدۇ. ئەكس- ئەتتۈرۈشسىزچان ئاڭ تاشقى دۇنياغا يۈزلەنگەن بولىدۇ، ئۇنىڭدا «مەن» ھەققىدىكى ئاڭقىرىش مەۋجۇت بولمايدۇ ــ ئۇ دۇنيا ھەققىدىكى سەزگۈ ھەم ئەكس ئەتتۈرۈش، خالاس. ئۆزلۈك- ئېڭى بولسا مېنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى سەزگۈ ھەم ئەكس ئەتتۈرىشىم ھەققىدىكى ئەكس ئەتتۈرۈشتۇر: مانا بۇ يەردە «مەن» ھەققىدىكى ئاڭ بار بولغان بولىدۇ. گەرچە بۇ ئىككى خىل ئاڭ شەكلى پەرقلىق بولسىمۇ، بۇيەردە ئۇلار ئورتاق پايدىلىنىدىغان نۇقتا مەۋجۇتتۇر: ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك سۇبيېكتىپلىق پەقەت ئۆزگىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەۋجۇتتۇر. ئۆزگىنىڭ ئاللىبۇرۇن بار بولۇشى بىزنى ئۆزىمىزگە قايتۇرىدۇ؛ بىز ئۆزگە بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق ئۆزىمىزگە ئايلىنالايمىز. ياكى ئۆزگە «مەن» نىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ھەم ئايرىلماس ھەمراھ ھەم خىرىستۇر، چۈنكى ئۆزگىمۇ ئۆزىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مەندىن ئىبارەت يات ئۆزگە ئارقىلىق ئاڭقىرىدۇ .

بۇ مۇناسىۋەت مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئاۋامغا قىلغان خىتابلىرىدا ناھايىتى ئېنىق سۆزلەنگەن. مەڭگۈ تاشلارنىڭ كۆپ قىسمىدا «بىز» بىلەن «ئۇلار» ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئالاھىدە تەكىتلەنگەن بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە كۈچىيىشىدىكى ھالقىلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ئۆزلۈك كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشى ئۆز بىلەن ئۆزگە ئوتتۇرىسىدىكى تاشقىلاشقان مۇناسىۋەت ئۈستىگە قۇرۇلغان پەرقنى ئاڭقىرىشقىلا باغلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۆز بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكە يۈزلەنگەن زىددىيەت بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر. تاشقىي پەرق ئىچكى پەرقنىڭ ۋەزنىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. بۇ

يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ئىچكى بۆلىنىش ۋە پەرق ئەلۋەتتە كوللېكتىپ سۇبيېكتىپلىقىنىڭ ئىچىدە يۈز بېرىدىغان ھازىر كىم بولۇۋاتقانلىق ۋە كىم بولۇش كېرەكلىكى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا تۈگەللەنگەن. بۇ ئىچكى بۆلىنىش ماھىيەتتە ئۇيغۇر قاغانلىرى ئۆز خەلقىدىن كۈتكەن تەلەپلەرنىڭ كوللېكتىپنىڭ ئېڭىدا ئىچكىيلىشىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇنىڭدەك بۇ بۆلىنىش ئۆز نۆۋىتىدە قاغانلار تەرىپىدىن خەلقتىن كۈتۈلگەن ئەخلاقىي ۋە كۈلتۈر تەلەپلىرى بىلەن ئۇنىڭ رېئاللىشىشى ئوتتۇرىسىدى زىددىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان بۆلىنىشتۇر. ياكى بۇ «ھازىرقى مەۋجۇتلۇق» بىلەن «كېرەك» (كەلگۈسى)، قاغانلارنىڭ ئۈمىدى ـ تىلەكلىرىنىڭ ئىچكىلەشتۈرۈلگەن (قەلبتىكى) چاقىرىقى بىلەن ئىرادە، «مەن» بىلەن يەنە بىر «مەن» ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئىچكى بۆلىنىشتۇر .

بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەڭگۈ تاشلار ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ تارىخىي پۈتۈكىدۇر. كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭى «بىز» نىڭ زادى كىم ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئاڭقىرىش بولۇپ، ئۆزگىچە ۋاقىتچانلىق قۇرۇلمىسىغا ئىگىدۇر. ئۇ پۈتۈلمىشىنى، يەنى ئۇنىڭ ئېڭى كوللېكتىپنىڭ ئالىبۇرۇن بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇشىدەك مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشنى، ئۇنىڭ دۇنيادىكى ھازىرقى مەۋجۇتلۇق ئورنىنى ۋە كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن مۇمكىنچىلىكنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىدىن ھالقىشىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ۋاقىتچانلىقنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن. مەڭگۈ تاشلاردا ئۆزىنى تونۇش خاراكتېرلىك كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ئۆزگىچە ۋاقىتچانلىق قۇرۇلمىسى ئۇنىڭ ھەقىقىي تارىخىيلىقىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ۋاقىت قۇرۇلمىسىدا دۇنياغا كېلىش ئارقىلىق مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشىگە ئىگە بولۇش كوللېكتىپنىڭ ئەسلىمىسى بىلەن زىچ باغلانغان. بۇ ئەسلىمە كوللېكتىپ تەۋە كۈلتۈرنىڭ شەجەرىسىنىڭ ساقلىنىشىدۇر. شۇنداقلا ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياغا قانداق كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ئېپتىدائىي ئىشىنىش ۋە ئەپسانىلەردە ئۆزگىچە خاس ئۇسۇلدا ئىپادىلەنگەن .

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى بىلىش ۋە ئىشىنىش سىستېمىسىدىكى دۇنياغا كېلىش چۈشەنچىسى بولغان «كۆكتىن تېمىش» ۋە «يەردىن ئۈنۈش» دەل «بىز» نىڭ دۇنيادا قانداق ئاپىرىدە بولغانلىقىمىزنى سۆزلەيدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا توغرىسىدىكى ئەڭ قەدىمكى قارىشىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمىي

دۇنيا قارىشىغا كۆرە، كۈللى جانلىقلار ئەركەكلىك خاراكتېرگە ئىگە كۆك بىلەن چىشىلىق خاراكتېرگە ئىگە يەر ـ زېمىننىڭ بىرلىشىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇنىڭدا دۇنيا كۆك بىلەن يەر ـ زېمىن ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بوشلۇق بولۇپ، «بىز» مانا مۇشۇ يەردە ئاپىرىدە بولىدۇ. مانا بۇ كوللېكتىپنىڭ مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشىدۇر ـ يەنى بۇ ئۇيغۇرلۇقنىڭ مەلۇم قەۋمنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا پۈتۈلۈپ كېتىشىدۇر؛ ياكى تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ ئېيتقاندا «بىز» نىڭ ئۇيغۇرلۇقتىن ئىبارەت بۇ مەۋجۇتلۇقى «كۆكتىن تېمىشى» ۋە «يەردىن ئۈنۈشى» دۇر .

ئۇيغۇر تىلىدا «پېشانىسىگە پۈتۈلۈش» دېگەن ناھايىتى قەدىمىي بولغان قاراش بار. مەزكۇر قاراشنى ئېھتىمال ھەممە نەرسىنىڭ تەرەققىيات نىشانى ئالللىبۇرۇن مەلۇم بىر ھالقىما كۈچ (مەسىلەن، بۇ كۈچ خۇدا بولۇشىمۇ مۇمكىن) تەرىپىدىن ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن، شۇڭا ئۇنىڭدا ئەركىن تاللاش بولمايدۇ، دېگەن قاراش ئۇستىگە قۇرۇلغان كەڭ مەنىدىكى تەقدىرچىلىك نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ چۈشىنىش مۇمكىن. لېكىن بىزنىڭ بۇ يەردە توختىلىۋاتقىنىمىز كەڭ مەنىدىكى ياكى بىردەر دىنىي مەنىدىكى تەقدىرچىلىك قارىشى ئەمەس، بەلكى ئونتولوگىيە نۇقتىسىدىكى تەقدىرچىلىك، تېخىمۇ توغرىراقىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئونتولوگىيىلىك پۈتۈلمىش قارىشىدۇر. ئۇ كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭى ئاڭقىرىدىغان دۇنياغا كېلىشتىن ئىبارەت مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشنى ـ يەنى ئونتولوگىيە نۇقتىسىدىكى مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشنى كۆرسىتىدۇ. دەل مانا مۇشۇ مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشىنىڭ پۈتكۈل ئۆتمۈشى مەڭگۈ تاشلارغا پۈتۈلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا «بىت» تىن تۈرلىنىپ چىققان ۋە كېيىن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغان «پۈت» يەنى «خاتىرىلە» دېگەن بۇ سۆز كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىدا ئاڭقىرىلغان مەۋجۇتلۇق ـ ئۇيغۇرلۇق پۈتۈلمىشى بىلەن تاش پۈتۈن سۈپىتىدىكى مەڭگۈ تاشلارنىڭ بىر ـ بىرىگە جىپىلىشىش مۇناسىۋىتىنى ئايان قىلىدۇ. بۇ ئىككى ھادىسىنى ئوخشاش بىر تەڭگىنىڭ ئىككى تەرىپى دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. شۇڭلاشقا، تىلشۇناسلىق ۋە ئونتولىگىيىلىك نۇقتىدىن چىقىپ قارىغاندا شۇ نەرسە ئايان بولىدۇكى، مەڭگۈ تاشلارغا پۈتۈلگىنى ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىدا ئايان بولغان مەۋجۇتلۇق ـ ئۇيغۇرلۇق پۈتۈلمىشىدۇر. ئۇ ئۇيغۇرلۇق كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىدا ئايان بولغان مەۋجۇتلۇق ـ ئۇيغۇرلۇق پۈتۈلمىشىدۇر. ئۇ ئۇيغۇرلۇق كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ خاتىرىلىنىشى، پۈتۈكى ۋە ئىزناسىدۇر .

كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ۋاقىتچانلىقىنىڭ يەنە بىر تەركىبىي قىسمى كوللېكتىپنىڭ ھازىردا ئۆزگە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرىنىڭ قانداقلىقىغا باغلىقتۇر. بۇنىڭدا دوستلۇق بىلەن دۈشمەنلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھالىتى ھالقىلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. خۇددى گېرمان سىياسىي پەيلاسوپى كارل شمىدت ئېيتقاندەك، پۈتكۈل سىياسىي دوست بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. مەڭگۈ تاشلاردا كوللېكتىپنىڭ مەۋجۇدىيىتىدىن ئىبارەت ئەڭ رېئال مەسىلە «مەن» بىلەن «ئۆزگە» نىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ سىياسىيلاشتۇرۇلۇشى، يەنى «دوست» ۋە «دۈشمەن» مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ قارىلىشىغا زىت باشلانغان. بۇ ھەم كوللېكتىپ كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ سىياسىي پەلسەپە نۇقتىسىدىكى دەستىكىدۇر .

كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ۋاقىتچانلىقىنىڭ يەنە بىر تەركىبىي قىسمى كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن مۇمكىنچىلىكىنى ئاڭقىرىش ۋە كەلگۈسىگە ھالقىشتۇر. ھەر قانداق شەكىلدىكى ئۆزلۈك ئېڭىدا كەلگۈسىگە قاتنىشىش شەكلى بار بولغان بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئادەم ئۆزىنىڭ پۈتكۈل مۇمكىنچىلىكلىرىنى دەڭسەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزلۈكىنىڭ ھالقىشى (ياكى ئۆزلۈك ھالقىملىقى سۈپىتىدە) ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ كەلگۈسى چۈشەنچىسى تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋاقىت قۇرۇلمىسىنىڭ يادروسىدۇر. ئۆتمۈش ھازىر مانا مۇشۇ يادرو ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشقان بۇ يادرونىڭ تۈپكى مەۋجۇتلۇق ھالىتى دەل تەشۋىشتۇر. تەشۋىش، خۇددى گېرمان پەيلاسوپى مارتىن ھايدېگگىر ئۆزىنىڭ مەشھۇر پەلسەپە ئەسىرى «مەۋجۇتلۇق ۋە ۋاقىت» تا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، مەۋجۇداتنىڭ بۇ دۇنيادا بولۇشىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ھالىتىدۇر. تەشۋىشتە كوللېكتىپنىڭ بۇ دۇنيادا بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ مەۋجۇتلۇق پۈتۈلمىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى بولۇشىدىن ئىبارەت يەككىلىكى ئايان بولىدۇ؛ ئۇ ئارقىلىق كوللېكتىپ ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئورنىنى ۋە ئۆزگىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئېنىقراق تونۇيدۇ؛ ئاخىرىدا ئۇ ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى مۇمكىنچىلىكلىرىگە يۈزلىنىدۇ. دەل تەشۋىشتە كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ۋاقىتچانلىق قۇرۇلمىسى بىرلىشىدۇ، نەتىجىدە كوللېكتىپ ئۆزىنىڭ يەككىلىكى ۋە پەرقلىقلىقىنى تونۇيدۇ: ئۇ ھەقىقىي ئۆزى بولالايدۇ. تەشۋىشتە ئېچىلىدىغان كەلگۈسى ھەققىدىكى مۇمكىنچىلىكلەر

ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم مۇمكىنچىلىك، زىتلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەم يۈزلىنىدىغان مۇمكىنسىزلىكتۇر ــ ئۆلۈم. تەشۋىشتە ئايان بولىدىغان ئۆلۈم ئۆز نۆۋىتىدە ئادەمنىڭ پۈتكۈل مۇمكىنچىلىكلىرىنى ئايان قىلىدۇ، ئۇنى ئۆزى بىلەن ھەقىقىي مۇناسىۋەتتە بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۆلۈم ــ ئادەمنىڭ ئۆز كەلگۈسىگە يۈزلىنىشىدىكى قۇندامېنتال مۇمكىنچىلىكتۇر .

مەڭگۈ تاشلاردا ئېيتىلغان «شاھزادە بولىدىغان ئوغۇللىرىڭ قۇل بولدى، خانىش بولىدىغان قىزلىرىڭ دېدەك بولدى» دېگەن بۇ بايانلارغا ئۇيغۇر كوللېكتىپ ئۆزلۈك ئېڭىدا ئەكس ئەتكەن چوڭقۇر تەشۋىش يوشۇرۇنغان. يۇقىرىقى بايانىدا ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى تەشۋىشتە بۇ قوۋمنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى بىرىكىپ كەتكەن ۋە مەۋجۇتلۇقنىڭ ھايات-ماماتلىق مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. بۇ ئۇيغۇرلۇق كىملىكى ھەققىدىكى ئارامسىز ۋە ئازابلىق تەشۋىشتۇر .

مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىكلىنىشىنىڭ ئىككىنچى مەنىسى ئۆزىنى يېزىشتا (سۆزلىشىشتە ئەمەس) تاپىدۇ. سۆزلىشىش، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، دىسكورسنىڭ③ سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچىنىڭ ھەقىقەتنى تەدرىجىي ھالدا ئۆزئارا بايقىشىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ. يېزىش بولسا دىسكورسنىڭ مەلۇم ماكاندا تارقىلىشىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ، شۇنداقلا ئوقۇرمەنىنىڭ ئوقۇش جەريانىدا ئەگىشىپ مېڭىشى مۇمكىن بولغان نىشاننى بەلگىلەپ ماڭىدۇ. سۆزلىشىش پاراڭلاشقۇچى ھەمراھىنىڭ نەق مەيداندا ھازىر بولۇشىنى تەلەپ قىلسا، يېزىش يات جايلارغا كېتىدۇ، ۋە ھەتتاكى ناتونۇشنىڭ ئوقۇشىغا سۇنۇلىدۇ .

«پېئادرۇس» تا ئەپلاتون سۆزلىشىش بىلەن يېزىشنى بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى قويۇپ سۆزلەيدۇ. بۇنىڭدا «ھازىر بولۇش» بىلەن «ھازىر بولماسلىق» ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىققا كۆرە، يېزىش سۆزلىششكە بوي سۇنۇشى كېرەك. (بۇ يەردە ھازىر بولۇش سۆزلىششكە، ھازىر بولماسلىق يېزىشقا ماس كېلىدۇ.) ئەپلاتون ئىككى سۇبيېكتنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ۋە شۇ ھامانلىق خاراكتېرىدىكى ئۆزئارا ئالاقىنى يېزىشنىڭ ئورنىغا دەسستىشنى تەكىتلەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ قارىشىچە، سۆزلىشىش ئىدېئال ئالاقىلىشىشنىڭ نەمۇنىسى ـ دۇر، چۈنكى ئۇ ھازىر بولۇش كاتېگورىيىسىنى ياقلايدۇ. يېزىش بولسا مەغلۇپ بولۇشنى، تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئەپلاتون مۇنداق يازىدۇ :

«يېزىشقا ئىگە بولغانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىمىسىنى ئىشقا سېلىشنى

توختىتىدۇ ۋە ئۇنۇتقاق بولۇپ قالىدۇ؛ ئۇلار نەرسىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى بايلىقلىرىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن يېزىشقا تايىنىدۇ. سېنىڭ نېمىلەرنى بايقىغانلىقىڭ ئەسلىمە ھەققىدىكى ئەمەس بەلكى ئەسكە ئېلىش ھەققىدىكى تاپشۇرۇلمىدۇر. پاراسەتكە كەلسەك، سېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىڭ نام چىقارغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدا رېئاللىق يوقتۇر؛ ئۇلار مۇۋاپىق يېتەكلەش بولمىغان ئۇچۇرلارغا ئىگە بولىدۇ، نەتىجىدە گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنى بىلىملىك چاغلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىلىمسىزلەردۇر. ئۇلار ھەقىقىي پاراسەتكە ئەمەس، بەلكى پاراسەتنىڭ ماختانچاقلىقىغا تولغاچقا، جەمئىيەتكە يۈك بولىدۇ.»(ئەپلاتون، پېئادروس- 275 a-b - )

ئەپلاتوننىڭ قارىشىچە، يېزىش ئېلىپ كېلىدىغان خەتەر ئۇنىڭ ئالدامچىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يېزىشقا ئىگە بولغان ئادەمنى يازما سۆزنىڭ ئىچىگە ئېلىنغان تىلنىڭ خوجايىنىدەك ئويغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئىندىۋىدۇئال ئىنسان نەتىجىدە ئەسلىمىگە ئانچە تايانماستىن، ئادەمنىڭ ئەقلىنى گاللاشتۇرۇپ قويىدىغان يازما مەھسۇلاتلارغا كۆپرەك تايىنىدىغان بولىدۇ. گەرچە يېزىش تېخىمۇ كۆپرەك ۋە يۇقىرى دەرىجىدىكى ساقلاپ قېلىشنى (مەسىلەن، ئىدىيىلەرنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى قاتارلىقلارنى) بارلىققا كەلتۈرسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە يارىشا كەمچىلىكىمۇ بار: ئۇ نامۇۋاپىق ھوقۇق قۇرۇلمىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ۋە كىشىلەرنىڭ بىلىمنى ئىچكىلەشتۇرۇشنىڭ تۆۋەنلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ .

ئەپلاتوننىڭ يېزىش ۋە ئۇ ئېلىپ كېلىدىغان بىلىمدىن ئەسلىمىدىكى بىلىمنى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇشىدىكى تۈپكى سەۋەبنى ئۇنىڭ بىلىم توغرىسىدىكى تۈپكى قارىشىدىن ئىزدەش مۇمكىن. بۇ قاراشقا كۆرە ئادەم دۇنياغا كېلىپ بىلىم ئالمايدۇ بەلكى ئۇ روھنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشتىن ئاللىبۇرۇنلا ئىدىيىلەر دۇنياسىدا ئىگە بولغان بىلىملىرىنى قوزغىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى قايتا ئەسلەيدۇ. يەنى بىلىم ئېلىش روھنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدىن بار بولغان يوشۇرۇن بىر خىل ئەسلەش جەريانىدۇر. بۇ بىلىملەر روھنىڭ سەزگۈ دۇنياسىغا يەنى بۇ پانىي دۇنياغا كېلىشى سەۋەبىدىن خىرەلىشىپ، ئۇنتۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قالىدۇ. ئۇنى پەقەت مۇۋاپىق پەيتتە مۇۋاپىق ئوبيېكتىنىڭ قوزغىتىشى بىلەن ئەسكە ئالغىلى ۋە قايتا بىلگىلى بولىدۇ. بۇ دۇنيادا ئىنسان ئېلىشقا تېگىشلىك يېڭى بىلىم يوق، ھەممە بىلىم ئۇنىڭ روھىدا ئاللىبۇرۇن ساقلانغان. يەنى بىلىم

روھىنىڭ ئۆزىدىن ئەسلىدىن بار بولغان يوشۇرۇنلۇقنى بىر خىل ئەسلەش جەريانىدۇر. شۇڭلاشقا ئەپلاتوننىڭ بېرىشنى تۆۋەن ئورۇندا قويۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئادەم بېرىشقا زىيادە بېرىلسە ۋە ئۇنى بىلىم ئېلىشنىڭ ھەم تارقىتىشنىڭ يولى دەپ قارىۋالسا، ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى ھەقىقىي بىلىمنى ئەسلىمەيدىغان بوپ قالىدۇ .

ئەپلاتونغا نىسبەتەن، يېزىش «ھازىر بولماسلىق» خاراكتېرىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇ «ھازىر بولۇش» قا يەتمەيدۇ. مەسىلەن، باشقىلار ئەۋەتكەن سالام خەتنى ئوقۇشنى ئالساق، بىز باشقىلارنىڭ يازغان خېتىنى ئوقۇيمىز، چۈنكى ئۇلار يېنىمىزدا «ھازىر بولۇپ»، ئۆزلىرىنىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىۋاستە ۋە يۈزمۇيۈز ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. «ھازىر بولماسلىق» سۈپىتىدىكى يېزىش ئۆلۈمگە تەققاس قىلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ يوقلۇق خاراكتېرىگە ئىگە ھەم ئۇنتۇشقا يول قويىدۇ .

مەڭگۈ تاشلار بىزنى يېزىش، خاتىرە ۋە تارىخقا نىسبەتەن ناھايىتى نازۇك ئېھتىماللىق بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئۈچ ئۇقۇم «ھازىر بولماسلىق» تىن، يەنى يوقلۇققا يېقىن كېلىدىغان، شۇڭلاشقا ئۆلۈمنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان «ھازىر بولماسلىق» تىن ئىبارەت بۇ بىر نۇقتىدا ئۇستىمۇ ئۇست چۈشىدۇ. يېزىش يازغۇچىنىڭ ئالاقىلىشىشتا «ھازىر بولماسلىق» نى ئىپادە قىلسا، خاتىرە يوشۇرۇن، بېسىۋېلىنغان شۇڭلاشقا ۋاقىتىنچە «ھازىر بولمىغان» ئۆتمۈشكە، يەنى ئۆتمۈش تەجرىبىلىرىگە باغلانغان؛ تارىخ، تارمەنىدىن ئالغاندا، ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەن ۋە ھازىرنىڭ ئۆزىدە «ھازىر بولمىغان» ھادىسىلەرنى مۇئەييەن كۆرۈش نۇقتىسى، بايان مېتودى، شەرھلەش ئۇسلۇبى ئارقىلىق قايتا ـ سۆزلەش ۋە قايتا ـ قۇراشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەڭگۈ تاشلارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇنىڭدا يۇقىرىدىكى ئۈچ ئامىل مەۋجۇت ھەمدە دەل مۇشۇ ئامىللار ئۇنى ئالاھىدە خاتىرە بەلگىسىگە ئايلاندۇرغان. بەلگە دېگەن نېمە؟ بەلگىشۇناسلىق ئىلمىگە كۆرە، بەلگە كۆرسىتىش فۇنكسىيىسىنى ئارتقۇرىدىغان شەكىل ۋە ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى بەلگىلىگۈچى ۋە بەلگىلەنگەن دېگەندىن ئىبارەت ئىككى ئامىلنىڭ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بولىدۇ، يەنى ئالدىنقىسى «ھازىر بولغۇچى» نى كېيىنكىسى «ھازىر بولمىغان» نى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، سىز ئوقۇۋاتقان بۇ قۇرلاردىكى ھەرپلەرنىڭ «ھازىر بولۇش» ى بۇ يەردە «ھازىر بولمىغان» سۆز مەنىلىرىنى كۆرسىتىدۇ .

بەلگىلەر سىستېمىسى سۈپىتىدىكى مەڭگۈ تاشلار نىمىنىڭ «ھازىر بولمىغانلىقى» نى ئىشارىلەيدۇ ۋە كۆرسىتىدۇ، بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقەلەر، ساۋاقلار، قاغانلارنىڭ خىتابلىرى، كەلگۈسىگە ۋايىم يېيىش، ئېيتىغارلىنىش، قاتارلىقلاردۇر. لېكىن شۇ نەرسە ئەستە تۇتۇلۇشى كېرەككى، مەڭگۈ تاشلاردا «ھازىر بولۇشچانلىق» ئالاھىدىلىكىمۇ ھازىرلانغان. ئەپلاتون ئېيتقان «ھازىر بولماسلىق» بىلەن ئۇنتۇشنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىدىن چىقىپ تۇرۇپ ئويلىغىنىمىزدا، مەڭگۈ تاشلاردا «ھازىر بولماسلىق» ئالاھىدىلىكىنىڭ بولۇشى ھەرگىز ئۇنىڭ خاتىرىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە يوقىلىشىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى بىز ئۇنىڭ قانداق «ھازىر بولۇش» ئالاھىدىلىكىگە ئىگىلىكى ھەققىدە توختىلىمىز.

شۇنىسى ئېنىقكى، مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىكلىنىشىگە كوللېكتىپ ئۇنۇتقاق ـ لىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش سەۋەب بولغان. مەڭگۈ تاشلار بىر چاقىرىقتۇر، ئۇنىڭدا ئادەم سەل قارىيالمايدىغان ئىلتىجا بار ــ ئۇلار خەلقنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق ئىرادىسىنىڭ ئەسلىگە قايتۇرۇشقا ۋە ئۇنى رېئاللاشتۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. لېكىن بۇ چاقىرىق شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنتۇلۇش تەقدىرىدىنمۇ قۇتۇلالمايدۇ. شۇ سەۋەب، ئەگەر ئاۋام قەلبى خاتىرىسىدە چوقۇم ئەستە تۇتۇشى كېرەك بولغاننى تۇتالمىسا، ماددىي بەلگىلەر، يەنى كىتابلار، خاتىرە مۇنارلىرى، ھەيكەللەر، مەڭگۈ تاشلار قاتارلىقلار ئۇلارنى خاتىرىگە ئېلىش ۋە ساقلاش فۇنكسىيىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر ئاۋامنىڭ قەلبى تاشتەك قېتىپ كېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشقا قۇلاق سالمايدىغان بولۇپ قالسا، تاش ھەممىنى خاتىرىسىگە ئېلىپ ساقلايدىغان قەلبكە ئايلىنىدۇ. ئۆزىگە ئويۇلغان قىممەتنى ئۈستىگە ئالغان تاشنىڭ مەۋجۇتلۇقى كوللېكتىپ خاتىرىنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقىنى ئەك تۆۋەن نۇقتىغا چۈشۈرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇ ئەسلەشنىڭ ھەقىقىي جايىغا ئايلىنىدۇ. بۇ يەردە تاش قەلبكە ئايلىنىۋاتىدۇ، لېكىن بۇ قەلب كوللېكتىپ ئاڭنىڭ ئىچىگە ئەمەس، بەلكى سىرتىغا جايلاشقان قەلبتۇر. شۇ سەۋەب، كوللېكتىپ قەلبنىڭ سىرتىدىكى «تاش قەلب»④ ــ مەڭگۈ تاشلار مەڭگۈ «ھازىر بولۇش» بىلەن ھازىر بولماسلىقنىڭ، ئۇنتۇش بىلەن خاتىرىنىڭ، ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنىڭ ھاياتلىق بىلەن ماماتلىقنىڭ ئۆچرىشىش نۇقتىسىدۇر .

ئەگەر قاغانلارنىڭ خىتابلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ساۋاقلىرى تاشقا ئويۇلمىغان ۋە بۇ تاشلار باشقىلار تەرىپىدىن (ئۆزىمىز تەرىپىدىن ئەمەس!) يىقىنقى ئەسىردە تۇيۇقسىز بايقالمىغان بولسا، ئېھتىمال ئۇلار مەڭگۈلۈك ئۇنتۇلۇپ كېتىلەتتى. نەتىجىدە بىز بۇ ئەۋلاد ئۆزىمىزنىڭ نېمىنى ئۇنتۇغانلىقىمىزنىمۇ پاك- پاكىز ئۇنتۇپ كەتكەن بولاتتۇق- پۈتكۈل بەلگە، ئىزنا ھەم يادنامە مەڭگۈلۈك يوقىلاتتى ھەم ھېچكىمگە قايتا «ئايان بولمايتتى». مەڭگۈ تاشلار ئادەمنىڭ نېمىنى ئۇنتۇغانلىقىنى ئۇنتۇپ كېتىشىدەك مۇمكىنچىلىككە ئاتالغان بىرخىل قىياستۇر، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، ئۇلار «مۇتلەق ئۇنتۇش» ـ ئۇنتۇشنىڭ ئۇنتۇلۇشى ـ ئېلىپ كەلگەن مۇتلەق «بىل (بىن) مەسلىكنى بىل (بىن) دۇرىدىغان نىشانىدۇر: مانا بۇ مەڭگۇ تاشلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭگەن ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان زىتلىقتۇر. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئىككى يەكۈنگە ئېرىشىمىز: بىرى، ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ بۇ دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇقى تېگى- تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇنتۇش شەكلىدىكى مەۋجۇتلۇقتۇر. يەنە بىرى، ئىنسان سۇبيېكتى پانىيلىق پۈتۈلمىشىدە ياشايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئەسلىمىسى ھەر ۋاقىت ئۆلۈمنىڭ سايىسى ئاستىدا بولىدۇ ـ ئىنساننىڭ ئەسلىمىسى ئۆلۈم ئېلىپ كېلىدىغان يوقلۇققا يۈزلەنگەن بولىدۇ. تەشۋىشتە تېخىمۇ ئايان بولىدىغان ئۆلۈمنىڭ مۇمكىنچىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئادەمنىڭ پۈتكۈل مۇمكىنچىلىكلىرىنى يوقلۇققا ئايلاندۇرۇۋېتىشىدىن ئىبارەت قۇدرىتى ھەققىدىكى تونۇش مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەربىر سۆزىگە دېگۈدەك سىڭىپ كەتكەن. مەڭگۈ تاشلار ئادەم ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مۇمكىنچىلىك بولغان ئۆلۈمدىن ھالقىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە بولغان ئۈرۈنۈشتۇر ـ ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەڭ ئاخىرىدا ئەقلىنىڭ ئىسپاتلىشىدىن ھالقىپ كېتىدىغان مەۋجۇتلۇقتۇر. مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىكلىنىشىدە تېگىدىن ئالغاندا ئادەمنىڭ پانىيلىقىغا، يەنى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ كۆتە ۋە ھامان ئۆلۈمنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىگە، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئەسلىمىسىنىڭمۇ پانىيلىق ۋە ئۇنتۇشچان خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە بولغان چوڭقۇر تونۇش بار. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، مەڭگۈ تاشلارنى ئىنساننىڭ پانىيلىقى ۋە چەكلىمىلىكىدىن ھالقىش ئۈستىدە ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى دېيىش مۇمكىن .

يۇقىرىقى مۇھاكىمىلەر بىزنى مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئۈچىنچى مەنىسىگە ئېلىپ بارىدۇ. مەڭگۈ تاشلار بىزگە ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر ئىدىيە تارىخىدىكى كۆچمەنلىك

تىپىدىكى تەپەككۇر شەكلى بىلەن شەھەرلىشىش (مۇقىم ئولتۇراقلىشىش) شەكلىدىكى تەپەككۇر شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ كىرىشىش مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاغزاكى كۇلتۇر، يەنى سۆزلىشىشنىڭ تورى ئۈستىگە قۇرۇلغان كۇلتۇر، كۆپ ھاللاردا توختاۋسىز كۆچۈش شەكلىدىكى كۆچمەنلىك ـ چارۋىچىلىق ـ ھاياتىنىڭ بەلگىسى بولسا، يازما ياكى يېزىلما كۇلتۇر، يەنى دىسكورسنىڭ كۈچىنىڭ مۇئەييەن ماكانغا تارقىلىشى ئارقىلىق قۇرۇلغان كۇلتۇر، دىسكورسنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئورنىششىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى خىل ھاياتلىق شەكلى كۆچمەنلىك تىپىدىكى تەپەككۇر شەكلى ۋە شەھەرلىشىش تىپىدىكى تەپەككۇر شەكلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلىنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىنىڭ بىرىدۇر .

كۆچمەن تەپەككۇر شەكلىدە دۇنيا بىر ـ بىرىگە ئەگىشىپ يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەرنىڭ يىغىندىسى سۈپىتىدە قارىلىدۇ. ئۇنىڭدا دۇنيانىڭ ئاداققى مەنىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىش ۋە ئويلىنىش «قانداق» ـ دۇنيا زادى قانداق؟ ـ دېگەن سوئالغا تۇگەللەنگەن. ئونتولوگىيىلىك سوئال سۈپىتىدىكى «نېمە» ـ دۇنيا زادى نېمە؟ گە مەركەزلەشكەن مۇقىم ئولتۇراقلىشىش خاراكتېرىدىكى تەپەككۇر دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ ھادىسىلىرىنى قائىدە ـ پرىنسىپلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان ئەقلىي بىر پۈتۈنلۈك دەپ قارايدۇ. ئەگەر كۆچمەن تەپەككۇر شەكلى ئوبرازلارنىڭ موللىقىنى بايانچىلىق فۇنكسىيىسىدە بىر تەرەپ قىلسا، شەھەرلىشىش تەپەككۇر شەكلى ئوبرازلارنىڭ ئېقىشىنى ئابستراكىتلاشتۇرۇش باسقۇچىغا كۆتۈرىدۇ: بۇ ئابستراكت ھەممە ئۇقۇملۇق تەپەككۇرنىڭ نېگىزلىك ئالاھىدىلىكىدۇر، شۇنداقلا مانا بۇ يەردە ھەقىقىي پەلسەپە ئەپسانىلىق ۋە شېئىرلىشىشتىن ئايرىلىپ ئۆز مۇستەقىللىقىغا ئېرىشىدۇ. ئەگەر كۆچمەن تەپەككۇر شەكلىدە ھادىسىلەر يەككە ھالىتى بويىچە ئويلىنىلسا، شەھەرلىشىش تەپەككۇرىدە ھادىسىلەر مۇئەييەن ئومۇمىيلىقنىڭ بىر بۆلىكى دەپ قارىلىدۇ. دۇنيا ۋە ئۇنىڭ بىر ـ بىرىگە باغلانغان ھادىسىلىرى ئۇقۇملارنىڭ ياردىمىدە بىر پۈتۈنلەشكەن تەپەككۇرنىڭ ئوبيېكتى بولىدۇ .

مەڭگۈ تاشلار مۇقىملاشقان ۋە گۈللەنگەن ھاكىمىيەت ئىگى ھەققىدىكى ھۆججەت خاراكتېرلىك ئويلىنىش ۋە ھەرىكەت پروگراممىسىدۇر ـ بۇ ئەلۋەتتە پىشىپ يېتىلىۋاتقان شەھەرلىشىش تەپەككۇر شەكلىنىڭ مەھسۇلىدۇر (بۇ

يۈزلىنىش ئۆزىنىڭ كامالىتىنى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىلىم مۇۋەپپەقىيەتلىرىدە كۆرىدۇ، لېكىن بۇ ھەقتە ھازىرچە توختالمايمەن.) بىر قوۋمنىڭ روھىيىتىنىڭ ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىكلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىش مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئەڭ يادرولۇق قىسمىنى قۇرۇپ چىققان، بۇ ماكان ۋە زاماننىڭ بىر- بىرىگە قانۇنىيەتلىك باغلانغان سىستېمىسىدا ئويلىنىلغان ۋە بىر تەرەپ قىلىنغان. روھنىڭ مۇكەممەللىك ئىزدىشى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى سەلتەنىتىنى ئۆرنەك قىلىش ۋە ئۇنى كەلگۈسىدە داۋاملاشتۇرۇش ئۇستىگە قۇرۇلغان. دەل تەشۋىش بۇ داۋاملىششتىكى ھالقىلىق مەۋجۇتلۇق ھالىتى ۋە كەيپىياتىدۇر. كەلگۈسىدىكى يىراق ئۆتمۈشنىڭ سەلتەنىتىنى كۈتۈش ۋە ئۇنى توختاۋسىز رېئاللاشتۇرۇشقا ئىنتىلىش كوللېكتىپ روھنىڭ مەڭگۈگە داۋاملىشىدىغان قۇدرىتى سۈپىتىدە قارالغان. روھنىڭ داۋامىي مەۋجۇتلۇقى مەۋجۇداتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىچكى ئاساسىدۇر. مەۋجۇتلۇق بولسا ئۆزلۈكنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىرادە قىلىدىغان ئىرادىسىنىڭ قوزغىلىشىدىكى ئاساستۇر. چۈنكى مەۋجۇت بولۇش ئىرادە قىلىش دېمەكتۇر؛ ئىرادە قىلىش بولسا ئىرادە قىلىش ئارقىلىق كەلگۈسىگە يۈزلىنىشتۇر؛ كەلگۈسىگە يۈزلىنىش بولسا مەۋجۇدلۇقنىڭ ئىچ- ئىچىدىن كېلىدىغان چاقىرىقنى ئاڭلاش ۋە ئىلتىجاغا جاۋاب قايتۇرۇشتۇر. بىز مەڭگۈ تاشلاردا پۈتكۈل قەۋمنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى ھەققىدىكى تەنقىدىي ئويلىنىشنىڭ ئابستراكتلاشقان كۆرۈش نۇقتىسى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغان يېرىم مېتافىزىكىلىق شەكلىنى بايقايمىز. ئۇنىڭدا خۇدا، ئىنسان ھاياتى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ ھاياتلىق ئىرادىسىنى مەركەز قىلغان. بىر قەۋم ھەققىدىكى ئويلىنىش ئۇلۇغۋارلىقىنىڭ، مۇقەددەسلىكىنىڭ ۋە ئەبەدىيلىكىنىڭ نۇرىغا چۆمگەن تاشلارغا سىڭىپ كەتكەن. بۇ، خۇداغىلا خاس ئەبەدىيلىك بولۇپ، قايمۇقۇش، ئۈمىدسىزلىك ۋە پارچىلىنىش ۋەھىمىسىدە ئېزىققان خەلققە بەخت نۇرىنى چۈشۈرىدۇ .

ئۆز نۆۋىتىدە، مەۋجۇتلۇق بىلەن خاتىرىمۇ بىر- بىرىگە زىچ باغلانغان. خاتىرە تېگى- تەكتىدىن ئالغاندا، مەۋجۇتلۇقنىڭ نىشانىدۇر ياكى مەۋجۇتلۇق ـ بولۇپمۇ ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقى ـ خاتىرە شەكلىدىكى مەۋجۇتلۇقتۇر. ئۆزىنىڭ ھازىردىن يېنىشى ياكى ھازىردا «ھازىر ـ بولماسلىق» ى ئارقىلىق، خاتىرە ھاياتىمىزنىڭ تىرەن ۋە يوشۇرۇن ئۇيۇقىنى ھاسىل قىلىدۇ؛ ئۆزىنىڭ «ھازىر

بولۇش» ى ئارقىلىق بولسا، خاتىرە بىزنى ئەسلىمىنىڭ سىمۋوللۇق مەنبەسىگە يۈزلەندۈرىدۇ: بۇ ئاخىرقى ھېسابتا تاشنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا مەڭگۈلۈك ئايان بولغان ۋە كەلگۈسىدىكى تەشۋىشلىك خىياللىرىمىزدا يوقالمايدىغان بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزدۇر .

ئىزاھاتلار

①ھېنرى بېرگسون «(Bergson. Henri) ماددا ۋە ئەسلىمە» (لوندون: جورج ئاللىن ۋە ئۇنۋىن نەشرىياتى، 1917 ـ يىل)، 122 ـ بەت .

②خېگېل «روھنىڭ ھادىسىشۇناسلىقى» (ئىنگلىزچە) ( نيۇ يورك: ماكمىللان 1900 ـ يىل،) 134 ـ بەت .

③دىسكورس (discourse) ــ بۇ سۆزنى ئەسلىدىكى ئىنگلىزچىسى بويىچە ئەينەن ئېلىش بەلكىم بىزنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان سۆز مەنىسىنىڭ كەمتۈك ۋە تولۇقسىز بولۇپ قېلىشىدەك ئەھۋاللاردىن خالاس قىلىشى مۇمكىن. بۇ سۆز ئۆزىنىڭ ئېتمولوگىيىلىك مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىدىتلىق ۋە تەرتىپلىك پىكىر قىلىش ۋە بىر خىل جەريانىنى؛ تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەلۇم بىر تېما ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان نورمال ۋە تەرتىپلىك ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئاتالغۇ يەنە ئىدىيىلەرنىڭ (بولۇپمۇ دىئالوگدا) ئاغزاكى ئالماشتۇرۇلۇشنى، جۈملىدىن (ھېكايىدىكى ۋە سۆزلىشىشتىكى) چوگراق بولغان تىل بۆلىكنى كۆرسىتىدۇ .

④ئەپسۇسلىنارلىقى، ئونتولوگىيىلىك كېرەك بولغانىنىڭ كوللېكتىپ ئاڭنىڭ سىرتىدا بولۇشى ئۇنىڭ ئونتولوگىيىسىنى ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا توسۇپ قالالمايدۇ ھەم قالالمىدى. مانا بۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئىلتىجاسىنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى ئونتولوگىيىلىك كەلگەنلىكىنىڭ تۈپكى سەۋەبىدۇر. بىراۋ شۇنى سورىماي تۇرالمايدۇكى، مەڭگۈ تاشلار ئونتولوگىيىلىك كېرەك بولغانىنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن ئورنىتىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئۇيۇپ يېزىلغانلىرى ھەققەتەن ئەپلاتون ئېيتقاندەك، ئونتولوگىيىلىك كېرەك بولغانىنى «ئەسكە ئالماسلىقىمىز ئۈچۈن يېزىلغانمۇ؟» مانا بۇ ئەپلاتوننىڭ لوگىكىسىنىڭ بىزنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھاكىمىمىزگە بولغان خىرسى بولۇپ، ئۇ بىزنى مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئىلتىجاسىنىڭ ئونتولوگىيىلىك كېتىشىدىكى سەۋەبىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ يازما ھۆججەت

بولغانلىقىغا ئىشىنىشكە زورلايدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ مۇھاكىمىمىز ئارقىلىق ئەپلاتوننىڭ سۆزلىشىش ۋە يېزىشنىڭ ئىككى ياقلىملىق زىددىيىتىدىن قوزغالغان ئەسلىمە ۋە ئۇنتۇش ھەققىدىكى ئىدىيىسىنىڭ تار رامكىسىدىن قۇتۇلۇش قارىماققا مۇمكىنسىزدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، بىز شۇنى تەكىتلەيمىزكى، خەلق بىلەن قاغانلار ئوتتۇرىسىدا قۇرۇلۇشى مۇمكىن بولغان سۆزلىشىش شەكلىدىكى مەڭگۈ تاشلار ئۇنتۇلغاننىڭ ۋە ئۇنتۇلۇشى مۇمكىن بولغاننىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلماسلىقى ئۈچۈن تىكلەنگەن. مەڭگۈ تاشلارنىڭ «ۋاقىتلىق» ئۇنتۇلۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭدىكى ئىلتىجا ئۇنتۇغۇچىغا، يەنى ئۇنتۇغانغا، ئۇنتۇۋاتقانغا ۋە ئۇنتۇيدىغانغا قىلىنغان ئىلتىجادۇر. خەلقنىڭ قەلبىنىڭ سىرتىدىن قاغانلار تەرىپىدىن قىلىنغان خىتابلار شۇڭلاشقا خەلقنىڭ قەلبىنىڭ سىرتىدىكى مەڭگۈ تاشلارغا ئويۇلغان. ماكان نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۆتۈكەن تاغلىرى ئەتراپىدىن ئايرىلماسلىقى تەلەپ قىلىنغان بۇ خەلقنىڭ يىراق-يىراقلارغا كۆچۈپ كېتىشى مەڭگۈ تاشلارنى ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ تېخىمۇ سىرتىدا يالغۇز قالدۇرغان. ئۇنىڭدىكى ئىلتىجا ۋە خىتابلارنىڭ «ئۇنتۇلغانلىقى ياكى ئۇنتۇلمىغانلىقى» ھەققىدىكى مۇنۇ يازمىمىزمۇ ئۇلارنىڭ ئۇنتۇلمىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى، چۈنكى لوگىكا نۇقتىسىدىن ئالغاندا، مەڭگۈ تاشلار ھەققىدە يازما مۇھاكىمە قىلىش «ئەسكە ئالماسلىق ئۈچۈن» تىكلەنگەن ئابىدىنى قايتا ئەسكە ئالماسلىق ئۈچۈن بولمايدۇ.

مەنبە: مەمتىمىن ئەلانىڭ «پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات» بلوگى

# پەلسەپە ھەققىدە پاراڭلار

**مەمتىمىن ئەلا**

پەلسەپە ھەققىدە پاراڭلار پەلسەپە دېگەن نېمە؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال سوئالنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك. بىر ئېسىل سوئالنىڭ ۋەزنى ئۇنىڭ جاۋابىنىڭ ۋەزنىدىن ئاللىبۇرۇنلا ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ. چۈنكى بىر تەرەپتىن ئالغاندا بۇ خىلدىكى سوئال ئادەمنى ئۆزلۈكسىز يېتەكلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن نەزىرىمىزنى ھامان ئۆز ئىزدىنىشىمىزنىڭ سىرتىدا قېلىۋاتقان ھەم كۆپ ھاللاردا قالىدىغان بوشلۇققا ئۆزلۈكسىز تىكتۈرىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ ئىزدىنىشىمىزنىڭ ئاخىرلاشمىغانلىقىنى ئېسىمىزگە ھەر ۋاقىت سېلىپ تۇرىدۇ——خۇددى فرانسىيە يازغۇچىسى فلوبېرنىڭ بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان مۇنۇ سۆزىدەك: «دۆتلۈك دەل خۇلاسە چىقىرىشقا بولغان ھېرىسمەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.» مەن ئۆزۈمگە سوئاللار ئارقىلىق قارايمەن، ئۇنى سۆزلەيمەن، ئۇنى سېزىمەن، خۇددى ئۆزۈم بىلەن بولىدىغان بىردىنبىر ھەم ھەقىقىي مۇناسىۋەت پەقەت سوئاللار ئارقىلىقلا بولىدىغاندەك. يەنە بەزىدە ئۆزۈمنى ئېپ قاچقۇسىز سوئاللارنىڭ قارىقىدا تېپىرلاۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن، خۇددى ئۇلار مېنى قىيامەتلىك قەرزنى قايتۇرۇشقا سۆرەۋاتقاندەك. ئەنە شۇ مىنۇتتا ۋۇجۇت تىترەيدۇ، لەۋ پىچىرلايدۇ. مانا بۇ مەۋجۇتلۇقنىڭ تېگى-تېگىدىن كېلىدىغان سوراقلاشتۇر. پانىيلىقتا سورىلىدىغان سوئال شۈبھىلىنىشتىن باشلىنىدۇ. ئادەم گۇمانلانغاندا، ئۆزى ئىلگىرى توغرا دەپ قارىغان ئىشىنىشكە يېڭىۋاشتىن قاراپ چىقىدۇ. شۈبھە ئادەمنى ئۆزى ھېس قىلغان ھەم چۈشەنگەن ئوبيېكت بىلەن تەنقىدىي ئارىلىق ساقلاشقا يېتەكلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئادەم ئۆزى بىلەن ئارىلىق ھاسىل قىلىدۇ. دېكارت ئۆزىنىڭ مەشھۇر پەلسەپە ئەسىرى بولمىش «بىرىنچى پەلسەپە ھەققىدە پىكىرلىنىش » (Meditation on First Philosophy)دا پۈتكۈل ئويلىنىشىنى بارلىق ئەنئەنىۋى پەلسەپە قاراشلىرىنىڭ ھەممىسىدىن گۇمانلىنىش بىلەن باشلاپ تاكى ھەرقانداق

گۇماندىن خالىي بولغان ئاخىرقى ھەقىقەتكە كېلىپ توختىغان. بۇ ھەقىقەت دەل «ئويلىنىۋاتىمەن، شۇڭا مەن مەۋجۇت» دېگەن مۇمېنتلىق ئۆزلۈك ئاڭقىرىشى ئىدى. بۇ ھۆكۈم شۇنىڭ ئۈچۈن گۇماندىن خالىي ئىدىكى، ھەتتا بىز بۇ ئاڭقىرىشتىن گۇمانلانغان تەقدىردىمۇ، بىزنىڭ گۇمانىمىز بۇ گۇمانىنىڭ ئارقىسىدىكى گۇمان سۇبيېكتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلالمايتتى. گۇماندىن خالىي بۇ سۇبيېكتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۆز نۆۋىتىدە باشقا بارلىق پانىي مەۋجۇداتلارنى سوئاللاشنىڭ ئورنىدۇر. سوئال سوراش ئىنسانىنىڭ ئەقلىنىڭ ئەركىنلىكىنىڭ نامايەندىسىدۇر، شۇبھىلىنىش بولسا ئەقلىنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزگىنىڭ ئىلگىرى قوبۇل قىلىنغان ئەقلىيلىقىگە ۋە ھەقىقىيلىقىغا بولغان ئىنكارلاشنىڭ باشلىنىشىدۇر. بۇ دەل ئەقلىنىڭ ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشىنىشلەرنى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى توختاۋسىز ئىنكار قىلىپ تۇرۇشى ۋە شۇ ئارقىلىق ئېنىقلىققا ۋە توغرىلىققا ئېرىشىشكە ئىنتىلىشىدۇر. بۇ يەردە مۇنداق سوئال تۇغۇلىدۇ: ئەگەر ئىنسان سوئال ئارقىلىق ئەمەس بەلكى سوئالنىڭ ئۆزىدىن شۇبھىلىنىسچۇ؟ قەدىمكى يۇناندا ياشىغان بىر مۇتەپەككۇردىن بىرى: «ئۇستاز، سىز ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قىيىن سوئال قايسى؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ كۆزلىرىنى كۆككە غەمكىن تىككىنىچە: «مەن ئۈچۈن ئەڭ قىيىن سوئال دەل سوئالنىڭ نېمىلىكىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. ئۇ پۈتكۈل سوئاللارنىڭ ئېھتىمال ھەم ئېپتىداسى ھەم ئىنتىھاسى بولغان سوئالنىڭ تەگسىز سىرلىرى ئالدىدا لال بولغۇچى، ئۇنىڭدا ئېزىققۇچى، ۋە ئىنسانىنىڭ بۇ سوئال ئالدىدىكى تىرەن سۈكۈتىنى ھېس قىلغۇچىدۇر. ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ مانا مۇشۇ سوئال بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭ سوئالغا سوئال قويۇشى—يەنى مېتا-سوئاللىشى (سوئال-ھەققىدىكى-سوئاللىشى)—شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بارلىق مەۋجۇدات ھەققىدىكى ئىزدىنىش سوئالدىن باشلىنىدۇ. ئەگەر گېرمان پەيلاسوپى لائىبنىز مەۋجۇدات ھەققىدىكى ئىزدىنىشنى «بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن ھېچنېمە بولماي، مەلۇم نەرسە بولىدۇ؟» دېگەن سوئالدىن باشلىغان بولسا، يۇقىرىدىكى مۇتەپەككۇر ئۆز ئىزدىنىشنى «بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن جاۋاب بولماي، يەنە سوئال بولىدۇ؟» دېگەن سوئالغا تۈگەللەيدۇ. لېكىن ھەر ئىككىسى مۇنداق بىر ئورتاقلىقتا بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ: سوئالنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن مەۋجۇداتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئوخشاش مەنبەلىك ۋە ئورتاق نىشانلىقتۇر. دېمەك مەۋجۇتلۇقنىڭ

سىرىغا قارىتا ئادەمدە تەبىئىي قوزغىلىدىغان ھەيرانلىق، قىزىقىش ۋە ھەتتاكى مەپتۇنلۇق دەل سوئالنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىن باشلىنىدۇ؛ ھەر بىرشەيئىنىڭ مەۋجۇتلۇقى تېگى-تېگىدىن ئالغاندا سوئالنىڭ مەۋجۇتلۇقى ياكى سوئال شەكلىدىكى مەۋجۇتلۇقتۇر. ئەمىسە بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان سوئالنىڭ سۇبيېكتى كىم؟ كىم بۇ سوئالنى سوراۋاتىدۇ؟ دۇنيا ئادەمدىن بىۋاستە سوئال سورىمايدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئادەمنىڭ جاۋابىغىمۇ موھتاج ئەمەس. بلائىس پاسكال ئالەمنىڭ سىرلىق، پەرۋاسىز ۋە چەكسىز سۈكۈتىدىن چوڭقۇر ئىزتىراپقا چۆمگەن ۋە ۋەھىمە ھېس قىلغانىدى. ئۇنىڭچە ھەرقانداق سوئاللارنىڭ سورىلىشى ۋە ھەر قانداق جاۋابلارنىڭ بېرىلىشى ئالەمنىڭ تەۋرەنمەس سۈكۈتىنى بۇزالمايدىغاندەك ئىدى. قەدىمدىن يەر يۈزىدە تايانچسىزلىق ۋە تەنھالىققا مەھكۇم بولغان ئادەم ئالدى بىلەن ئالەمنىڭ سۈكۈتىنى سوئال سوراش ئارقىلىق بۇزغان؛ بۇ ئارقىلىق لائىبنىزنىڭ يۇقارقى سوئالىدا ئەكس ئەتكەن يوقلۇقنىڭ ۋەھىمىسىنى يەڭمەكچى ۋە مەۋجۇداتقا يېقىنلاشماقچى بولغان. ئادەم سوئالنىڭ ھەم ئوبيېكتى ھەم سۇبيېكتىدۇر: ئۇ دۇنياغا سوئال ئارقىلىق يۈزلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنى سوئال ئارقىلىق ئىزدەيدۇ. ئۆز بىلەن ئۆزگە ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىقتا ئۇزۇنغا سوزۇلغان سوئاللار تاشلىنىپ ياتىدۇ. ئۆزلۈك بەزىدە سوئاللار ئارقىلىق ئۆزىنى ئېنىقراق تۇيسا، ھېس قىلسا ۋە چۈشەنسە، يەنە بەزىدە ئەنە شۇ سوئاللار بىلەن ئۆزىدىن يىراقلىشىدۇ، ئۆزىدىن خىرەلىشىدۇ ۋە ئۆزىنى يىتتۈرىدۇ. سوئال ئادەمنى ئارامسىزلاندۇرىدۇ، ئويلاندۇرىدۇ ۋە بەزىدە باش-ئاخىرى چىقماس سۈكۈتكە غەرق قىلىدۇ. ئەنە شۇ ئالاھىدە مىنۇتتا سوئاللىغۇچى بىلەن سوئاللانغۇچى ئورتاق بىر مەۋجۇتلۇق ھالىتىگە قايتىپ، بىر بىرىگە يۈزمۇ يۈزلىشىدۇ: سۈكۈت. بۇ سۈكۈت ئىنسان سۇبيېكتى بىلەن دۇنيانىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ئۆز ئارا يۈزلىنىش ھالىتىنىڭ قايتىلىنىشىدۇر. ئادەم دۇنيانىڭ سۈكۈتىنى سوئال بىلەن بۇزۇۋەتقا ئۇرۇنسا، دۇنيا ئىنساننىڭ قىزىقىشىنى سۈكۈت بىلەن بۇزىدۇ. ئادەم مۇتلەق ئۆزگىگە، يەنى خۇداغا سوئال بىلەن يېقىنلىشىدۇ—لېكىن بۇ ۋاقىتتىكى سوئاللاش شۈبھىگە تولغان قەلب بىلەن ئەمەس، بەلكى دەل پۈتكۈل شۈبھىلىنىشتىن ئازاد بولغان قەلبتىن سورىلىدۇ. خۇدادىن سورالغان ھەم سورىلىدىغان سوئاللار ئىنساننىڭ قەلبىنى خۇداغا يۈزلەندۈرىدۇ، ئۇنىڭ بەندىلىك پۈتۈلمىشىنى تېخىمۇ تىرەنلىكتە نامايان قىلىدۇ. شۇ چاغدا، قەلبتىن ئىلاھىي مەرھەمەتكە ئىشىنىش ۋە ئىلاھىي كەچۈرۈمگە بولغان چوڭقۇر

تىلەكداشلىق ئاستا كۆتۈرىلىدۇ. ئىنسان خۇداغا بەزىدە ئۆز تووۋنامىسىنى سوئال شەكلىدە بايان قىلىدۇ: «ئى كەرەملىك خۇدا، مەن بىر گۇناھكار بەندەڭمەن، بىلىپ بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى كەچۈرەرسەنمۇ؟» تۆۋە قىلغۇچى خۇدادىن سورىغان سوئاللىغا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە جاۋاب ئالالمايدۇ—ئۇنىڭ ئېرىشىدىغىنى كەلگۈسىنىڭ مۇتلەق ۋەدىسى بولمىش ئىلاھىي سۈكۈتتۇر. چۈنكى، تووۋا قىلغۇچى خۇدانىڭ جاۋابىنى بىلىشنى ئىستىمەستىن، بەلكى ئېتىقادىنىڭ خۇدا تەرىپىدىن قوبۇل ئېتىلىشىنى ئىستەيدۇ. ئىلاھىي سۈكۈتتە ئىنسان ئۆزىنى خۇدانىڭ چەكسىز مېھرىبانلىقىدا تۇرۇۋاتقاندەك، قەلبىدىن خۇداغا بۇرۇنقىدىنمۇ بەك تەلپۈنىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. ئىلاھىي سۈكۈت ۋە جاۋابسىزلىقتا، ئېتىقاد ئىلاھىي ئۇلۇغۋارلىقنى جىمىدە قوبۇل قىلىدۇ. ئىلاھىي سۈكۈتنىڭ ئەڭ تىرەنلىرىدىن كېلىدىغان سادالارغا پەقەت ئېتىقادتىلا قۇلاق سالغىلى بولىدۇ. سوئاللار قايتا-قايتا سورىلىدۇ ۋە يەنە ئىلاھىي سۈكۈتكە سىڭىپ كېتىدۇ. ھەممە سوئاللارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان قىيامەتتىكى سوراقتا ئىنسان ئۆزىنى خۇدانىڭ سورىقىدا كۆرىدۇ: خۇدادىن سورالغان سوئاللار خۇدانىڭ سوئالىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئۆزىگە بېرىلگەن ئەركىن ئىرادە بىلەن سوئال سورىغان ئىنسان خۇدانىڭ مۇتلەق ئىرادىسى بويىچە بەندىلىكىنىڭ سورىقىغا تارتىلىدۇ. سوئاللار ھەقىقەتكە باشلايدىغان يولدۇر. بۇ ھۆكۈمنىڭ ئەكسىچە ئېيتىلىشىمۇ توغرا: ئىنسان ئىزدىمەكچى بولغان ھەقىقەت ئىنساننى ئۆزىگە سوئال ئارقىلىق يېقىنلىششقا بۇيرۇيدۇ. ئەگەر نيۇتون ئەينى ۋاقىتتا ئالمىنىڭ دەرەختىن يەرگە تۆكۈلۈش ھادىسىسىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ سوئاللىمىغان بولسا، ئېھتىمال ئىنسانلارنىڭ ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنى بايقىشى خېلى ۋاقىتقىچە كېچىكەر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەزكۇر قانۇنىيەت ئۆزىنى توغرا مېتودتا ۋە يېتۈك تەپەككۇردا سورالغان سىستېمىلىق سوئاللارنىڭ ئارقىسىدا ئايان قىلدى ۋە قىلىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، بەزى ھەقىقەتلەر سوئاللاردىن ھالقىغان بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتنىڭ ئاجىزلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئىنسان تەرىپىدىن سورىلىدىغان بارلىق سوئاللار-نىڭ ئۇنى سوراشقا—سوراقلاشقا—قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇلار ئىلاھىي ئىرادىدىن بەرپا قىلىنغان تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى ئاكسىئوملۇق ھەقىقەتلەردۇر. بىزنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمىز ئەڭ ئېنىقلىققا ئىگە مانا مۇشۇ ئاساستىن باشلىنىدۇ، سوئاللىرىمىز ئۇ تەرىپىدىن

يېتەكلىنىدۇ. پەلسەپە سوئال بىلەن ئېچىلىدىغان بىر سىرلىق قورغان بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئۇنىڭ ھەر بىر تېشى سوئال بىلەن پۈتكەندۇر. بۇ قورغانغا كىرىشنى ئۈستىگۈچىلەردە ئالدىنقىلارنى سوئاللىيالايدىغان دىت ۋە روھ بولۇشتىن تاشقىرى، ئۆزىنى سوئاللىيالايدىغان دىت ۋە روھ بولۇشى كېرەك. پەلسەپە، مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئادەمنى دۇنياغا سوئال بىلەن يۈزلەندۈرۈپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئۆزىگىمۇ سوئال بىلەن يۈزلەندۈرىدۇ. پەلسەپىنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە تەپسىلىيرەك توختىلىش ئۈچۈن سۆزۈمنى تېخى يېقىندىلا قازا قىلغان ۋە مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مەشھۇر فرانسىيە يەھۇدىي پەيلاسوپى ژاك دېرىدانىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن باشلايمەن: «پەلسەپە مەڭگۈ گىرىكنىڭ!» مانا مۇشۇ پەلسەپە يىگىرمە بەش ئەسىردىن بېرى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. كىشىلەر شۇنداق سوئال قويماي تۇرالمايدۇكى، پەلسەپە نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى غەربتىكى بىر ئاۋانگارت ئىلىملىك رولىنى يوقاتماي كەلدى؟ ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ مۇتەپەككۇرلەرنى، تەبىئىي پەن ئالىملىرىنى، ئىلاھىيەتشۇناسلارنى ۋە ئاۋامنى ئۆزىگە تارتىپ كېلىۋاتقان سېھرىي كۈچى زادى نەدىن كەلگەن؟ بەزىلەر ئېھتىمال پەلسەپە ئۆگىنىشتىكى مەقسەت پەقەت ساپ ئىلىمگە ئېرىشىشتۇر، دەپ قارىشى مۇمكىن. چۈنكى، تارىختىكى نۇرغۇن ئاقىللار پەلسەپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن ھەم ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتىغان. يەنە بەزىلەر پەلسەپە ئۆگىنىش ئىلىملىك بولغانلىقىنىڭ ۋە تەربىيە كۆرگەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر پەلسەپىنى جاھاندارچىلىقتا كەم بولسا بولمايدىغان ھېكمەتلەرگە ئېرىشىشتىكى يول دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا پەلسەپە پەقەت دۇنيادىن غېمى يوق بىر تۈركۈم قورسىقى توق ئېسىلزادىلەرنىڭ ئەقىل جەھەتتىكى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشىدىكى ئەرمەك دەپ قارايدۇ (ئارىستوتېلىنىڭ ئۆزىمۇ پەيلاسوپلارنى جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانماسلىقى كېرەك بولغان تەبىقە دەپ تەبىرلىگەن). يەنە بەزىلەر بولسا ئۇنى رېئاللىق بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر تاغار قۇرۇق گەپلەرنىڭ يىغىندىسى دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشلارنى بىر ـ بىرلەپ يېشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا مەن تۆۋەندىكى بىر سوئالنى نېگىزلىك تۇتقا قىلماقچى: ئىنسانىيەت تارىخىدىكى شۇ قەدەر كۆپ ئاقىللارنى پەلسەپىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىغان نەرسە زادى نېمە؟ بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئىنسانىيەت مەيلى قايسى خىل مەقسەتنىڭ تۈرتكىسىدىن بولسۇن

پەلسەپىلىششىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ چوقۇم پەلسەپە يارىتىش ئىستىكىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ پەلسەپىلىششىنى باشلىشىنى بىلدۈرىدۇ. گېرمانىيىنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى ئىممانۇئېل كانت مۇنداق دېگەنىدى: «ھېچكىم ھېچكىمگە پەلسەپىنى ئۆگىتەلمەيدۇ، ئۆگەتكىلى بولىدىغىنى پەقەت قانداق پەلسەپىلىششتۇر.» ئەگەر بىز پەيلاسوپلارنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىن قانداق ئايرىلىپ چىققانلىقىغا قاراپ چىقساقلا بىزنىڭ نېمىشقا پەلسەپە ئۆگىنىدىغانلىقىمىز ۋە پەلسەپىنىڭ زادى نېمىگە پايدىسى بارلىقىنى بىلىۋالالايمىز. شۇ سەۋەبكە كۆرە، گېپىمىزنى سوقراتتىن باشلايمىز ۋە شۇ ئارقىلىق پەلسەپىلىششىنىڭ مەنىسىگە قاراپ چىقىمىز. سوقرات غەرب پەلسەپە تارىخىدىكى تۇنجى پەيلاسوپ ئەمەس، ئەلۋەتتە ئاخىرقىسىمۇ ھەم ئەمەس. بىزنىڭ ئۇنىڭدىن كۆرىدىغىنىمىز پەلسەپىلىششىنىڭ زۆرۈرلىكىنىڭ نامايەندە خاراكتېرلىق ئۆلگىسىدۇر. ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇ ئافېنا شەھەر دۆلىتىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىردە ئۆتكەن پۇقراسىدۇر. ئۇ پەيلاسوپتۇر، چۈنكى ئۇ پۇقرادۇر. بۇ ئۇنىڭ پەلسەپىلىرىدە نېمە ئۈچۈن سىياسىي تەركىبلەرنىڭ موللۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، چۈنكى ئۇ شەھەر دۆلىتىنىڭ ئەڭ تۈپكى مەسىلىلىرىگە دىققىتىنى بەرگەن. ئۇ شەھەر دۆلىتىنى يەككە ئىندىۋىدۇئال شەخسنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرىدىغان مۇئەسسەسە سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئەنە شۇ شەخس ئۆزىدىكى مۇمكىنچىلىكلەرنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان زۆرۈر مۇئەسسەسە سۈپىتىدە كۆرىدۇ. باشقىلار سوقراتنى ئەقىللىق دەپ قارايدۇ، ئۇ بولسا ئۆزىنى دۆت چاغلايدۇ. مېنىڭچە، ئۇ غەرب پەلسەپە تارىخىدىكى ئەڭ ئەقىللىق ئادەمدۇر، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ «دۆتلۈكى» نى ئەڭ بىلگۈچىدۇر. ئۇنىڭ پاراستى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا مەركەزلەشكەن: ئۇنىڭ بىرى، پەلسەپىدىكى ھەقىقىي مەسىلە ئىنسانىيلىقنى ۋە ئىنسانىيەتنى چىقىش قىلغان؛ يەنە بىرى پەلسەپە دەل ئىنساننىڭ ئۆزىنى بىلىشىنى چىقىش قىلىشى كېرەك—بۇ ئۇنىڭ «ئۆزۈڭنى بىل» دېگەن مەشھۇر سۆزىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. سوقراتنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلىق ۋە ئۆزى ھەققىدىكى بىلىمگە ئىگە بولمىغان ئىنسان ھەقىقىي ئىنسان بولالمايدۇ، شۇڭا ئۇ ھەقىقىي پۇقرامۇ ئەمەس. ئۇنىڭ بىلمەكچى بولغىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۇ بىلىش ئارقىلىق ئىزدىگىنى ئادەمنىڭ ئۆزى بولالىشى ۋە دۆلەت قۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭ بىلىشى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلىق روھىغا ۋە سىياسىي ئىدىيىگە تولۇپ تاشقاندۇر. ئۇنىڭ پەلسەپىلىششى

ئىنساننىڭ نىمە ئىكەنلىكى ۋە ئىنسانلار توپلىشىپ ياشايدىغان سىياسىي جامائەنىڭ نىمە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى سەممىي، تىرەن ۋە سىستېمىلىق ئىزدىنىشنى كۆرستىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئىنسان بىلەن دۆلەتنىڭ نېمىلىكى ھەققىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىمۇ چوڭقۇر ئويلانغان. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ بىلىشى تەنقىد قىلىش بىلەن باغلانغان. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزى ئىگىلىگەن بىلىملەرنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلىنىپ ئۆزىنى توختىماستىن تەنقىدلەپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز دەۋرىدىكى ئۆزىنى ھەقىقىي بىلىملىك دەپ قارىۋالغان ساختا بىلىمدانلارنى قاتتىق سۆكىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزى بىلەن توختاۋسىز ئېلىشىپ، ئۆزىدىن ھالقىش ياساشنى ئىستىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىمتىياز جەھەتتە ئۆزىدىن كۈچلۈكلەر بىلەن نىمىنىڭ ھەقلىقى ھەققىدە توختىماستىن ئېلىشقان. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ھەقىقەت ھەرقانداق ئىمتىيازدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ؛ ئەگەر پەلسەپىلىشىش ئۆزىنى ھەقىقەتكە يېتىشتىكى بىر ئۇرۇنۇش دەپ قارايدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم نوپۇزنىڭ سەپسەتىسىگە قارشى تۇرۇشى كېرەك. مانا بۇ تەنقىدنىڭ قەدىمدىن ئۆلمەي كېلىۋاتقان روھىدۇر. پەقەت تەنقىدلا ئادەمنى نوپۇزنىڭ ۋە سەپسەتىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن ئازاد قىلىدۇ. ھەقىقەتنى تېپىشتا تەنقىد روھى كەم بولسا بولمايدۇ. ئادەم تەنقىد ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىجادىيلىقىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. سوقرات ھاياتتىن پەقەت بىرلا نەرسىنى تەلەپ قىلغان: ئەركىن پىكىر قىلىش. ئۇنىڭچە، پىكىرنىڭ ئەركىن بولۇشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ سوقراتنىڭ بولغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ توغرىلىقى ھەم ئۇنىڭ ئادالەتنى ھەممىنىڭ ئۈستىگە قويۇشىدۇر. ئۇ ھەتتا ئەركىن پىكىر قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن ھەقىقەتنىڭ شەخسىز ماھىيىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەش ئارقىلىق ھەقىقەتنىڭ پەقەت توغرا ئۇسۇلدا قىلىنغان پىكىر ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭچە ھەقىقەت، ئادالەت، گۈزەللىك ۋە ياخشىلىق بىر-بىرىدىن ئايرىلماستۇر. شۇنداقلا ئۇلار پەلسەپىلىشىشنىڭ ئەڭ تۈپكى مەزمۇنلىرىدۇر. راستىنى ئېيتقاندا، سوقرات پەلسەپىلىشىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمايتتى. پەلسەپىلىشىش ئۇنىڭغا شۇنداق كەسىپ بولۇپ قالغانكى، ئۇنىڭچە پەلسەپىلەشمىگەن ھايات ياشاشقا ئەرزىمەيتتى. ئەنە شۇ سەۋەب تۈپەيلى، ئۇ ياشلارنى زەھەرلىدى دەپ ئەيىبلىنىپ سوت تەرىپىدىن پەلسەپىلىشىشنى تاشلاپ ھاياتىنى نورمال داۋام ئېتىشكە

بۇيرۇلغاندا، ئۇ ئۆلۈمنى تاللىۋالغانىدى. يەنى ئۇنىڭ ئۆزى ئىزدەنگەن پەلسەپىلىشىش ئېلىپ كەلگەن ھەقىقىيلىققا بولغان ئىشىنىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ ئۇستۇن تۇراتتى. ئۇ مۇساپىر بولۇپ باشقا دۆلەتلەرگە كېتىشنىمۇ ۋە پەلسەپىلىشىشنى توختىتىشنىمۇ خالىمىدى، شۇنداق قىلسا ئۇ ئەلۋەتتە ھاياتىنىڭ تەرتىپىنىمۇ، دۆلەتنىڭ قانۇنىي تەرتىپىنىمۇ ساقلاپ قالالايتتى. لېكىن، ئۇ ھەر ئىككىسىدىن ۋاز كەچمىدى. چۈنكى ئۇ دەل ئاشۇ شەھەر دۆلىتىدە ۋە ئاشۇ شەھەر دۆلىتى ئۈچۈن پەلسەپىلەشكەنىدى، ئۇ ياشاش ئۈچۈن پەلسەپىۋىلەشكەنىدى، چۈنكى پەلسەپىلىشىش ئۇنىڭ ھاياتى ئىدى. ئۇنىڭ تالانتى، ئىرادىسى ۋە ياخشى نىيىتىنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ پەلسەپىلىشىشىنىڭ تاكاممۇللىشىشىنىڭ زۆرۈر، لېكىن يېتەرلىك شەرتى ئەمەس. ئۇ پەلسەپىلىشىش ئۈچۈن ياخشى بىر مېتودقا موھتاجدۇر. ئادەم پەلسەپىلىشىشكە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق ۋە نىيەت بىلەنلا پەلسەپىلىشەلمەيدۇ. ئۇ يەنە پەلسەپە ئۇقۇملىرىنىڭ تەبىرىگە قاتتىق پىششىق بولۇشى، يەنە ئىندۇكسىيە (شەيئىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى بىلىمگە ئېرىشىشتىكى مېتود كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭدا تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاۋۋال بىلىنمىگەن ياكى قىياستىكى مەسىلىگە قارىتا يەكۈن چىقىرىلىدۇ، يەنى يېڭى بىلىم يېڭى تەجرىبە بىلەن ئېرىشىلىدۇ)، دېدۇكسىيە (بۇنىڭدا ئاكسىيوملۇق كونا بىلىملەر ئاساسىدە يېڭى بىلىملەر تۈرلەپ چىقىرىلىدۇ)، دىئالېكتىكا (بۇ مەلۇم ئۇقۇمنىڭ ئۆزىنىڭ قارىمۇ قارشى ئۇقۇمى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىش ئارقىلىق ئۆزگىرىش جەريانىنى بارلىققا كەلتۈرۈشىنى كۆرسىتىدۇ) سوقرات تەرىپىدىن بايقىلىپ ھەقىقەتنى بايقاشتىكى ئاچقۇچ بولغان. مانا مۇشۇ مېتودلار پەلسەپىلىشىشتە تا ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. شۇ نەرسە ئېنىق بولۇشى كېرەككى، پەلسەپىۋىلىشىش ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەقىقەتكە ئېرىشىشتىكى مېتودنى ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىنىڭ مەركىزىي قىسمى قىلىپ كەلدى. چۈنكى توغرا مېتود بولماي تۇرۇپ ھەقىقەتنى تاپقىلى بولمايدۇ. سوقرات شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشەنگەنكى، پەلسەپىلىشىش بولمايدىكەن، مەيلى دۆلەت، مەيلى ئىندىۋىدۇئال شەخسنىڭ ئۆزىنى ھەقىقىي چۈشىنەلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر. شۇنداقلا ئۇلار ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىكنى تېخىمۇ قىلالمايدۇ. شۇڭلاشقا، پەلسەپە زۆرۈردۇر. ئەلۋەتتە پەلسەپىنىڭ ئۆزى ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرۇشقا موھتاج. لېكىن، پەلسەپە بولمايدىكەن، ئىنسانلار ئۆزلىرىنى بىلىش ۋە ئىنسانىيلىق بۇرچىنى مۇۋاپىق

يوسۇندا ئادا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ پۈرسەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەمىسە بۇ يۈزلىنىشنى پەلسەپە قايسى ئاساس ئۈستىگە قۇرىدۇ؟ پەيلاسوپلار تارىختىن بېرى ئۆزىنى ئىلىمنىڭ ھەقدارلىرى دەپ قاراپ كەلگەن. ئەگەر پەيلاسوپلارنىڭ بۇ ئۆزلۈك-ئوبرازى (ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولغان قارىشى) توغرا بولسا، ئۇنداقتا ئىلىم-پەنچىلەر—تەبىئىي پەنچىلەرگە قانداق ئورۇننى تارتۇق قىلىمىز؟ تەبىئىي پەنلەر ئالىبۇرۇلا پەلسەپىدىن ئىبارەت «پەقەت» قىياسىي بىلىم بىلەنلا ھەپىلىشىدىغان بۇ «ئاتا ئىلىم» دىن نارازى بولۇپ، ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتمىگەنمىدى؟ بىز يەنىلا پەلسەپە بىزگە تەمىنلەيدىغان بىلىم بىلەن تەبىئىي پەن تەمىنلەيدىغان ئىلىمنى بىر-بىرىگە ئوخشاش ئىلىم سۈپىتىدە قارىشىمىز كېرەكمۇ؟ تارىختىن مەلۇمكى، پەلسەپە ئالىبۇرۇن ئىلىم-پەن ئىزدىنىشى بىلەن ماس قەدەمدە ماڭغان. ئۇلار تاكى ھازىرغىچە تۆۋەندىكى مېتافىزىكىلىق سوئاللارغا بىرلىكتە جاۋاب ئىزدەۋاتىدۇ: دۇنيا نەدىن كەلگەن؟ ماكان دېگەن نېمە؟ زامان دېگەنچۇ؟ ئالەمنىڭ ماكرولۇق قانۇنىيەتلىرى بىلەن مىكرولۇق قانۇنىيەتلىرىنى ئاخىرى بىرلەشتۈرۈپ، بىر ئورتاق قانۇنىيەتنى بايقىغىلى بولامدۇ؟ (بۇ نيۇتون ۋە ئېينىشتېيىندىن كېيىنكى ئۇچىنچى بۈيۈك فىزىك ستېفېن خوۋكىڭ ئۆزىنىڭ دۇنياۋى بازارلىق كىتابى بولغان «ۋاقىتنىڭ تارىخى» دېگەن كىتابىدا سورىغان سوئالدۇر. لېكىن خوۋكىڭ پەلسەپە پېنىنىڭ ئىلىم-پەن ھەقىقەتلىرىنى بايقاشتىكى مۇمكىنچىلىكىدىن گۇمانلىنىدۇ)، قاتارلىقلار. ئارىستوتېل ئۆزىنىڭ پەلسەپىلىشىنى باشلىغىنىدا ماتېماتىكا پېنىنىڭ بەزى مۇھىم ئاساسلىرى ئالىبۇرۇن سېلىنىپ بولۇنغانىدى. ئارىستوتېلنىڭ بىئولوگىيىلىك تەجرىبىلىرىگە دارۋىن يۇقىرى باھا بەرگەن. ئىلىم-پەنچىلەردىن دېكارت، لائىبنىز، نيۇتون، پاسكال قاتارلىقلار پەلسەپىنىڭ يەنىلا زۆرۈرلۈكىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن. ئېينىشتېيىننىمۇ بەزىلەر فىزىك دەپ قارىغاندىن كۆرە پەيلاسوپ دەپ قارالغىنى تۈزۈك دەيدۇ. ھەتتا روھ ئانالىزچى فرېئۇدنىمۇ پەيلاسوپ دەپ قارايدىغانلار كۆپ. شۇنىڭدەك، پەيلاسوپلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ دىققىتىنى ھەر زامان تەبىئىي پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە تىكىپ كەلدى. شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، ئەگەر نيۇتوننىڭ نەزىرىيىسى بولمىغان بولسا، كانتنىڭ پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم قىسملىرىنى قىياس قىلغىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ، پەلسەپىۋى بىلىم بىلەن ئىلىم-پەنلىك بىلىم ئوتتۇرىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك پەرقنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇلار قوش

قاتلاملىق بىلىم، شۇڭلاشقا قوش قاتلاملىق رېئاللىق چۈشەنچىسىدە مۇئەييەن ئورتاقلىقلارغا ئىگە. بۇلار قەدىمقى گرېكلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى قاراش (بىزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەر ھەققىدىكى ئادەتتىكى بىلىش) بىلەن بىلىم (يەنى بىزگە كۆرۈنمەيدىغان ياكى ساپ كۆرۈنمە ھالىتىدىكى رېئاللىق توغرىسىدىكى ھەقىقىي بىلىم) نىڭ پەرقىنى كۆرسىتىدۇ. ئالدىنقىسى پەقەت ماكان ۋە زاماندا مەۋجۇت بولغان ئادەتتىكى شەيئىلەر ھەققىدىكى كۆز قاراش خاراكتېرلىق چۈشىنىشنى كۆرسەتسە، كېيىنكىسى بۇنىڭدىن ھالقىغان ھەقىقىي ۋە شەيئىلەر ئەسلىدىن ئۆزى بولغانلىق ھەققىدىكى بىلىمنى كۆرسىتىدۇ. ماركسنىڭ نەزەرىيىسى بۇ پەرقنى ناھايىتى ئوبدان ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭچە، ئەگەر شەيئىلەر بىزگە ئادەتتىكى ھالدا مۇنداقلا كۆرۈنسە ۋە ئۇلارنىڭ ئەسلىدىن زادى قانداقلىقىنى بىلمىسەك، بۇ ھەقىقىي بىلىم بولالمايدۇ. بىز ئىلىم-پەن بىلەن پەقەت ئىلىم-پەن بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈنلا شۇغۇللانمايمىز، بەلكى بىزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان شەيئىلەرنىڭ (شەيئىلەرنىڭ بىزگە ئادەتتە كۆرۈنۈشلىرىنىڭ) ئارقىسىدا پىنھان قالغان ۋە بىلىنمىگەن ساپ رېئاللىقنى تېپىش ئۈچۈن شۇغۇللىنىمىز. ماركس ئىقتىسادىي رېئاللىقنىڭ جەمئىيەت ۋە تارىخنىڭ فۇندامېنتال رېئاللىقى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مۇشۇ رېئاللىق دەل كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ھادىسىۋى مەۋجۇتلۇق ھالىتىنىڭ ئىچكىرىسى ياكى ئارقىسىدىكى ئابستراكت تەپەككۇر ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدىغان رېئاللىقتۇر.

كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، ئالىملار شەيئىنىڭ قانداق فۇنكسىيىسىنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلىقى بىلەن بىلىشنى ئىستەيدۇ، لېكىن پەيلاسوپلار بولسا رېئاللىقتىكى (يەنى بىزنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمىزدىن ھالقىغان رېئاللىقتىكى) شەيئىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىشنى ئىستەيدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئالىملار تەجرىبە ئارقىلىق نامايان قىلغىلى بولىدىغان ئېنىقلىق ۋە فۇنكسىيە ئامىللىرىنى تەكىتلىسە، پەلسەپە نېمىنىڭ ھەقىقىي رېئاللىق ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىدۇ، ئىپادىلەيدۇ. پەيلاسوپلارنىڭ قارىشىچە، رېئاللىقنى ئىلىم-پەنچىلەرگە ئوخشاش پەقەت ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك ئامىللىرىغىلا تارايتىش رېئاللىق ھەققىدىكى تولۇق بولمىغان بىلىشتۇر. ۋەھالەنكى ئىلىم-پەنچىلەرنىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ تەجرىبىسىدىن ھالقىپ

كەتكەن رېئاللىق ھەققىدە بىلىشنى تەلەپ قىلىش ئادەمنى ئەڭ ئاخىردا ئىسپاتلاش مۇمكىن بولمىغان ۋە پەقەت تەسەۋۋۇر ئارقىلىقلا قىياس قىلىنىغان نەرسىنىڭ بىلىشى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭغا قارىتا پەيلاسوپلار شۇنداق جاۋاب قايتۇرىدۇكى، ئىلىم-پەنچىلەرنىڭ قانچىلىك تەرەققىي قىلىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار يەنىلا نۇرغۇنلىغان ماھىيەتلىك سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئەگەر پەلسەپە ئىسپاتلاش مۇمكىنسىز بولغان قىياسلارغا بېرىلىپ كەتتى دېيىلسە، ئىلىم-پەنچىلەر نېمىنىڭ ھەققىي رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇنداقتا پەلسەپىنىڭ ئىلىم-پەن ئۆز مۇستەقىللىقىغا ئېرىشكەندىن كېيىنكى ئورنى قانداق بولۇشى كېرەك؟

پەلسەپىنىڭ تارىختىن بېرى ئىزچىل تۇردە ھەرگىزمۇ ماتېماتىكىلىق بىلىم، فىزىكىلىق بىلىم ياكى تارىخىي بىلىم دېگەن نېمە ئەمەس بەلكى بىلىم دېگەن نېمە دېگەننى سوراپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ سوئال شۇ قەدەر تەس ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى تېپىش شۇ قەدەر زۆرۈر ئىكەنكى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار 25 ئەسىر ئىزدەندى ۋە يەنە ئىزدىنىدۇ. بۇ سوئالغا ئىلىم-پەننىڭ ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ جاۋاب بېرىپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىلىم-پەن گەرچە ئۆزىنىڭ مۇئەييەن تەتقىقات دائىرىسىدىكى شەيئىلەر ھەققىدىكى بىلىم بىلەن تەمىنلىيەلىسىمۇ، لېكىن بىر پۈتۈنلۈك مەنىسىدىن چىقىپ سورالغان «بىلىم دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

ئىلىم-پەنچىلەرگە ئوخشاش، پەيلاسوپلارمۇ شەيئىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى سوراپلا قالماستىن يەنە مۇشۇ نېمىشقىنى باشقىچە چۈشىنىدۇ. ئۇلار شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇكى، ئەگەر بىرەر شەيئىنىڭ نېمىشقا بىلىنمىگەنلىكى ئېنىق بولمايدىكەن، ئۇنى بىلگىلى بولمايدۇ؛ شۇنىڭدەك پۈتكۈل شەيئىلەر ھەققىدىكى ئاداققى ۋە ئومۇمىي نېمە ئۈچۈنلەر بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ، بىرەر يەككە شەيئىنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىگە جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى بۇ ئاداققى ۋە ئومۇمىي نېمە ئۈچۈنلەر سەۋەب بىلەن نەتىجىلەرنىڭ بىر بىرىگە باغلىنىشىنى سۆزلەيدىغان قانۇنىيەت بولماستىن، بەلكى رېئاللىقنىڭ ئومۇمىيلىق ۋە ئاداققىلىق يۈكسەكلىكىدىكى قۇرۇلمىسىدۇر. مانا بۇ پەلسەپىنىڭ خانتاجى بولغان مېتافىزىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى ۋە نېگىزلىك مەنىسىدۇر .

بۇ بىزنى پەلسەپىنىڭ ئىككىنجى چوڭ ساھەسىگە ئېلىپ بارىدۇ: رېئاللىق دېگەن نېمە؟ رېئاللىق ئۆزىنى قانداق ئايان قىلىدۇ؟ رېئاللىق بىلەن بىلىم بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان، بىر بىرىگە باغلانغان ئىككى ساھەدۇر. شۇڭا، رېئاللىقسىز بىلىمنى، بىلىمسىز رېئاللىقنى قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانىيلىق مانا مۇشۇ ئىككىسىنىڭ ئايرىلماس تەركىۋى قىسمىدىن تۈزۈلىدۇ. ئىنسانىيەت ئادەمنى ھەر ۋاقىت ئارامسىزلاندۇرۇپ تۇرىدىغان مۇنۇ سوئاللارنى سوراپ تۇرىدۇ: رېئاللىق دېگەن نېمە؟ ئىنسان سۇپىتىدىكى «مەن» بۇ رېئاللىقتا قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؟ بۇ سوئاللارنى كانتنىڭ تۆۋەندىكى كلاسسىك سوئاللىرىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: مەن نېمىنى بىلەلەيمەن (بىلىم ھەققىدىكى ماھىيەتلىك سوئال)، مەن نېمىنى چوقۇم قىلىشىم كېرەك (ئەخلاق ياكى ئەخلاقىي بۇرچ ھەققىدىكى مۇتلەق بۇيرۇقنىڭ سوئال شەكلىدە ئىپادىلىنىشى)، ئۈمىد باغلىشىم ئۈچۈن ماڭا بېرىلگىنى نېمە (ئادەم ئۆلگەندىن كېيىنكى مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ مۇمكىنچىلىكى ھەققىدىكى ئويلىنىش)—بۇلارنىڭ نېگىزى دەل ئىنسان دېگەن نېمە دېگەن سوئالغا تۇگەللىنىدۇ .

ئەمدى پەلسەپىنىڭ ئۈچىنچى چوڭ ساھەسىنى قىسقىچە سۆزلەيمەن. بۇ دەل رېئاللىقنىڭ مەنىسىدۇر. يەنى بۇ شەيئىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ نېمىگە كېرەك بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوق. ئۇلار قىممەتتىن خالىي نېترال مەۋجۇداتلادۇر. ئۇلار پەقەت ئىنسانىيەت دۇنياسىغا قاتناشقاندىلا ھەم ئىنسانلارنىڭ قىممەت بېكىتىشىگە ئېرىشكەندىلا بىرەر مەنىگە ئىگە بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاداققى مەنە توغرىسىدىكى ئىزدىنىش ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە تۇگەللىنىدۇ. ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسى بارمۇ؟ ياشاشتىكى مەقسەت نېمە؟ ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسىنىڭ سىياسىي ھايات، ئىقتىسادىي ھايات ۋە تارىخىي ھايات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نېمە؟

پەلسەپە يىغىپ ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنىڭ توختاۋسىز ھالدا نېمىنىڭ بىلىش، نېمىنىڭ رېئاللىق ۋە نېمىنىڭ ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى

ئىزدىنىشلىرىنىڭ جەۋھىرىدۇر. ئۇ ئىنتايىن كەسكىن ئەقلىي ئىزدىنىشتۇر، ئەقلىيلىق ۋە تەنقىد روھىدىن ئايرىلغان ئىزدىنىش ھەقىقىي ئىزدىنىش ئەمەس. بىز سوقراتتىن شۇنى كۆردۇقكى، ئۇنىڭ پەلسەپىلىشىشتىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى دەل تەنقىدچىلىكتۇر. ئۇ ئۆزىنى ئەقىلدار دەپ قارىۋالغانلارنى شەپقەتسىزلەرچە تەنقىد قىلىپ، ھەقىقەتنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىۋېرساللىقىنى ۋە ھەرقانداق شەخسنىڭ توغرا تەپەككۇر ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىنقىلاب خاراكتېرلىق يېڭىلاش ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن يەنە پەلسەپىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيىگە قارشى تۇرۇشىدىكى—يەنى ئىنساننىڭ ھەرقانداق نوپۇزنىڭ تەسىرىدىن خالىي ھالدا ئەركىن پىكىر قىلىشىدىكى—تايانچ ئىلمىلىك ئورنىنى ئورناتتى. ماكىئاۋېللىدىن تارتىپ شۇ نەرسە ئېنىق بولۇپ كېلىۋاتىدۇكى، ئىدېئولوگىيىلىك سىستېمىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ماھىيىتى دەل ھەقىقىي رېئاللىقنى شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي مەنپەئەتلەرنىڭ پايدىسى ئۈچۈن يوشۇرۇشتۇر. ئەلۋەتتە ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىدىيە ئۆزى قاتنىشىۋاتقان سىياسىي تۈزۈمنىڭ، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ۋە كۇلتۇرنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا بولىدۇ. لېكىن پەلسەپىنىڭ كىشىلەرگە تەمىنلەيدىغىنى ۋە كىشىلەرنىڭ پەلسەپىلىشىش ئارقىلىق ئېلىپ بارىدىغىنى ئەركىن پىكىر قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر. پەلسەپە ئۆزىنى تارىختىن بېرى خىلمۇ خىل توسقۇنلۇقلاردىن ھالقىتىش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ .

پەلسەپىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىسى بار. ئۇنىڭدا ئۇستازى سوقراتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئادالەتنى بۇ دۇنيادا ئەمەس بەلكى ئىدىيىلەر دۇنياسىدا مەۋجۇت دەپ قارىغان لېكىن پادىشاھ بولۇپ بۇ دۇنيادا ئادالەت ئورنىتىشقا نىيەت قىلىپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن پېشۋا ئەپلاتون، ئىنساننىڭ ئەخلاقىي ھاياتىنى ئۆزگەرتىشچان تاشقىي مۇھىتتىن ساقلاش ئۈچۈن ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ رولىغا ئىشەنگەن ھەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇللۇق تۈزۈمنى ساقلاپ قېلىشنى تەكىتلەپ كەلگەن مۆتىدىلپەرەس ئارىستوتېل، كىشىلەرنى ئەخلاقىي قانۇنلارغا مۇرەسسەسىز بويسۇنۇشقا چاقىرغان ھەمدە ئەخلاقىي مۇكەممەللىكنى قوغلىشىپ بىر ئۆمۈر توي قىلماي ئۆتكەن كانت تاغا ،[1] «خۇدا ئۆلدى ئەمدى

دۇنياغا كېلىدىغىنى يۈكسەك ئادەمدۇر» دەپ جاكارلىغان لېكىن ئۆزى ئېچىنىشلىق تەرزدە ئۆلۈپ كەتكەن «ئىسيانكار» نىچې، كىشىلەرنى پەلسەپىنى يېڭىۋاشتىن گىرىكلەشتۈرۈشكە چاقىرغان ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزى ھەتتا قەدىمقى گىرېكلەردىنمۇ ئۆتە گىرېك بوپ كەتكەن پەلسەپە ئەسلىيەتچىسى خايدېگگېر قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ پەلسەپە ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى غەرب پەلسەپىسىنىڭ ئەنئەنىسىنىڭ ئۇمۇرتقىسىدۇر. ئۇلار ھەم پەلسەپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنقىلاب خاراكتېرلىق ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەنلەردۇر. ئۇلارنىڭ پەلسەپىدىكى گىگانت ئوبرازى بىر تەرەپتىن ئادەمنى قايىل قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن ئادەمنى ئەيمەندۈرىدۇ. ئۇلۇغلاردىن ئەيمىنىش كۆپ ھاللاردا ئۆزىمىزنىڭ ئىجادچانلىقنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ چەمبىرىكىدە بىلىپ بىلمەي بىر ئۆمۈر چۆگىلەپ يۈرىشىمىزنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى دەل توغرا تەنقىدتۇر. ئۇلۇغلارنى تەنقىدلىيەلەش ئۆزلۈكنىڭ قۇتۇلۇش يولى بولسا، ئۇلۇغلارغا تەقلىد قىلىش، خۇددى ئېمەرسون ئېيتقاندەك ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتۇر. شۇڭا، پەلسەپىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەن ئادەم كۆپ ھاللاردا «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش» ۋەھىمىسى ئىچىدىن قۇتۇلۇش يولى ئىزدەشكە قالىدۇ .

يۇقىرىقى نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەلسەپىلىشىش ھەر بىر ئىنسان ۋە ھەر بىر مىللەت ۋە ياكى ھەر بىر دۆلەت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئەنگلىيە پەيلاسوپى ئا.ن. ۋايتىخېد «بىرەر مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئۇقۇملىرىنىڭ قانچىلىك كۆپلۈكى ۋە موللۇقىغا قاراش كېرەك» دېگەنىدى. دەرۋەقە، پەلسەپىلىشىشنىڭ كېرەك قىلىدىغىنى ئۇقۇملاشقان تەپەككۇردۇر. بۇنىڭدا رېئاللىقنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئۇقۇملارنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ. پەلسەپىنىڭ ئۇقۇملىرى قانچە دەل ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت قانچە ئىنچىكىلەشسە، بىزنىڭ رېئاللىق ھەققىدىكى چۈشىنىشىمىز شۇنچە كەڭ ۋە شۇنچە چوڭقۇر بولۇپ ماڭىدۇ. پەلسەپىنىڭ ئاداققى ئۇقۇملىرى كۆپ ھاللاردا ياخشىلىق، گۈزەللىك، ئادالەت ۋە ھەقىقەت قاتارلىقلاردۇر. غەرب پەلسەپىسى مانا مۇشۇ تۈپكى ئۇقۇملارنىڭ مەنىسىنى ئىزدەش ئارقىلىق رېئاللىقنى خىلمۇ خىل شەرھلەپ كەلدى .

پەلسەپە بىر مىللەت ئۈچۈن شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، ئۇ دەل ئاشۇ مىللەتنىڭ تەپەككۇرىنىڭ تېرەنلىرىدە بايقالغان رېئاللىقنى ئۇقۇملاشقان سىستېمىدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ شۇ مىللەت كۇلتۇرى ئۆزىدە ئىپادە قىلغان تۇرلۇك تەپەككۇر رېئاللىقنى ئۇقۇملاشتۇرۇپ ماڭىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاشۇ مىللەت توپى ئۆزىنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇقۇملۇق قۇرۇلمىسىنى، يەنى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئالاھىدىلىكىنى، ھېس قىلىپ ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ماڭىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇقۇملۇق تەپەككۇرگە مايىل مىللەتلەرنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشى كۆپ قاتلاملىق ۋە تېرەن بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار كۆرۈنمە دۇنيادىن ھالقىپ رېئاللىقنىڭ ئاداققى قۇرۇلمىسىنى ۋە مەنىسىنى چۈشەنمەك بولىدۇ. ئەكسىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پەلسەپە ئارقىلىق مەلۇم مەدەنىيەتنىڭ تەپەككۇر ئادىتىنى، خىلمۇ خىل ئىشىنىشلىرىنىڭ سىستېمىلىق باغلىنىشىنى ۋە ئەخلاق كۇلتۇرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، يەنە شۇ پەلسەپە ئارقىلىق شۇ مىللەت ئەزالىرىغا قارىتا ئىدىيىۋى ئاقارتىش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، مەسىلەن قانداق مەسىلىلەرنى ئويلاش ۋە قانداق ئويلاش، ئەخلاق مەسىلىلىرىگە قارىتا قانداق ھۆكۈم چىقىرىش، قاتارلىقلار.

قويۇق مىللىيلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇش سۈپىتى بىلەن، پەلسەپە شۇ مىللەتنىڭ ئەزالىرىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ تەدرىجىي قېلىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. پەلسەپە ئىتايىن مۇنتىزىم تەپەككۇر جەريانىنى تەلەپ قىلىش جەھەتتە ماتېماتىكىدىن پەرقلەنمەيدۇ، شۇڭا ئۇ مۇئەييەن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ پىكىر قىلىشتىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى بايقىشىغا ۋە يېڭىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. پەلسەپىدە قانچە تەرەققىي قىلغان مىللەتنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرىمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ھەقىقەتنى تونۇش ۋە ئۇنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرۈشتەك پەلسەپىۋى پوزىتسىيە ئاشۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى ئاشۇرىدۇ، چۈنكى ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان جەمئىيەتتە كىشىلەر قانۇننى، ئادالەتنى ۋە ياخشىلىقنى قوغلىششقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. مانا مۇشۇ ئامىللار ئەنە شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەقلىي جەمئىيەت بولۇشىنىڭ ئاساسىدۇر. كىشىلەر ھەممە ئورتاق ئىگە بولغان ئەقلىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىشلىتىشكە يۈزلەنسە،

شەكىسزكى ئۇلار مۇشۇ ئەقىل تەلەپ قىلىدىغان تەلەپكە بويى سۇنىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ئۇشبۇ ئەقىلنىڭ گەۋدىلىنىشى بولغان قانۇننى، ئەخلاقىي نورمىلارنى ۋە جامىئە قائىدە-تۈزۈملىرىنى يەكدىللىق بىلەن ھىمايە قىلىدۇ ۋە قوللايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تېگىدىن ئالغاندا ھەممىگە ئورتاق بولغان ئەقىلنىڭ فۇنكسىيىسىنىڭ ھەممىدە ئورتاق رول ئويناپ، ئۆز-ئارا ئۇيۇشۇشچانلىق ۋە ماسلىششىنى مەيدانغا كەلتۈرۈۋاتقانلىقىدۇر .

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارغا غەرب پەلسەپىسنى تونۇشتۇرۇش نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن غەرب پەلسەپىسى تەتقىقاتىنىمۇ قانات يايدۇرۇشىمىز، ئالىي مەكتەپلىرىمىزدە غەرب پەلسەپىسنى ئۆتۈشنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك ئىدى. لېكىن بۇنىڭدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار بار. مەن بۇ يەردە پەقەت بىر قەدەر كەڭ دائىرىدىكى مەسىلىلەرنىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

ئۇيغۇرلاردا پەلسەپە بولامدۇ؟ بۇ بىر قىسمىلىرىمىز بولۇپمۇ مەن ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان تېمىدۇر. ئۇيغۇرلاردا كەلگۈسىدە پەلسەپىنىڭ بولۇشىنى ئالدى بىلەن جوڭگودا پەلسەپىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن چىقىپ تۇرۇپ ئويلاشقان ياخشى. مەيلى چەتئەلدىكى بەزى تەنقىدچىلەرنىڭ قانداق باھا بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، جوڭگودا قەدىمدە پەلسەپە ئەنئەنىسى بولغان، گەرچە بۇ غەربنىڭكىگە ئوخشاپ كەتمىسىمۇ. لېكىن، بۇ ئەنئەنە ئاللىبۇرۇن توختاپ قالغان بولۇپ، ھازىر بەزى پەلسەپە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قىلىۋاتقىنى پەقەت بىرىنى توختىماستىن شەرھلەشتۇر. يەنە بەزىلەرنىڭ قىلىۋاتقىنى ياكى ماركسىزم پەلسەپىسنى ئۆلگىرىلەپ تەتقىق قىلىش ۋە ياكى غەرب پەلسەپىسنى ئۆگىنىپ، شۇنى شەرھلەشتۇر. ئۇلار ئۆزىنىڭ پەلسەپە ئەنئەنىسىنىڭ غەربنىڭكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغانلىقىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇرلىرىدىن ئېتىراپ قىلغاچقا، قەدىمقى پەلسەپە ئەنئەنىسىگە قايتىشنى خالىمايدۇ، لېكىن ئۇلار شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ غەرب پەلسەپىسىدىن تۈپتىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان پەلسەپە ئەسەرلىرىنى يارىتىشىمۇ ۋاقتىنچە مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇلار ئوتتۇرىدا توختاپ قالغۇچىلاردۇر. ئۇلار قەدىمقى پەلسەپە ئەنئەنىسگە قايتىشنى خالىمايدۇ، شۇنداقلا غەربنىڭكىنىمۇ تېگى-تېگىدىن خۇددى

غەربلىكلەر ئۆزلىرىنىڭكىنى چۈشەنگەندەك چۈشەنمەيدۇ. چۈنكى، پەلسەپە گەرچە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئىزدىنىشىنىڭ ئوبيېكتى بولغان ھەقىقەتنى نىشان قىلسىمۇ، ئۇ يەنە قويۇق كۇلتۇرلۇق ئالاھىدىلىكىنىمۇ ھازىرلىغان. ئۇنى تەلتۆكۈس چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇشبۇ كۇلتۇرغا نىسبەتەن بىۋاستە تەجرىبە بولۇشى كېرەك.

مانا مۇشۇ خىل ئوتتۇرىلىقتا قېلىش ھالىتى جوڭگو پەلسەپە تەتقىقاتچىلىرىغا يېڭى خىرىس ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى مەركىزىي مەسىلە جوڭگودا پەلسەپىنىڭ كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات مەسىلىسىدۇر. پەلسەپە، ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا غەرب ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، پەلسەپە ئاتالغۇلىرىنىڭ ۋە ئۇقۇملىرىنىڭ ھەممىسى شەكسىزكى غەربنىڭكىدۇر. ئۆزگىچە خاس پەلسەپە كۇلتۇرى ياراتماقچى بولغانلار مۇنداق رادىكال تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ: ياكى غەربنىڭ پەلسەپە ئۇقۇملىرىنى ئارىيەت ئېلىپ غەربنىڭكىگە ئوخشايدىغان پەلسەپە يارىتىش ياكى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى پەلسەپە ئەنئەنىسىگە قايتىپ، ئۇنىڭدىن ئىجادىي ئىلھام ئېلىش. لېكىن، غەربلىكلەرنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلدا يارىتىلغان پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىشى قىيىنغا چۈشۈشى مۇمكىن، چۈنكى بىز ئۇلارنىڭ پەلسەپىسىنى تېگى ـ تېگىدىن چۈشەنمىگەندەك، ئۇلارمۇ بىزنىڭكىنى تېگى ـ تېگىدىن چۈشەنمەيدۇ. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ بۇنداق پەلسەپىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى يەرلىك كۇلتۇر بىلەنلا چەكلىنىپ، ھاياتىي كۈچى ئاجىز بولىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ، جوڭگودا پەلسەپە تەتقىقاتى بىر بىرى بىلەن كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان مۇنداق ئىككى رادىكال ھالەتنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ: يا غەرب پەلسەپىسىنىلا شەرھلەش يا قەدىمقى پەلسەپە ئەسەرلىرىنىلا شەرھلەش. يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا جوڭگودا پەلسەپە بىلەن ئىجادىي شۇغۇللىنىشقا خېلى ۋاقىت كېتىدۇ .

ئۇيغۇرلاردا پەلسەپە تەتقىقاتى تېخىمۇ ئاجىز ھالەتتە ۋە ھەتتا يوق دېيەرلىك. ئۇيغۇرلاردا پەلسەپە يارىتىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى تېخىمۇ كەڭرىرەك كۇلتۇر ۋە دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن چىقىپ تۇرۇپ ئويلاش كېرەك. ئىسلام دىنىنىڭ پەلسەپە، يەنى غەربلىكلەرنىڭ چۈشىنىشىدىكى پەلسەپە، بىلەن

بولغان مۇناسىۋىتى ئالاھىدىراق. شۇ نەرسە ئېنىقكى، پەلسەپىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەتقىقات نىشانى مۇتلەق رېئاللىق بولمىش ئىلاھىي رېئاللىق ھەققىدە ئىزدىنىشتۇر. لېكىن ئىسلامدىكى بەزى ئۆلىمالار ئىنسانىنىڭ ئىلاھىي رېئاللىق ھەققىدىكى چەكتىن ئاشقان ئىزدىنىشىنى قۇرئاننىڭ ئەسلى روھىغا، يەنى خۇدانىڭ رېئاللىقى ھەققىدە زىيادە ئېچىكىرلاپ كىرمەسلىك ھەققىدىكى تۈپكى روھىغا، خىلاپ دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا پەلسەپە بىزنىڭ خۇدانى تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىشىمىزگە يول ئاچىدۇ دەپ قارايدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە ئۇيغۇرلاردا پەلسەپىنىڭ بولۇش بولماسلىقى دەل ئالدى بىلەن مۇشۇ زىددىيەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا باغلىق. لېكىن بۇ يەردە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش شۇكى، پەلسەپىنى چوقۇم خۇدانىڭ چۈشىنىشىنىڭ يولى قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئۆزىگە خاس يوللىرى بار بولغان. مانا مۇشۇ نۇقتا بىزنى تۆۋەندىكى مۇمكىنچىلىككە باشلايدۇ: ئۇيغۇر پەلسەپىسىنىڭ كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتىنى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە كونتېكىستىدىنمۇ ئىزدەش. ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، پەلسەپە كۆچلۈك كۇلتۇرلۇق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىلىمدۇر. لېكىن بۇنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن قانداق مۇمكىنچىلىكلىرى ۋە مەسىلىلىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدە مەن ھازىر ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن، چۈنكى مەن بۇ ھەقتە تەپسىلىي ئىزدىنىپ باقمىدىم. بۇ مېنىڭ كېيىنكى قىلىدىغان پىلانلىرىمنىڭ بىرىدۇر .

مەنبە: مەتىمىن ئەلا ئەپەندىنىڭ «پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات» ناملىق بىلوگىدىن

# ياپونىيەدىكى شىنجاڭغا دائىر ماتېرىياللار

سۇگاۋارا جۇن (ياپونىيە)

## 1. بىر كونا كىتابتىن




ئالدىمدا بىر كونا كىتابنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى تۇرۇپتۇ. بىسۇمى خىرېيوشى ئەپەندىنىڭ "ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىلى ـ كاشغەر شىۋىسى" دېگەن ئەسىرى بولۇپ، بۇ ياپونىيىدە كاشغەر شېۋىسى ھەققىدە يېزىلغان تۇنجى ماتېرىيال بولسا كېرەك (1941 ـ يىلى توكيو رىيوبون نەشرىياتى نەشر قىلغان). مەن بۇ كىتابنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلىغاندا پېشقەدەم كەسىپداشلىرىم ساقلاۋاتقان كىتابلار ئارىسىدىن كۆپەيتىۋالغانىدىم. مەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ياپونچە مۇنداق ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيرانلا قالغان ئىدىم.

بۇ ئىككى قىسىملىق ئەسەر بولۇپ، 1 ـ قىسمى ئۇيغۇر تىلىنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسىغا ئاتالغان. 2 ـ قىسمى ئاساسەن سۆزلۈك بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە ھەر خىل جەدۋەل ( يەر ـ جاي ناملىرى ،

شۇنىڭدەك تۈرك تىلى بىلەن كاشغەرىيە شۇئىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ( قوشۇمچە قىلىنغان. 2-قىسمىدا كىتابنىڭ ـ 1قىسمىدا كۆرسىتىلگەن مىساللار ئەرەب يېزىقىدا بېرىلگەن.

بۇ ئەسەرنىڭ نەشردىن چىققىنىغا 60 يىل بولغاچقا، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، يېزىقى ۋە ئىملا جەھەتتە ھازىر شىنجاڭدا قوللىنىلىۋاتقان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن پەرقلىق، گراماتېكىسىدىمۇ قەدىمىي پۇراق بار. ئەمما نەزەرىمىزنى ئەسەردىكى يەنە بىر تارىخىي جەريان 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ياپونىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن ئۇيغۇرلار مۇناسىۋىتىگە ئاغدۇرساق، ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان يەنە بىر مەسىلىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

## 2 . گەپنى 1930-يىللاردىن باشلايلى

ياپونىيىنىڭ نەزىرى چۈشكەن شىنجاڭ مانجۇرىيە ۋەقەسى ـ 1931)يىلى) ۋە ئاتالمىش مانجۇرىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى (1932-يىلى) دىن پايدىلانغان ياپونىيە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىۋاتقان مەزگىلدە، شىنجاڭدا بولسا قۇمۇل قوزغىلىڭىغا ئەگىشىپ 1932-يىلى تۇرپاندا، 1933-يىلى خوتەندە ۋە باشقا جايلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى يۈزبەرگەن ئىدى، بولۇپمۇ ئەتراپلىق پىلان بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ " ئەمىر نامىغا ئېرىشكەن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا باشچىلىقىدىكى خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەشكە مۇۋەپپەق بولغان ئىدى. ئارقىدىنلا خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ياركەنت، كاشغەرلەرگە يۈرۈش قىلىپ، كاشغەردىكى مىللەتچىلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرى ۋە كاشغەرگە كەلگەن تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن دەرھال بىرلىشىپ 1933-يىلى 11-ئايدا «جۇمھۇرىيەت» ئېلان قىلدى. بۇ جۇمھۇرىيەتتە مۇرەككەپ قوزغىلاڭچى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇش، تەرىقىبازلىق يۈرتبازلىق)، دۆلەت تۈزۈلمىسىنى قوغدايدىغان ئاساسنىڭ بولماسلىقى ، خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشەلمەسلىك، ھەربىي

جەھەتتىكى ئاجىزلىق قاتارلىق نۇقسانلار مەۋجۇت ئىدى. شۇ سەۋەبلىك 1934 ـ يىل 2 ـ ئايدا تۇڭگانلار كاشغەرگە بېسىپ كىرگەندە ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارى بولمىغان بۇ ھاكىمىيەت ۋەيران بولدى.

1931 ـ يىلدىن، 1934 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭدا يۈزبەرگەن قوزغىلاڭ ۋە باشقا ھەرىكەتلەر ئاقىۋەت يېرىم يولدا مەغلۇپ بولدى. بۇ مەزگىلدىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە ياپونىيە ھۆكۈمىتى خېلى دىققەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى بىلىدىغان كىشىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس.

(1) ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا يېقىندىن دىققەت قىلغانلىقىغا دائىر ئىزلارنى ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئارخىپلىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋشكە بولىدۇ (بۇ تور بەتنى ياپون، خەنزۇ، ئىڭلىز، كورىيە تىللىرىدا ئاختۇرۇپ كۆرۈۋشكە بولىدۇ.

(2) ئەينى چاغدىكى ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا دىققەت قىلغانلىقىغا دائىر ماتېرىياللار ياپونىيە دائىرىلىرى ئارخىپلىرى، بولۇپمۇ خارجى مىنىستىرلىقى ئارخىپخانىسىدا ساقلانغان. شىنجاڭغا دائىر ماتېرىياللار جەمئىي 257پارچە بولۇپ، بۇ ماتېرىياللارنى ھازىر تور ئارقىلىق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ماتېرىياللارنى تەپسىلي كۆرۈش ئۈچۈن شىنجاڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار تويلىمى (ئەمدى "توپلام" دەپ قىسقارتىلىدۇ) دېگەن توققۇز توملۇق زور ھەجىملىك توپلامغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. 7500 بەتلىك بۇ توپلامغا تايشۆنىڭ 15 ـ يىلى (1926 ـ يىلى) 5 ـ ئايدىن شوۋانىڭ 19 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) 12 ـ ئايغىچە بولغان ئاز كەم 20 يىللىق ماتېرىيال كىرگۈزۈلگەن. "ش ت ئى ج" دىن ئىبارەت بۇ ھەرىكەت تازا ئەۋجىگە چىققان شوۋانىڭ 8 ـ يىلى (1933 ـ يىلى ) دىن بۇيانقى مەزمۇنلار پۈتكۈل توپلامنىڭ تەخمىنەن 7300 بېتىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ مۇشۇ ماتېرىيالنىڭ تەخمىنەن 70% ئىنى ئىگىلەيدۇ. مانا بۇنىڭدىن ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشۇ مەزگىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە دىققەت قىلىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

**3. شىنجاڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمىنىڭ مەزمۇنى**

توپلام مەزمۇنىنىڭ كۆپ قىسمى ياپونىيە خارجى مىنىستىرلىقىنىڭ ھەرقايسى ئەللەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ۋە كونسۇلخانىلىرىغا چۇشۇرگەن شىنجاڭغا دائىر ئۇچۇر، ئاخباراتلارنى يىغىش ھەققىدىكى بۇيرۇقلىرى ھەمدە بۇ ئەلچىخانا، كونسۇلخانىلار ياپونىيىگە يوللىغان شىنجاڭغا دائىر ئاخباراتلار ؛ قوشۇمچە ماتېرىياللار (مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ خاتىرىسىنىڭ تەرجىمىسى، ئۇيغۇرچە ماتېرىياللار، ژۇرناللار، ياۋروپا ئەللىرىدە نەشر قىلىنغان ماتېرىياللار، گېزىت قىيىملىرى، شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ تەپسىلىي خەرىتىسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەپسىلىي خامچوتلىرى، قانۇنلۇق ۋە مەلۇم قانۇنسىز يوللار ئارقىلىق قولغا چۈشۈرۈلگەن باشقا ماتېرىياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ئاز بىر قىسمى ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى تەمىنلىگەن شىنجاڭغا ئائىت ئاخباراتلار، شىنجاڭغا دائىر دەپ قارالغان بىر قىسىم شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرىگە دائىر مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەينى چاغدا جۇڭگو ئەمەلدارلىرى شىنجاڭغا بېرىپ ـ كېلىشتە خەتىرى كۆپ ئىچكىي ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا مېڭىشتىن ئەندىشە قىلغاچقا ئالدى بىلەن تيەنجىندىن ياپونىيىنىڭ كوبو دېگەن يېرىگە بېرىپ ئاندىن پويىز بىلەن فۇكوئى ناھىيىسىدىكى سىرۇگاغا ، ئۇ يەردىن پاراخوت بىلەن ۋلادۋوستوكقا باراتتى. بۇ يەردىن سىبىرىيە تۆمۈر يولى ئارقىلىق ئالمۇتاغا ، ئالمۇتادىن ئىلى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە بېرىپ ـ كېلىدىغانلار كۆپ ئىدى. مۇشۇنداق كىشىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئىچىدە فۇكوئى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قول قويغان فۇكوئىدىن ئۆتكەن جۇڭگولۇق ئەمەلدارلارنىڭ تىزىملىكى بار. بۇ تىزىملىك ئىچىدە قوزغىلاڭ مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان ئەسەرنىڭ ئاپتورى ۋۇ ئەيچېننىڭ ئىسمىمۇ ئۇچرايدۇ. ئەينى چاغدا شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان كونسۇلخانىلار (مەسىلەن ئافغانىستاننىڭ كابۇل، ھىندىستاننىڭ شىملا بىلەن كالكۇتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نوۋوسىبىرسكىي، جۇڭگونىڭ شاڭخەي قاتارلىق جايلىرىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلار (شىنجاڭغا دائىر ئاخباراتلارنى

خارجى مىنىستىرلىكىگە يوللاپ بېرىش بىلەن تەڭ يەنە شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك دەۋاسى قىلغۇچىلار بىلەنمۇ ئۇچرىشىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ كاشغەردىكى ھاكىمىيەت يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قالدۇق كاتتىۋاشلىرى ھىندىستان، ئافغانىستان، تۈركىيە، مىسىرلاردىن سىرت توكيو، شاڭخەي‌لەرگىچە يېتىپ كەلگەن .ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئۇلار بىلەن ھەرقايسى جايلاردا ئاكتىپ ئۇچرىشىپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار ئاخباراتلارنى توپلىۋېلىشقا تىرىشقان.

ئەمىر ئۇنۋانىدىكى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ياپونىيىنىڭ كابۇلدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا دائىم بېرىپ تۇرغان، ئۇ ئۆز خاتىرىلىرىنى ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخبارات توپلىشىغا ياردەملىشىپ ئاكتىپلىق بىلەن تەقدىم قىلغان. توپلامدا خوتەن ئەمىرىنىڭ سۆزى، دېگەنەدەك سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە دائىر چۈشەندۈرۈش ۋە ئانالىزلارنى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ تەمىنلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنە 1933 ـ يىلىدىكى قوزغىلاڭ مەزگىلىدە كاشغەردە قوماندان بولغان سۇرىيىلىك ئەرەب تەۋفىقبايغا دائىر خەۋەرلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ، تەۋفىقباي 1936 ـ يىلى ياپونىيىگە كېلىپ خارجى مىنىستىرى ئارىدا خاچىرو دېگەن كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە دائىر پىكىرلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن ھەمدە مۇسۇلمانلار ئىشلىرىغا ئائىت كونكرېت لايىھىنى تۈزۈپ چىققان، ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى گۇمانلىق بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنى 1930 ـ يىللاردىكى مۇھىم بىر پائالىيەتچى شەخس، دەپ قاراشقا بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ياپونىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە قىلغانلىقىغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## 4 .ماھمۇد مۇھىتىنىڭ ياپونىيىگە كېلىشى

ياپونىيە ھۆكۈمىتى 1936 ـ ، 1937 ـ يىللىرى شىنجاڭ مەسىلىسىدە ئالاھىدە دىققەت قىلغان يەنە بىر ئىش ــــ كاشغەر گارنىزون قوماندانى بولۇپ تۇرغان ماھمۇد مۇھىتىنىڭ ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. ماھمۇد مۇھىتى تۇرپانلىق سودىگەر بولۇپ، 1933 ـ ، 1934 ـ يىللىرىدىكى قوزغىلاڭدا خوجانىيازنىڭ قول ئاستىدىكى قۇمۇل قوشۇنىنىڭ قوماندانى بولغان، خوجانىياز ئۈرۈمچىدىكى

شىڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەندىن كېيىن خوجانىياز رەھبەرلىكىدىكى كاشغەر گارنىزونىنىڭ قوماندانى بولغان مۇھىم شەخس.

ماھمۇد مۇھىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سايىسىدە كۈچىيىۋاتقان شىڭ شىسەينىڭ تەھدىدىنى بايقاپ قالغاچقا 1937-يىلى قاراقورۇم تاغ تىزمىسىدىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا بارغان. ياپونىيە ھۆكۈمىتى ماھمۇد مۇھىتىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغاچقا ئۇنىڭ جۇڭگو ئەلچىخانىسى بىلەن ئۇچرىشىشىنى كۆزىتىش بىلەن بىللە ئۆزلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشىگىمۇ ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ قويغان. ياپونىيە ھۆكۈمىتى شىڭ شىسەينىڭ كاشغەردىكى ئاتلىق 6-دېۋىزىيىگە ئەۋەتكەن بۇيرۇقى بىلەن ماھمۇد مۇھىتىنىڭ سۈرەتتىگىچە قولغا چۈشۈرۈپ بولغان، بۇنى بەلكىم ماھمۇد مۇھىتى تەرەپتىن بىرسى تەمىنلىگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇ يىلى كۈزدە ماھمۇد مۇھىتى ھەج قىلىش ئۈچۈن ھىندىستاندىن ئىستانبۇلغا يېتىپ كەلگەن. 1938-يىل 10-ئايدا ھىندىستانغا قايتىپ كەلگەن. ئەمما لاھوردا ھۆكۈمەت ساقچىلىرى بىلەن (ئەمەلىيەتتە ماھمۇد مۇھىتىنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ مال-دۇنياسىنى ئېلىپ قېچىشتىن كېلىپ چىققان جېدەل ) جېدەللىشىپ قېلىپ ھىندىستاندا تۇرالماي ئامالسىز ياپونىيىگە تايىنىشقا مەجبۇر بولغان.
ماھمۇد مۇھىتىنىڭ ياپونىيىگە كېلىشى ھەققىدە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن ئۇچراشقان مانجۇرىيە تۆمۈر يولىدا ئىشلەيدىغان تاكېئۇچى يوشىنورى ناھايىتى ئاددىي بىر ئەسلىمە قالدۇرغان ( تاكېئۇچى يوشىنورى : " ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئەسلىمە " ، " ئاسىيا - ئافرىقىغا دائىر ماتېرىياللار "، 1982-يىللىق 4-سان ، -20توم). تاكېئۇچى يوشىنورىنىڭ خەۋىرىدىن قارىغاندا، ماھمۇد مۇھىتى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 15 ئادەم ياپونىيىنىڭ شاڭخەيدىكى كونسۇلخانىسىدىن ياردەم سورىغان .ئۇلارنىڭ تەلىپى ماقۇل كۆرۈلۈپ ياپونىيىگە بارغان. توپلامغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ياپونىيىگە كەلگەن ۋاقتى شوۋانىڭ 14-يىلى ( 1939-يىلى ) 5-ئاي ئىدى. تاكېئۇچى يوشىنورى تىلغا ئالغان ماھمۇد مۇھىتى بىلەن بىللە ياپونىيىگە كەلگەن ئادەمنىڭ ئىچىدىكى 3 ئادەمنىڭ ئىسمى باشقا ماتېرىياللاردىمۇ ئۇچرايدۇ.

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاۋۋال تىلغا ئالىدىغىنىم كاشغەرلىك مۇھەممەد ئىمىن ئىسلامى ، دېگەن كىشىدۇر. مۇھەممەد ئىمىن ياپونىيىگە كەلگەندىن كېيىن ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ ياپونىيىدە تۇرۇپ قالغان. ھازىرقى توكيو جامەسىنىڭ يېنىدىكى يويوگى مەسچىدىدە ئىماملىق قىلىۋاتقان ئابدۇرەشىد ئىبراھىمنىڭ ) ئابدۇرەشىد ئىبراھىم ھەققىدە : كوماتىس خىسائو بىلەن كائۇرى بىرلىكتە تەرجىمە قىلغان، 1991 ـ يىلى توكيو دايسانشوكان نەشرىياتى نەشر قىلغان " رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ نەزىرىدىكى مېيجى دەۋرىدىكى ياپونىيە"

(دېگەن كىتابقا قاراڭ) يېنىدا تۇرغان، ئابدۇرەشىد ئىبراھىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن يويوگى مەسچىدىدە ۋاقىتلىق ئىمام بولغان، 2 ـ جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. مۇھەممەد ئىمىننىڭ قەلىمى كۈچلۈك بولغاچقا ئۇنىڭ ئىككى پارچە ئەسىرى ساقلىنىپ قالغان، بىرى 1930 ـ يىللاردىكى خوجانىياز ھاجى، سابىد داموللا ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، ماھمۇد مۇھىتلارنىڭ ھەرىكەتلىرى خۇلاسىلەنگەن ئەسلىمىدۇر. بۇ ئەسەر ياپونىيىنىڭ شاڭخەيدىكى كونسۇلخانىسىغا تاپشۇرۇلغان قولىيازما بولۇپ، ئۇيغۇرچە 40 ۋاراق كېلىدۇ. بۇ قولىيازما توپلامنىڭ ـ 9تومىغا كىرگۈزۈلگەن. يەنە بىرى ئۇلار سەپەرگە چىقىشنىڭ ئالدىدا ۋاپات بولغان يولداشلىرىنى ئەسلەپ يازغان "مۇھاجىرەتتە يوقالغان مۇجاھىدلىرىمىز ـ 1941 ) " يىلى توكيو نەشرى ) دېگەن ئەسەر بولۇپ، ياپونچە ـ ئۇيغۇرچە ئىككى خىل تىلدا خاتىرىلەنگەن بۇ ئەسەر ئۇنىڭ تۇرالغۇسى ۋە يويوگى مەسچىدىدە تارقىتىلغان.

يەنە بىر كىشى ماھمۇد مۇھىتىدىن قالسا 2 ـ نومۇرلۇق شەخس ، دەپ قارىلىدىغان باي ئەزىزدۇر. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سىزىكى سىمىكو دېگەن ئايال يازغان " پەرەنجىلىك ئايال " ( 1951 ـ يىلى " ماينىچى گېزىتى " نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ) دېگەن كىتابتا بۇ كىشى سەلبىي ئوبراز سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، باي ئەزىز 1949 ـ يىلىدىن كېيىن يەنە "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"نى بېشىدىن كەچۈرگەن ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئالاھىدە شەخستۇر.

ئۈنىڭ ئەسلىمىسى
"شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى " غا كىرگۈزۈلگەن ( باي ئەزىز : " ماھمۇد سىجاڭ بىلەن بولغان 12 يىل "، " شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى " 6 ـ سان) ئۈچىنچى كىشى توختىباي، كاشغەرلىك، ياپونىيىلىك ئايال بىلەن توي قىلغان. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپونىيىدە مۇساپىرچىلىقتا ياشىغان . ـ1955يىلى توكيودا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان. ئۇ سۆزلەپ بەرگەن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئەھۋالى، كاشغەردىكى باياشات ئائىلىسى، ئائىلىسىنىڭ ۋەيران بولۇش جەريانى قاتارلىق ئەھۋاللار 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ژۇرنالغا تاللاپ بېسىلغان
(توختىباي " : ناتونۇش ئادەتلەر ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتلىرى " ـ " ماينىچى خەۋەرلىرى " 1951 ـ يىل ـ 10سان)

ماھمۇد مۇھىتى ۋە ئۈنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ توكيودا ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىدە ئۆز داۋاسىنى داۋاملاشتۇرۇش پىلانىدا بولغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ .ئەمما ئەينى چاغدا ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارغا سوغۇق ـ سالقىن مۇئامىلىدە بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ئوڭۇشلۇق بولمىغان. تاكېئۇچى يوشىنورى ماھمۇد مۇھىتىنىڭ توكيودىكى پائالىيىتى ھەققىدە توختىلىپ " ئۇلار توكيودىكى ئەنگلىيە ئەلچىخانىسى بىلەن ئۇچراشقانلىقتىن ھۆكۈمىتىمىز ئۇلارنى چىرايلىقچە بېيجىڭغا يولغا سېلىپ قويغان "دەپ ناھايىتى ئېنىق يازغان. 1939 ـ يىلىدىن كېيىن " توپلام " دىكى خەۋەرلەر ناھايىتى ئازلاپ كەتكەن، بۇ ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئاخىرلاشتۇرغانلىقىدىن دېرەك بەرسە كېرەك. چۈنكى بۇ چاغدا ياۋروپادا ئۇرۇش باشلانغان بولۇپ، ياپونىيىنىڭ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىمۇ تىنچسىز ئىدى. ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا چولىسى تەگمەيتتى. شۇڭا ماھمۇد مۇھىتى ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمەي بېيجىڭغا كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

## 5 .تاكېئۇچى سارىيى

ماھمۇد مۇھىتى يويوگى مەسچىددە ئىماملىق قىلىپ قالغان مۇھەممەد ئىمىن بىلەن ياپونىيىلىك ئايالغا ئۆيلەنگەن توختىباينى ياپونىيىدە قالدۇرۇپ قالغان 13 كىشى بىلەن ياپونىيىدىن ئايرىلغان. ئۇلار بېيجىڭدىكى شىدەنگە جايلاشقان قۇمۇل سارىيىغا چۈشكەن. كېيىن يەنە كۆكخوتقا، ئۇ يەردىن ئۇرانخاي يايلىقىغا بېرىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يايلاقتا قوي بېقىپ تىرىكچىلىك قىلغاچ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىشقا پۇرسەت كۈتكەن.

"توپلام " دا بۇ مەزگىلدە ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلغانلىقىغا دائىر مەلۇمات يوق .ئەمما ئەينى چاغدا ياپونىيىنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىدا تۇرۇۋاتقان بىر قانچە ئورگىنى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغاچقا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئاز-تولا مۇناسىۋەت ساقلىنىپ قالغان، دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، 1937-يىلىدىن باشلاپ مانجۇرىيە تۆمۈر يولىنى تەكشۈرۈش بۆلۈمىنىڭ خادىمى بولۇپ كەلگەن تاكېئوچى يوشىنورى 1940-يىللىرى ھەر ئايدا دېگۈدەك كۆكخوتقا بېرىپ ماھمۇد مۇھىتلار بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرغان.

1943 -يىلى كۆكخوتتا " تاكېئوچى سارىيى " دېگەن نامدا ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىنغان، ئۇيغۇرلار دائىم دېگۈدەك بۇ سارايغا كېلىپ قونىپ يۈرگەن. تاكېئوچى يوشىنورى خاتىرىسىدە " ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىمەن " دەپ يازغان.

"تاكېئوچى سارىيى"

مانجۇرىيە تۆمۈر يولىنىڭ شۆبىسى ، دېگەن نامدا مانجۇرىيە تۆمۈر يولىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى بولغان. مانا بۇ تاكېئوچى يوشىنورىنىڭ نىمە ئۈچۈن بۇ ئورۇنغا " مانجۇرىيە تۆمۈر يولىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئورنى " دېگەن ۋىۋىسكىنى ئاسماي بەلكى "تاكېئوچى سارىيى" دېگەن نامدا ھەرىكەت قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ماقالىنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان " ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىلى " دېگەن كىتاب "تاكېئوچى سارىيى" تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن بېيجىڭدا يېزىلغان. ئاپتور سۇمى خىرېيوشى كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە تاكېئوچى يوشىنورىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتقان. سۇمى ئەپەندى كىتابىدا ياردەملەشكۈچى، دەپ تونۇشتۇرغان ياسىن رەھىم ئوغلى دېگەن كىشى ماھمۇد مۇھىتىنىڭ

ھەمراھلىرى ئىچىدىكى ياسىن قارى ، دېگەن كىشى بولۇشى مۇمكىن. بۇ كىتابتا ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بار. سۇمى ئەپەندى بۇ ئۇچۇرلارنىڭ بىر قىسمىنى بېيجىڭدىكى قۇمۇل سارىيىدا تۇرۇشلۇق كىشىلەردىن ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

"تاكېئوچى سارىيى" نېمە مەقسەتتە تەسىس قىلىنغان؟ تاكېئوچى يوشىنورى ئۆز مەلۇماتىدا " تاكېئوچى سارىيى" نىڭ تەسىس قىلىنىشىدا ھېچقانداق سەۋەب يوق، دەيدۇ. ھەقىقەتەن شۇنداقمۇ؟ تاكېئوچى يوشىنورى ئەپەندى ئۆزىنىڭ بۇ سارايدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ ناھايىتى ئەركىن ئىختىيارىي ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئەمەلىيەتتە كىتابتا ئۇيغۇرلار بىلەن ئويۇن-تاماشا قىلىشقان، چاقچاقلاشقانلىقىغا دائىر مەزمۇنلار ناھايىتى كۆپ.

ياپونىيە ھۆكۈمىتىمۇ ئىلگىرىكى چىڭ سۇلالىسى يولغا قويغان شىمالىي جۇڭگونى تۇتۇپ تۇرۇش ئۇچۇن ئىچكى موڭغۇلنى ساقلاپ قېلىش، ئىچكى موڭغۇلنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۇچۇن شىنجاڭنى ساقلاپ قېلىش ، دېگەن ساۋاقنى قوبۇل قىلغان بولسا كېرەك. شۇڭا شىنجاڭغا بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈپ بۇ جاينىڭ ئەھۋالىنى ئېگىلىشكە تىرىشقان ھەمدە شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان مۇھىم شەخسلەرنى قولىدا كوزىر قىلىپ تۇتۇپ تۇرماقچى بولغان. دېمەك، "تاكېئوچى سارىيى" نىڭ تەسىس قىلىنىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى.

## 6. خۇلاسە

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، 1945-يىلى ياپونىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ھەرىكىتىنى ئاياغلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ياپونىيىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىلىدىغانلىرى، بۇ ساھەدىكى ئىختىساسلىق خادىملار ئازىيىپ كەتكەن، ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرمۇ )ھەتتا ئىسلام تەتقىقاتىغا دائىر ئىشلارمۇ) ئاساسەن ئۈزۈلۈپ قالغان ھەم ھازىرغىچە ئۇنتۇلۇپ قالغان.

ياپونلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ياپونىيە ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىستراتېگىيىسى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇرلارنى كوزىر قىلىپ پايدىلىنىشقا دىققەت قىلغان. ھازىرقى ياپونلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تونۇشى قانداق؟ ھازىر بىز ئۇيغۇرلارنى ئىلگىرىكى ياپونلاردەك چۈشىنىمىزمۇ؟ دەپ سورۇغۇم كېلىدۇ!

ئاسىيا ئىقتىساد تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان "دۇنيادىكى ئېقىملار" (ياپونچە) ژۇرنىلىنىڭ 2005-يىللىق 1-سانىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ئۆمەرجان نۇرى

بۇ ئەسەر «تۈرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ -2007يىللىق 1-سانى -دىن مۇنبەرگە يوللىغۇچى : ئەركىمان

(ئۇيغۇر ئېدىتتا ئايلاندۇرۇلغاچقا بەزى ئىملادا كېتىپ قالغان بولۇشى تەبىئىي، ئەپۇ قىلارسىزلەر)

تېما يوللىغۇچى: دادخاھ

# مىللى ئارمىيەنىڭ قۇرۇلۇش تارىخى ۋە تەشكىللىنىش ئەھۋالى



مىللىتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئىنقىلابىنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز ،مىللى ئارمىيەنى تېخىمۇ تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز .ھازىرقى شىنجاڭدا بار بولغان مىللى قىسىملار دەل ئۈچ ۋىلايەت مىللى ئارمىيىسىدىن قىلىپقالغان قىسىملاردۇر.ئەينى ۋاقىتتىكى مىللى ئارمىيەنىڭ كېلىش مەنبەسى كۆپ،تەركىبى قىسمى مۇرەككەپ ، شۇڭا مەن تۆۋەندە بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم‌راقلىرىنى ۋە مىللى ئارمىيە توغرىسىدىكى بىر قىسىم سان سىپىرلارنى ھەمدە ئارمىينىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى،ئۆتمىشى ۋە يېقىنقى ئەھۋالىنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

مىللى ئارمىيە ئەڭ دەسلەپتە پارتىزانلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇ پ ئاساسلىق تەركىبلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 .ئېلى ئازادلىق تەشكىلاتى : بۇ تەشكىلاتنى سوۋىت-ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ

قايتىپ كەلگىن ياشلار قۇرغان بولۇپ ، ئاساسەن ئىلغار پىكىرلىك ياشلار ۋە بىر قىسىم مىللەتپەرۋەر كىشىلەردىن تەركىب تاپقان.

2 .تاشقورغان پارتىزانلىرى : پارتىزانلار ئاساسەن قىرغىز ۋە تاجىكلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ ،قوماندانى ئىسساقبېك مونونۇۋ( سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان ،كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم رەھبىرىگە ئايلانغان ،1949-يىلى ئايروپىلان ھادىسىسىدە ۋاپات بولغان )،بۇ قوشۇن تىنچلىق بىتىمدىن ئىلگىرى جەنۇبى شىنجاڭدا پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ، قەشقەرگە بىرقانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ ،گومىنداڭنىڭ جەنۇبى شىنجاڭدىكى قوشۇنىنى تۇتۇ پ تۇرۇپ مىللى ئامىيەگە جەنۇبى سەپتىن ماسلاشقان ،تىنچلىق بىتىمىدىن كېيىن سوۋېت-ئىتتىپاقى چېگرىسى ئارقىلىق غۇلجىغا كەلگەن.

3 .ئالتاي پارتىزانلىرى : بۇ پارتىزنلار -30يىللاردىلا شىڭ شىسەيگە قارشى كۆرەش قىلىشنى باشلىغان بولۇپ،ئالتاينىڭ 90% دىن ئارتۇق زىمىنى ئاساسان ئىگىللەپ بولغان ،بۇ پارتىزانلارغا ئوسمان بىلەن دەلىلقان باشچىلىق قىلغان (دەلىلقان سۇگۇربايىق 1949-يىلى ئايروپىلان ھا دىسىسىدە ۋاپا ت بولغان )،1947-يىلى ئوسمان گومىنداڭغا سېتىلىپ ئىنقىلابىدىن يۈز ئۆرىگەن ، -1951يىلى 2-ئايدا چىڭخەيدە ئازادلىق ئارمىيە تەرپىدىن تىرىك تۇتۇلغان ،ئىككى ئايدىن كېيىن ئۈرۈمچىدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان.

1944 -يىلى 11-ئايدا نىلقا پارتىزانلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈردى ۋەناھىتى تىزلىك بىلەن بىرقاتار غەلبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ نىلقا بازىرنى ئازاد قىلدى ،گومىنداڭ دائىرلىرى قاتتىق ئالاقزادە بولۇ پ غۇلجا ۋە ئۈرۈمچىدىن3000 دىن ئارتۇق ئەسكەر يۆتكەپ كىلىپ قوغىلىڭنى باستۇرۇشقا ئۇرۇندى،ھەمدە نىلقىنى قوشاۋغا ئالدى ، بۇ ۋاقىتتا قوزغىلاڭچىلار ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ خەۋەر يەتكۈزشى بىلەن غۇلجىدا ئەسكەر قالمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نىلقىدىن چېكىنىپ چىقىپ قۇرۇق نىلقا بازارنى گومىنداڭغا تاشلاپ بىرىپ غۇلجىغا ئاتلاندى.1-ئاينىڭ 7-كۈنى كېچىدە ئابدۇكېرىم ئاباسوف غۇلجىدا قوزغىلاڭ كۆتەردى ،ھەمدە نىلقا پا رتىزانلىرى

بىلەن ماسلىشىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەرەمباغ ۋە لاڭشىياڭ ئايدىرومىدىن باشقا جايلىرىنى تولۇق ئازاد قىلدى1945-يىلى 1-ئاينىڭ 10-كۈنى ھەرەمباغ ئىشغال قىلىندى ،شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئىلى ئازاد قىلىندى.

1945 -يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى مىللى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاندى، ئېلىخان تۆرە رەئىس ،ھېكىمبەگ غوجا مۇئاۋىن رەئىس بولدى ،يېشىل رەڭلىك ئوتتۇرىسىغا ھىلال ئاي بىلەن يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن بايراقنى دۆلەت بايرىقى قىلىپ بېكىتتى، ھەممە پارتىزانلارنى بىرلىككە كەلتۈردى.

1945-يىلى 4-ئاينىڭ 8- كۈنى مىللى ئارمىيەگە بايراق تا پشۇرۇ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈ پ مىللى ئارمىيەنىڭ قۇرۇلغانلىقى رەسمى جاكارلاندى.مىللى ئارمىينىڭ فورمىللىرىنى سوۋىت ئارمىيىسىنىڭكىگە تەقلىد قىلىپ تىكتۈردى ،ئارمىينىڭ پا گون ،كاكار ،بايراقلىرىنى بېكىتىپ چىقتى ،مىدال ۋە ئور دىنلارنى تارقاتتى.

مىللى ئارمىيە باش شتاۋى قارمىقىدا ،ھەربى تەمىنات باشقارمىسى ،سىياسى باشقارما،ئىجرائىيە باشقارمىسى ،ھەربى سوت ،ئۇرۇش تەتقىقات باشقارمىسى ،قاتارلىق ئورگىنلار تەسىس قىلىندى .پا لىنوف باش قوماندانلىقتا ،زۇنۇن تېيىپوف مۇئاۋىن باش قوماندانلىقتا ،موتىگورروف باش شتاب باشلىقلىقىغا ،غېنى ھەربى سوتىنىڭ باش سودىيەلىكىگە ،ئاباسوف سىياسى باشقارمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى ،ئومومى ئەسكىرى كۈچى 15000دىن ئاشتى ھەممە پۈتۈن ئارمىيە تۆۋەندىكى قىسىملارغا بۆلۈندى:

ئۇلاستاي ئا تلىق1- پولكى.
ئۇلاستاي ئا تلىق 2 -پولكى.
سۈيدۈڭ ئاتلىق 3- پولكى.
مۇڭغۇڭ ئاتلىق باتالىيونى.
لوبا ئاتلىق روتىسى.
ئاتلىق زاپاس پولىك
تۇڭگان ئاتلىق باتالىيونى.

سۈيدۈڭ ئاتقۇچى پىيادە 1 ـ پولكى.
غۇلجا ئاتقۇچى پىيادە 2ـ پولكى.
غۇلجا ۋاقىتلىق پىيادە 4 ـ پولكى.
قوماندانلىق شتابقا بىۋاستە قاراشلىق قىسىملار:

توپچىلار باتالىيونى.
مۇھاپىزەتچىلەر باتالىيونى قاتارلىقلار.
پىيادە قىسىملار :ھەربىر پولىك 2 باتالىيون ،بىر باتالىيون 3روتا ،بىر روتا 3 ئىزنۇوت ،بىر ئىزنۇوت 4ئۇدۇلىنىيە بولۇ پ، تەخمىنە ن 2500جەڭچىدىن تەركىب تاپقان.
ئاتلىق قىسىملار : ھەربىر پولىك 4ئاتلىق روتا ۋە بىر پىلىموتچىلار روتىسىدىن تەشكىللەنگەن بولۇ پ، تەخمىنەن 1000نە پەر جەڭچىنى ئۆ ز ئىچىگە ئالاتتى.
ھەربىر پولىك قارمىقىدا :ئارقاسەپ باشقارمىسى ، سىياسى باشقارمىسى تەسىس قىلىنغان بولۇ پ ،پولىك كوماندىرى ،ھەربى ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن پولىك كوماندىر ، ئارقاسەپ تەمىناتىغا مەسئۇل مۇئاۋىن پولىك كوماندىر ۋە دىنىى ئىشلار غا مەسئۇل مۇئاۋىن پولىك كوماندىر تەئىللەنگەن.
مىللى ئارمىيە قۇرۇلغاندىن كىيىن دەرھال شىمال ،جەنۇ پ ،شەرىق قاتارلىق ئۇچ يۆلىنىش جەڭ پىلانى تۇزۇپ چىققتى.
شىمالىي سەپ : ئالتاي ۋە چۆچەكلەرنى ئازاد قىلىش.
شەرقى سەپ : شەرققە يۈرۈش قىلىپ ،جىڭ ،شىخولارنى ئاز اد قىلىپ ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۈرۈمچىنى ئېلىش.
جەنۇبىي سەپ : مۇزات داۋىندىن ئۆتۈپ ئاقسۇنى ئازاد قىلىش ،ئاندىن تاشقورغان پارتىزانلىرى بىلەن ماسلىشىپ پۈتكۈل جەنۇبى شىنجاڭنى ئازاد قىلىش.1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىردا بايراقنى شىڭشىنشاغا قاداپ بولۇش.
شىمالى سەپتە ـ 1945 : يىلى 9 ـ ئا يىنىڭ 9 ـ كۈنى مىللى ئارمىيەئالتايدا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 1130نە پەر ئەسكىرنى ئەسىر ئالدى ۋە ئالتاي پا رتىزانلىرى بىلەن ئۇچۇرشۇ پ شىمالىي سەپنىڭ ئۇرۇش ۋەزىپىسىنى غەلبىلىك تاماملىدى.
شەرقى سەسەپتە :مىللى ئارمىيە 4 ـ ئايدىن باشلاپ داۋاملىق شەرىققەيۈرۈش

قىلىپ ، جىڭ ، شىخولارنى ئازاد قىلىپ ،9-ئايدا ئۈرۈمچىگە 150 كىلومېتىر كېلىدىغان ماناس دەرياسى بويىغا كەلدى .ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە پەقەت 3000ئەسكەرگە يەتمەيدىغان 6باتالىيون ئەسكىرى قالغان بولۇ پ شەرقى سەپنىڭ جەڭ ۋەزىپىسىمۇ ئاساسى جەھەتتىن ئورۇنلىنىپ بولغاندى .

جەنۇبىي سەپتە :سوپاخۇن پولكوۋنىك ئاقسۇنىڭ يېرىمىنى ئىگەللە پ بولغان بولۇ پ، تاشقورغان پارتىزانلىرىمۇ ،كۇچا ،يېڭسار ،قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلىپ ھەتتا قەشقەرنىمۇ بىر مەزگىللىك ئىگەللىگەنىدى.

1946 -يىلى جىياڭ جىشى سوۋېت ئىتپاقى بىلەن سۆلھىلىشىپ ،تاشقى مۇڭغۇلىيىنى ئېتىراپ قىلىش، لۈشۈن ،دالىيەن پورتلىرىنى سوۋېت ئىتپاقىغا ئىجارىگە بېرىش ھەمدە ئەسكەر تۇرغۇزۇشىغا رۇخسەت قىلىش ،شەرقى شىمالدا تۆمۈريول ياساش ھوقوقىنى بېرىش قاتارلىق ئىمتىيازنى بېرىش ئارقىلىق، ستالىننىڭ مىللى ئىنقىلابقا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى بارلىق ھەربى مەسلەھەتچىللىرى ۋە ھەربىي خادىملىرنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، ھەمدە مىللى ھۆكۈمەتتىن گومىنداڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.

1946 -يىلى 4-ئايدا تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ، شىنجاڭ قىسقامۇددەتلىك تىنچلىقنى كۈتىۋالدى ،بۇۋاقىتتا مىللى ئارمىينىڭ سانى 30مىڭغا يەتكەن بولۇ پ ،جەمى 17پولىك ،ئىككى مۇستەققىل دىۋىزىيە ،بەش بىرگادا تەشكىللەنگەن بولۇ پ ،13 ئاتلىق پولىك بارئىدى.

قىسىملار تۆۋەندىكىچە :

باش شتابقا قاراشلىق قىسىملار (غۇلجىدا تۇردۇ)

1 .ئاتلىق ئەسكەرلەر باتالىيونى ، 700ئەسكەر.
2 .مۇھاپىزەتچىلەر ئىسكادىرونى ، 500ئەسكەر.
3 .غۇلجا مۇھاپىزەتچىلەر 1-پولكى، 1500ئەسكەر.
4 .غۇلجا مۇھا پىزەتچىلەر 2-پولكى،1500ئەسكەر.
5 .غۇلجا مۇھا پىزەتچىلەر 4-پولكى، سانى ئېنىق ئەمەس.
6 .ئاتلىق 3- پولىك (كوماندىرى لېسكىن)

ئوتتۇرا يۆلىنىش قىسىملار (باش قوماندان پالنوف قوشۇمچە ئوتتۇرا يۆلىنىش

ئارمىيسىنىڭ قوماندىنلىقىنى ئۈستىگەئالغان)

1 .پىيادە ئەسكەرلەر 1ـ بېرگادىسى.

2 .پىيادە ئەسكەرلەر 2 ـ بېرگادىسى.

3 .مىنامىيوتچىلار باتالىيونى.

4 .تاشقورغان ئاتلىق 6 ـ پولكى.

5 .نىلقا ئاتلىق 5ـ پولكى.

6 .نىلقا ئاتلىق7 ـ پولكى،1200ئەسكەر.

7 .ئاتلىق ئەسكەر لەر مۇستەققىل بېرىگادىسى.

8 .تۆگىگان ئاتلىق 10ـ پولك ، 600ئەسكەر (شىخەنزە)

9 .مۇڭغۇل ئاتلىق 8ـ پولكى، 870 ئەسكەر.

10 .پىيادە ئەسكەرلەر 4ـ پولكى.

11 .ئالاقىچىلا روتىسى (شىخەنزە )

12 .لوبا ئاتلىق ئىسكاندىرونى.

جەنۇبىي يۆلىنىش قىسملار (مۇئاۋىن باش قوماندان ئىسساقبك جەنۇبى يۆلىنىش قىسملار نىڭ باش قومادانلىقىنى ئۈستىگە ئالغان)

1 .ئاتلىق ئەسكەر لەر 1ـ بېر ىگادىسى.

2 .ئاتلىق ئەسكەر لەر 2ـ بېر ىگادىسى.

3 .تىكەس ئاتلىق 1 ـ پولىك.

4 .تىكەس ئاتلىق 2ـ پولىك.

5 .تىكەس ئاتلىق 3ـ پولىك.

ئالتاي رايوندىكى قىسملار:

ئاتلىق ئەسكەر مۇستەققىل پولكى (دەلىلقان سۇگۇربايىف)

ئەينى ۋاقىتتىكى مىللى ئارمىيە كادىرلا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى يۈسۈپخاننىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغا دا >>پۈتۈن ئارمىيەدە جەمئى 29856نە پە ر جەڭچى بار <<بولۇ پ مىللى ئارمىيە ئەڭ كۈچەيگەن ۋاقىتقا قەدەم قويغان.

بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن مىللى ھوكۇمەت مىللى ئارمىنى قىسقارتىپ، 6 پولىك قىلىپ تەشكىللدى. لىكىن گومىنداڭ بىتىمگە ئارقا ـ ئارقىدىن بۇزغۇنچىلىق قىلغاچقا، مىللى ھۆكۇمەت 1947ـ يىلى 8ـ ئايدا گومىنداڭنىڭ

چەكلىمسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، مىللى ئارمىيەنى كېڭەيتىپ ،5ئاتلىق پولىك ، 3پىيادە پولىك ۋە بىر مۇستەققىل ئاتلىق باتالىيون قىلىپ تەشكىللىدى ،بۇ ۋاقىتتا مىللى ئارمىيەنىڭ ئومومى ئەسكەر سانى 14200دىن ئاشقان بولۇپ، قورال- ياراق ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە :

ھەر-خىل مىلتىق 9088 دانە ، تاپانچا 184 دانە ، يېنىك پىلموت 405 دانە ، ئېغىر پىلموت 68 دانە ، مىناميوت 66 دانە ،زىنىت توپ 7 دانە،گىراناميوت 55 دانە ، گىرانات 14480 دانە ،زەمبىرەك 12دانە ، جەڭ ئېتى 5522 دانە ، تىرانسپورتا ئىشلىتىلدىغان ئات 521دانە ، ئات ھارۋىسى 311 دانە ،تانكا 2 دانە، بىرووۋنىۋىك1دانە،ئايروپىلان 49 دانە ( ئىشلىتىشكە بولىدىغىنى 14 دانە بولۇ پ ،قىرغۇچى ئايروپىلان 8 دانە ، بومبار دىمانچى ئايروپىلان 6 دانە ) ، ھەربى ئىشلاردا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا 30 دانە . مىللى ئارمىيەنىڭ باش قوماندانلىقىنى ئىسساقبىك مونونوۋ ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

1949 -يىلى كومۇنىستىك پارتىيە ھەل قىلغۇچ جەڭنىڭ غەلبىسىنى قولغا كەلتۈردى ،1949- يىلى 3- ئايدا ماۋزىىدۇڭ ،جۇئىنلەي قارتارلىقلار ۋاڭجىن بىلەن شىنجاڭغا كىرىش توغۇرلۇق سۆبەتلەشتى .6- ئايدا لىيۇ شاۋچى سوۋىت ئىتپاقىدا سۆھبەتكە باردى ، سۆھبەت داۋامىدا سوۋىت ئىتپاقى، جوڭگو كومىنىستىك پا رتىيىسىنىڭ غۇلجا تەر پ بىلەن ئالاقىلىشىپ سۈرەتىنى تىز لىتىپ،شىنجاڭغا كىرشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى ، 1949-يىلى 8-ئاينىڭ 14-كۈنى دىڭ لىچۈن ئۈچ نەپەر خادىم ۋە بى ردانە راتسىينى ئېلىپ ئالمۇتا ئارقىلىق غۇلجىغا يىتىپ كەلدى . 8- ئاينىڭ 18 -كۈنى ماۋزىىدۇڭ ئەخمەتجان قاسىمغا تىلگىرمما يوللاپ 9- ئايدا ئېچىلىدىغان سىياسى كېڭەش يىغىنىغا تەكلىپ قىلدى . 8- ئاينىڭ 20- كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى ماۋزىىدۇڭ غا تىلگىراما يوللاپ ،تەكلىپنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ،.- ئاينىڭ 22- كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدىكېرىم ئاباسوف ، ئىسسابىك مونونوف ، دەلىلقان سۇگۇربايىف ، لوجى قاتارلىقلار ئالتاينى كۆزدىن كەچۈرۈش نامى بىلەن مەخپى ھالدا غۇلجىدىن يولغا چىقىپ،ئالمۇتا غا بىرىپ ئايروپىلان ئارقىلىق بىيجىڭغا قاراپ ئۇچتى ،8- ئاينىڭ 27 -كۈنى ئايروپىلان،ئىبىر تىكۇستى دىگەن جايغا بارغاندا تاققا سوقۇلۇپ كىتىپ ئۇلار بەختكە قارشى قۇربان بولدى ( ئەخمەتجان قاسىمى ئېخى ئەمدىلا 34 ياش

ئىدى ،ئابدىكېرىم ئاباسوف بولسا تېخى ئەمدىلا 28 ياشتا ئىدى).
1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنىچ ئازاد بولدى.1950ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مىللى ئارمىيە 5 ـ كورپۇس قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، جوڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيسىنىڭ شتاتىغا قوشۇۋېتىلدى .
5 ـ كورپۇسنىڭ تەركىۋى قىسىملىرى : 13ـ 14ـ دىۋىزىيەلەر
كورپۇس كوماندىرى لېسكىن.
سىياسى كومىسارى دۆۋەن شىڭ يۈن.
13 ـ دىۋىزىيە قەشقەردە تۇردۇ . قارمىقىدا:
37 ـ پولك ئاقسۇدا
38 ـ پولك قەشقەردە
39 ـ پولك خوتەندە
14 ـ دىۋىزىيە دىۋىزىيە كوماندىرى ئىبراھىم باي. قارمىقىدا:
40 ـ پولك ئۈرۈمچى دە
41 ـ پولك
42 ـ پولك غۇلجىدا
كورپۇس شتاۋىغا قاراشلىق قىسىملار:
43 ـ پولىك پولىك كوماندىر بەدەرخان سۇگۇربايىف
44 ـ پولىك. پولىك كوماندىر سوپاخۇن
ئومۇمى ئەسكەر سانى 14840 نەپەر.
50 ـ يىللاردا ،5 ـ كورپۇسنىڭ 13 ـ دىۋىزىينىڭ 38ـ پولكى، 14ـ دىۋىزىنىڭ 40ـ پولكى ساقلاپ قېلىنغاندىن باشقا قالغان قىسىملىرى ئۆز ئورنىدا كەسىپ ئۆزگەرتتى ، ساقلاپ قېلىنغان ئىككى پولكمۇ 1969 ـ يىلى يەنە شىمالىي شىنجاڭ دالا ئارمىيسگە قوشۇۋېتىلدى،ئازادلىق ئارمىيە كەڭ كۆلەمدە قىسقار تىلغاندىن كېيىن بۇ ئىككى پولىك ھازىر بار ـ يوقلىقى نامەلۇم.

شۇنداق قىلىپ مىللىتىمىزنىڭ جۇملىدىن پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئېزىلگۈچى مىلللەتلەرنىڭ يۈكسەك غورۇرىنى نامايەن قىلغان ، مىللىتىمىز قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان بۇ ئىنقىلاب ، بۇ ئارمىيە ئاخىرقى ھېساپتا پۈتۈن جوڭگۇ ئىنقىلابى بىلەن بىرلىكتە غەلبە قىلغان بولدى.

قوشۇمچە : 1955 ـ ئازادلىق ئارمىيە ئۇنۋان بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

،مىللى ئارمىيدىن 5نەپەر كىشى گېنراللىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى .ئۇلار:
1.سەيپىدىن ئەزىزى- مىللى ئىنقىلاپ مەزگىلدە ھەربى سوتنىڭ كاتىۋى ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ نازىرى ، ئالغا گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى ، دىمكوراتتىيە ۋە خەلىقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى، قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، 1955-يىلى گېنرال لېتىناتلىق ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.
2 .مارگوف ئىسساقوف- شىنجاڭ ھەربى رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىق ۋەزىپىسنى ئۆتىگەن، 1955- يىلى گېنرال مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن . جوڭگو ، سوۋىت قوش دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىگە ، 1962- يىلى سوۋىت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن .
3 .مەمتىمىن ئىمىنوف- مىللى ئارمىيدە ئىزۋوت كوماندىرى ، مىللى ئارمىيە قوماندانلىق شتتا ۋىدا بۆلۈم باشلىقى ، ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىر بولغان ، دۆلەت قۇرلغاندى كىيىن دىۋىزىيە كوماندىر قوشۇمچە جەنۇبى شىنجاڭ ھەربى رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ، 1955- يىلى گېنرال مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.
4 .زۇنۇن تىيپوف- مىللى ئارمىينىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، شىنجاڭ ھەربى رايونىنىڭ مۇئاۋىن باش شتاب باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن -1955يىلى گېنرال مايورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرشكەن. جوڭگو- سوۋىت قوش دۆلەت تەۋەلىكگە ئىگە، .1962-يىلى سوۋىت ئىتپاقىغا چىقىپ كەتكەن.
5 .ساۋدانوف زايىر- مىللى ئارمىدە ئاتلىق باتالىيونىڭ شتتا ب باشلىقى ، پىيادە 4- پولكىنىڭ شتاب باشلىقى ، مىللى ئارمىيە سىياسى بۆلمىنىڭ مۇدىر بولغان ،دۆلەت قۇرلغاندىن كىيىن 5-كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن سىياسى كومىسارى،ھەربى رايون سىياسى بۆلمىنىڭ ئىككىنچى مۇئاۋىن مۇدىر ، شىنجاڭ ھەربى رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسى كومىسارى ، ئۇرۇمچى ھەربى رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسى كومسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن . 1955- يىلى گېنرال مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

مەنبە: ئورخۇن تارىخ تورى

# 20 ـ ئەسىردىكى ئىسلاھاتچى ـ ئابدۇقادىر داموللام



20-ئەسىردىكى ئىسلاھاتچى - ئابدۇقادىر داموللام ئىسلاھات ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يورۇق تېما .ئىسلاھات-ياخشىلاش، تۈزىتىش، ئۆزگەرتىش دىمەكتۇر.يەنى، ۋاقتى ئۆتكەن كونا تۈزۈم، كونا مەدەنىيەت ۋە كونا ئىدىيەلەرنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇپ، تۈزىتىپ، گاھىلىرىنى ئۆزگەرتىپ ھاياتى كۈچكە باي يىڭى تۈزۈم، يىڭى مەدەنىيەت ۋە يىڭى ئىدىيەنى يارىتىش ياكى ئومۇملاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلاھات شەكىل كۆپ خىل، ئۇنۇمى پەرقلىق بولىشىمۇ بىراق ئورتاقلىقى شۇكى، بارلىق ئىسلاھات ئىنتايىن مۇشكۇللۇك ئىچىدە يۈرگۈزۈلىدۇ .شۇڭا ئىسلاھاتچىلار ئالدى بىلەن قورقماس جاسارەت بىراقىنى كۆرەر پاراسەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇنداق تۆپ ساپانى ھازىرلىمىغان كىشىنىڭ ئىسلاھاتچى بولالىشى مۇمكىن ئەمەس.ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بارلىق داڭلىق ئىسلاھاتچى دەل مۇشۇنداق ساپاغا ئىگە مۇنەۋەر ئەزىمەتلەردۇر.

20 -ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى ، مەشھۇر ئالىم ئابدۇقادىر داموللام دەل مۇشۇنداق تۆپ ساپاغا ئىگە زات ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاياتى، ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئىسلاھاتچىلىق پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مىللى ھاياتىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار مەسىلىنى يورۇتۇشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مىسالەن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە جەدىتلىك ھەرىكىتى قاچان، قانداق باشلانغان؟ ئۇيغۇر جەمئىيىتى تاتارمەرىپەتچىلىرى قوزغىغان جەدىتلىك ھەرىكىتىگە ئاۋاز قوشۇپ ئىدىيۋى ئىقىم پەيدا قىلالىغانمۇ- يوق ؟ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جەدىتلىك ئىدىيىسىگە ئىگە مەنىۋى يولباشچىلاربارلىققا كەلگەنمۇ - يوق ؟

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى قانداق تەسىر ئاستىدا ئەمەلگە ئاشقان ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى ئىڭى ۋە مىللىي ئىڭى قاچاندىن باشلاپ ئويغانغان ؟ بۇ بىر قاتار مەسىلە بىزنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىدىيە، ئەدەبىيات، تارىخىمىزغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردۇر. مەن بۇ ماقالەمدە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاياتى، ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە جەدىتلىك

پائالىيەتلىرىنى بىر قەدەر مەنتىقلىق رەۋىشتە بايان قىلىش ئارقىلىق بۇ ئىنقىسىز مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە تىرىشتىم.مىنىڭچە، ئابدۇقادىر داموللام دەۋرى بولغان ـ 1910يىللىرىدىكى مەرىپەتچىلىك ھەرىكەتلەرنى يورۇتقاندا بۇ مەسىللەرگە بىر قەدەر رۇشەن جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئىسلامىيەت تارىخىدا 18 ـ ۋە 19ئەسىرلەر مىسلىسىز پاجىئەلىك دەۋر ھېساپلىنىدۇ.
چۈنكى، بۇ ئەسىرلەردە ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى دۇنياۋى ئىككى چوڭ ئىمپىرىيە بولغان تۈرك ئوسمانلى بىلەن تۈرك موغۇل ئىمپىرىيەسى كۈنسىرى ئاجىزلىشىپ، قەدەممۇ ـ قەدەم زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ھەم ئاخىرقى ھېساپتا بىرى يوقىتىلىپ، بىرى لىڭشىپ قالغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى، ئافغانىستان ۋە ئىران ئىگىزلىكى ئۇششاق ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ ھالىمۇ ئوخشاش قىسمەتكە مۇپتىلا بولغان بۇ ئەسىرلەردە ئىسلەمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇزاقتىن بىرى يامراپ كىلىۋاتقان ھەرخىل دىنى مەزھەپنىڭ بىدئەت قاراشلىرى ۋە چاكىنا تەشەببۇسلىرى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادلىرىنى ئىزىدىن چىقىرۋەتكەن، بولۇپمۇ سۇپى ـ ئىشانلار گۇرۇھى ئىسلام ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سەلتەنىتىگە سالجىدەك چاپلىشۇلىپ، ئۇلارنىڭ رېئال دۇنيا ھەققىدىكى جەڭگىۋار قاراشلىرىنى چىرىتىۋەتكەن، تەركى ـ دۇنيالىقنى ئەڭ ئالىي ئەخلاق دەپ داۋراڭ سىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى ھايات سەھنىسىدىن بەختىت ئىزدەش غايىلىرىنى سىرلىق خىيالى تۇيغۇرلىرىدىن قانائەت ئىزدەيدىغان ئەھمىيەتسىز ئۇرۇنۇشلارغا بۇرىۋەتكەن. سۇپى ـ ئىشانلار گۇرۇھنىڭ قايمۇقتۇرۇش كۈچى زۇر تەشەببۇسلىرى مۇسۇلمانلار جامائىتىنى ئىزدىنىش ۋە كۈرەش جاسارىتى كەمچىل مەرىپەت روھى سۇس، ئەقىل كۈچى زەئىپ، ئىمانى مۇجمەل، ئەخلاق ساپاسى تۆۋەن ئاڭقاۋ )نادان( جامائەتكە ئايلاندۇرۋەتكەن، تەركى ـ دۇنياچىلىق كەيپىياتى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۋاتقان بۇنداق شارائىتتا ياشىغان كىشلەرنىڭ كۆپىنچىسى بارا ـ بارا خارۇ ـ زارلىق كوچىسىدا قىقلىپ ـ سوقلىپ ياشاشنى ھار ئالمايدىغان بىپەرۋا جامائەتكە ئايلانغان. قسقىسى، سوپى ـ ئىشانلانىڭ تەركى ـ دۇنياچىلىق تەشەببۇسلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ھۇرۇنلۇق، چىچىلاڭغۇلۇق، بوشاڭلىق، قاشاڭلىق، ئىللەتلىرىنىڭ پاتقىقىغا پاتۇرۋەتكەن.«بۇ سوپىلار

دەۋردە ئىسلامىيەت دۇنياسى تامامەن ئۇلارنىڭ بوياقلىرى بىلەن بويۇلۇپ كەتكەن، قەيەردە شەھەر ياكى يېزا بولىدىكەن.ئۇ يەردە سوپىلار بار ئىدى.«

دىمەك ئىسلامى ھاكىمىيەتلەرنىڭ زەئىپلىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ چۆشكىنلىشى، ئىسلام ئېتىقادىدىكى مىللەتلەرنىڭ مەھكۇملۇققا يۈزلىنىشى ئېغىر تارىخى يۈزلىنىش بولۇپ قالغان مۇشۇ دەۋرلەردە ھاكىم مىللەتلەر ھېساپلىنىدىغان ياۋرۇپا ئەللىرى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە كۈنسىرى قۇدرەت تېپىپ، كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ مەرىپەت روھى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئويغىنىپ، رىقابەت ئىقتىدارى ئېشىپ، ھەر جەھەتتىن قۇدرەت تېپىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ توپ ـ زەمبىرەكلىك كېمە ـ پاراخوتلىرى دېڭىز ـ ئوكيانلارنى تىنىمسىز كېزىپ، زامانىۋى قوشۇنلىرى سەلدەك يامراپ، يېڭىدىن ـ يېڭى موستەملىكە زېمىنلارنى ئىزدىمەكتە ئۇلارغا نىسبەتەن تولىمۇ سىرلىق ھەم سېھىرلىك ھېساپلىنىدىغان شەرق ئۇلارنىڭ بۇيسۇندۇرۇش، تالان ـ تاراج قىلىش نىشانى ئىدى. ئۇلار شەرقنى بوي سۇندۇرۇش ۋە تالان ـ تاراج قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مەقسەتكە يېتىش يولىدا بىر ـ بىرى تىنىمسىز بەسلىشەتتى. بولۇپمۇ قارام نىيىتى تېشىپ تۇرغان بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن چاررۇسىيە ئىمپېرىسىنىڭ بەس ـ بەستە زېمىن كېڭەيتىشى نەتىجىسىدە ئىسلامىيەت دۇنياسى شىمالى ئافرىقا، ھىندىستان چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا كەينى ـ كەينىدىن پاجىئەلىك قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇپ، قۇللۇق كىشەنلىرى بىلەن چەمبەرچاس زەنجىرلىنىپ ئۈمىد چىرىقى بارغانسىرى خىرەلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ تارىخى دۈشمەنلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ھەسرەت ئىلكىدە قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولماقتا ئىدى.

مانا مۇشۇنداق ئېغىر تارىخى كۈلپەت ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ تارىخى شان ـ شۆھرىتى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ مىللىي ئەرك ـ ھوقۇقى ۋە مەرىپەتچىلىك روھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتەلەيدىغان شىر يۈرەك مىللى داھىلار بىلەن ئوت يۈرەك موتەپەككۇرلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ كۈلپەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشىنى تەقەززار قىلدى.19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا بارلىققا كەلگەن ئىسلاھات روھىغا ئىگە ئىسلامىيەت دۇنياسىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئۇيغۇتىش قوڭغۇرىقىنى چالدى.

شۇبھىسىزكى، ئىسلاھات روھى كۈچلۈك ئىسلامىيەت مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىدىيەۋى تەلىماتى يېقىنقى زامان ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىدىكى موھىم تۈرتكە ھېساپلىنىدۇ. خۇددى زامانىمىزدىكى خەنزۇ تەتقىقاتچى سەي دېگۈي ئېيتقاندەك :«ئىسلام مىللەتلىرى ئاجىزلاشقان ۋە قۇل قىلىشقا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بۇ مىللەتنىڭ جاسارىتى ۋە ئىشەنچىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى« ، »ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئىدىيەسى ۋە تىنىماي كۈرەش قىلىش روھى شەرق ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى گۈللىنىشكە يېتەكچى بولدۇ». تىخمۇ توغرىراقى، «ئۇلارنىڭ تەلىمى تالاش - تارتىشسىز ھالدا شەرقتىكى ئىدىيە گۈللىنىشىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.» 19-ئەسىردە ئىسلام دۇنياسىغا كۆرسەتكەن تەسىردىن ئېيتقاندا،ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ دۇنياۋى موتەپەككۇر ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار «بىرەر ئىسلام دۆلىتىگە بارسا، شۇ دۆلەتنىڭ زېمىندىكى چىرىك ھۆكۈمرانلارغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كۈچلۈك ئىنقىلاپ يالقۇنىنى تۇتاشتۇرۇۋەتتى.»ئۇلارنىڭ ھاياتىدا كىشلەرگە قالدۇرىغان گەۋدىلىك ۋە چوڭقۇر تەسىرى ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ ئىتپاقلىش ۋە ئويغۇنىشىنى ئارزۇ قىلىش ھەم موستەملىكچىلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسى ھەمدە مۇشۇ يولدا باش ئەگمەي باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش روھىدىن ئىبارەت. ‹ «مۇشۇ تەشەببۇس ئاساسىدا، ئۇلار سىياسى، ئىجتىمائى ۋە دىنىي ساھەسىدىكى بىر قاتار چوڭ مەسىلىدە پەيلاسوپىنىڭ مەنتىقى چوڭقۇرلىقى ۋە باتۇرلىقىنى، سىياسەتچىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە قەتئىيلىكىنى، دىنىي ئىسلاھاتچىنىڭ ئەقىل پاراستى ۋە ئوچۇق-يورۇق خىسلىتىنى ئىپادىلىدى. »

ئۇلار مەسىلىنى رەت قىلغۇسىز دەرىجىدە ئېنىق، چۈشىنىشلىك ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئۇلار، تەبىئى پەنلەر روھى تامامەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئىسلامىيەت دۇنياسىدا تەبىئى پەنلەر روھىنى ئۇيغىتىش ئۈچۈن «خۇدا ئىككى كىتاب ئەۋەتكەن، ئۇلارنىڭ بىرى )قۇرئان (، يەنى تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىبارەت. بىر موئەللىپ يازغان بۇ ئىككى كىتاب بىر-بىرىگە زىت ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى ئۆگىنىش لازىم »دىگەن.

ئۇلار يەنە مۇنداق قارىغان :«كېيىنكى كۈنلەردە ئىسلام دىنىنىڭ قاتارىغا ھەرخىل تەركىبتىكى كىشلەر كىرىپ، ھەرخىل ئىدىيە فورماتسىيەسىنىمۇ

ئىلىپ كىرىپ، ھەرخىل غەيرى ئەقىدىنى شەكىللەندۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپلا قالماستىن، كۈچلۈك تەسىر ۋە كۈچ ھاسىل قىلىپ، ئىسلام دىنىنى ئەسلىدىكى ئەقىدە ۋە پىرىنسىپلاردىن چەتلىتىۋەتتى. دىندا پائال كۈرەش قىلىدىغان روھ تۈگىدى. كونىلىققا يېپىشۋېلىش، پاسسىپلىق بىلەن كۈتۈش مۇسۇلمانلارنىڭ )نىسۋىسى) بولدى. ۋاقىتنىڭ ئۆزۈرشى بىلەن دەۋرنىڭ ئالغا بىسۋاتقان ئېقىمىدىن ئايرىلىپ قالدى.» شۇڭا ئۇلار «ئىسلاھاتنى دىنىدىن باشلاپ، كىشلەرنىڭ ئىدىيەسى ۋە ئىدىئولگىيەسىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاش كىرەك، دەپ قاراپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دەۋرنىڭ ئالغا بىسۋاتقانلىقىنى تونۇشقا، بۈگۈنكى دۇنيادا قاتار تۇرماقچى بولىدىكەن، جاپالىق ئىشلەش، تىرىشىپ ئىجاد قىلىش ۋە قۇرۇشقا، ئۆتكەنكى شان-شۆرەتنى مەدىھلەش بىلەن مەمنۇن بولۇپ يۈرمەستىن، ھازىرقى زامان پەن مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا چاقىردى؛ دىن بىلەن پەننىڭ، دىن بىلەن سىياسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى كۈچەپ تەرغىپ قىلدى. ئۇلار يەنە پەن بىلەن دىن زىت ئەمەس، دىن پەننى ئىنكار قىلمايدۇ، پەننىمۇ دىننى ئىنكار قىلمايدۇ، دەللىلەش پىرىنسىپى ۋە قانۇم چىقىرىش پەرقلىنىدۇ، يەكۈنى ئوخشاش. شۇڭا مۇسۇلمانلار پەن بىلەن دىننى قارمۇ ـ قارشى قىلىپ قويماي، ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشى لازىم، دەپ قارىدى«.

ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى ئاڭ ئۇيغىنىشىغا ماس قەدەمدە تۈركى خەلقلەر ئارىسىدىمۇ ئىسلاھات ئىدىيەسى شەكىللەندى. بۇ خىل ئىدىيە جەدىتچىلىك دەپ تەرىپلەندى. جەدىتچىلىك زامانىۋىلىشىش، يېڭىلاش ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇ ئىسلامىيەتنىڭ قىممەت قارشى ئاساسىدا، ياۋرۇپانىڭ ئىلغار پەن-مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى مىللى مەدەنىيەتكە خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئىدى. جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارلىرى رۇسىيەنىڭ قىرىم ھەم ئېدىل-ئۇرال بويلىرىدىكى تاتارلار ئارىسىدىن چىققان مەشھۇر موتەپەككۇر ئىسلاھاتچىلار ئىدى. ئۇلار تۈركى دۆچ كەلگەن تارىخى كىرىزىسنى ھەل قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ قىرىم يىرىم ئارلى ئۇرال ئېدىل بۇيلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى پائالىيەتلىرى ئاڭ جەھەتىسكتى ھەقىقى ئۇيغۇتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرماي تۇرۇپ كىمنىڭ دوست، كىمنىڭ دۆشمەنلىكىنى، نىمنىڭ زالالەت، نىمنىڭ

سائادەت ئىكەنلىكىنى پەرىق ئېتەلمەيدىغان نادان خەلققە كىلەچەكنىڭ داغدام يولىنى كۆرسەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەنلىكىدە ئىپادىلەندى. ئۇلار رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە قايغۇرۇپ، چارروسىيە ھاكىمىيتى تۈركى خەلقلەرنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قىلىشىغا سەۋەب بولدى، دەپ قارىدى . ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مەۋھۇم خەلقتە زۇلۇمنى ھىس قىلىدىغان ئاڭ بولمىسا، ئۇلار زۇلۇمنى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئادەتتىكى مەزمۇنى سۈپىتىدە ھىس قىلىپ كىتىۋېرەتتى.

زادى قانداق قىلغاندا كىرىزىس ئىگىنى ئۆيغىتىپ، زاماننىڭ زۆرۈرىيەتلىرىنى چوڭقۇر چۈشەنگىلى، مىللى ئاڭنى ئۆيغىتىپ، ھۆرىيەت رۇھىنى شەكىللەندۈرگىلى، خۇراپاتلىققا خاتىمە بىرىپ ئەقىدىنى ساپلاشتۇرغىلى، نادانلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ مەرىپەت روھىنى تىكلىگىلى، خارلىق، ئىتپاقسىزلىق، بۇشاڭلىق، قاشاڭلىق ئىللەتلىرىنى تۈگىتىپ گۈللىنىش يولىغا قەدەم قويۇپ، ئاخىرىدا قۇللۇق كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىغىلى بولىدۇ ؟ مانا بۇ ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى دىنىى مۇتەپپەككۇرلار بىلەن مىللى داھىيلار پىداكارلىق بىلەن ئىزدىنىدىغان، ئويلىنىدىغان جىددى مەسىلە ئىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 10 ـ يىللىرى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا قانات يايغان مىللى ئۇيغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى، مەشھۇر جەدىتچى ئالىم ئابدۇقادىر داموللا ئىبنى ئابدۇۋارىس كاشغەرى (ئەزىزى) خەلقىمىز ئارسىدىن چىققان ئەنە شۇنداق ئوي ـ ئارزۇدىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى موتەپەككۇر ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام بىلەن زاماندىش مەشھۇر شائىر، ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى ھۆسەيىن خان قۇتبىدىننشاھ تەجەللى ھەزرەتلىرى (1856 ـ 1925 ) نىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا : ئابدۇقادىر داموللام نازۇكلۇقتا روھقا، ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىدە تاغقا، ئىلىمنىڭ موللۇقىدا دىڭىزغا ئوخشايتى . ئەپسۇسنارلىقى، مىللى ھاياتىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان ئىجتمائى ئىسلاھاتچى ھىساپلىنىدىغان ئابۇقادىر داموللام ھەققىدە ھازىرغىچە ئىلان قىلىنغان بارلىق چوڭ كىچىك ئەسەردە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھايات پائالىيتى مۇجمەلەشتۇرۇۋېتلگەن، دەۋىر ئارقا كۆرنشى تەھلىل قىلىنمىغان،

ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىش باشقۇچلىرى رۇشەن يورۇتىلمىغان. شۇڭا سىستىمىلىق باغلىنىش يوق بوپقالغان. بىر ئىدىيەنىڭ شەكىلىنىشى مۇئەييەن ئارقا كۆرىنىش ۋە موئەييەن باشقۇچنى بىسىپ ئۆتۈشتىن خالى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مەن ئىزدىنىش، دەلىللەش، مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئابدۇقادىر داموللامنىڭ پائالىيىتى، ئىدىيەسىنىڭ شەككىلىنىشىدىكى ئارقا كۆرنۈش ۋە باسقۇچلارنى سىستىمىلىق بايان قىلىشقا تىرىشتىم.

ئابدۇقادىر داموللام 1870-يىلى قەشقەر ئاتۇشنىڭ مەشھەدكە تۇتاش باغئېرىق كەنتىدە ئابدۇلۋارىس ئىسىملىك دىھقان ئائىلسىدە دۇنياغا كەلگەن. مەشھەد - قارىخانىلار خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ساتۇق بۇغراخان ئابدۇلكەرىم بىلەن ئۇنىڭ ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانى دەپنە قىلىنغان مەشھۇر جاي. تارىختا ئۆتكەن سەلتەنەت ئىلگىرى بىلەن ساخاۋەتچى بايلار سولتان ساتۇق بۇغراخان ئابدۇلكەرىم بىلەن ئەبۇنەسىر سامانىنىڭ ھۆرمىنى ئۈچۈن قەۋرىگاھ يىنىغا مەسچىد ، مەدرىسە، خانقالارنى تەمىر قىلغان. ئابدۇقادىر داموللام دەسلەپكى مەلۇماتنى مانا مۇشۇ يەردىكى «ھەز(ھەزر تى) سولتان مەدرىسەسى» دە ئالغان. يىشى 20لەرگە ئۇلاشقاندا قۇقانغا چىقىپ ئوقۇغان.

ئەينى يىللاردا بۇخارادا ئوقۇش ئەللامە بولۇشىنىڭ يولى ئىدى.چۈنكى، 15-ئەسىردىن كىيىنكى بۇخارا ئىسلام دىنىنى ئىلمى بويىچە نوپۇزلۇق ئالىملار ۋە مەشھۇر مەدرىسلەر توپلانغان جاي ئىدى.شۇڭا، «سەمەرقەند سەيقىلى ئالەم، بۇخارى قۇۋۋىتى ئىسلام» دەپ ئۇلۇغلانغاندى.

ئابدۇقادىر داموللام ئاتۇش ۋە قۇقاندا ئىگەلىگەن بىلىملىرىگە قانائەت قىلماي، ئىلىمدە قانائەتكە يىتىش ئۈچۈن بۇخاراغا بىرىپ، ئۇ يەردىكى «ئابدۇلئەزىزجان مەدرىسەسى» گە ئوقۇشقا كىرىپ، دىنى ئىلىمنىڭ ھەرقايسى بۇيىچە ئەتىراپلىق مەلۇمات ھاسىل قىلىپلا قالماستىن، ئەدەبىيات، تارىخ، ئىلمى مەنتىق، ھىساپ ۋە ئەرەب، پارىس تىللىرىنى پۇختا ئىگەلىگەن. ئۇ، بۇخارادا مەۋلانە ئابدۇررەززاقىي، بۇخارا مۇپتىسى ئىۋەز خوجەندىي، قۇقاننىڭ شەيخۇلئىسلامى داموللا ئۇلۇغخان تۆرەملەردىن دەرس ئالغان. ئابدۇقادىر داموللام 1907-1909 -يىللاردا بۇ ئوستازلىرىنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ يازغان مەرسىيەلىرىدە ئۇلارنى يۈكسەك ھۆرمەت ۋە قايىللىق ھىسياتى بىلەن

مەدھىيەلىگەن، بۇخارا شەھىرى ئەسىرلەردىن بىرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەلىم ـ تەربىيەۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەنىدى. مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى باھاۋدىن نەقشىبەندىي بەرپا قىلغان نەقشىبەندىيە ئېقىمىنىڭمۇ مەركىزى ئىدى.. شۇڭا ئىسلام دۇنياسىدا «بۇخارى شەرىف» دەپ ئۇلۇغلىناتتى، بۇ تارىخى ۋە ئىجتىمائى جەرياندا بۇخارادا مەدرىسە مۇدەررىسلىرى بىلەن دىنى ئۆلىمالار يېتەكچىلىكىدىكى كۈچلۈك بىر قەدىمىيچىلىك ئەقىدىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. بولۇپمۇ بۇخارى ئەمىرى ئابدۇللاخان زامانىدا شەيخۇل ئۆلىمالىققا تەكلىپ قىلىنغان مىرزاجان شىرزايي دۇنياۋى پەنلەرنى ئوقۇتۇشنى چەكلەش جەھەتتە سەلبى ئۆلگە تىكلىگەن . مۇتەئەسسىپ خاراكتېرىگە ئىگە بۇ ناچار ئۆلگە ئۈچ ئەسىر جەريانىدا كەڭ ئومۇملاشقان .شۇڭا قىرىم ۋە ئۇرال-ئېدىل بويلىرىدىكى تاتارلار ئارىسىدا تېز ئۇلغىيىپ جەدىتچىلىك پىكىر ئېقىمى بۇخارادا كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچرىغان، بۇ مەتەئەسسىپ قەدىمىيچىلەر جەدىتچىلىكنى ئىسلامغا قارشى بىر ھەرىكەت شەكلىدە كۆرەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇخارادىكى ئىسلام مائارىپى كېيىنكى ھاغلاردا كۆپىنچە مىڭىنى چىرىتىدىغان بىلملەرنى ئۆگىتىدىغان قالاق مائارىپ بوپقالغان. بۇخارا مەدرىسلىرى ئىلغارلىق ۋە تەرەققىياتنى جان ـ جەھلى بىلەن چەتكە قاقىدىغان ئىديەنى تارقىتىش بىلەن تونۇلغان. ئابدۇقادىر مۇنداق قالاق مائارىپنىڭ زىيانلىق تەسىرىدىن قانداق قۇتۇلغانلىقىنى 1916-يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىغا يازغان «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» دىگەن ماقالىسىدە مۇنداق باياب قىلغان :«ساپ ۋىجدانىمىنىڭ ۋە بەزى ھەقەقەتچى زاتلارنىڭ، سۆز-سۆھبىتى ھەم يول كۆرستىشلىرى بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا ھاسىل بولغان خۇراپاتلىق ۋە گۇمانخورلۇق زۇلۇمىدىن، شۇنداقلا مەنتىق، كالام، پەلسەپە كىتاپلىرىنىڭ شەرھ ـ ھاشىيەلىرى، قاتمۇقات ئۇزۇندىن -ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەپسەتلىرىدىن ھاسىل بولغان خۇراپات زەنجىر ـ كىشەنلىرىدىن ئەقىل-پىكرىمنى ئازاد قىلدى. »

ئابدۇقادىر داموللام بىلەن سۆھبەت قۇرغان ھەم ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكەن «ھەقىقەتچى زاتلار» كىم بولۇشى مۇمكىن ؟ بۇ ھەقىقەتچى زاتلار ھەقىقدە ئابدۇقادىر داموللام ئېنىق قىلىپ مۇنداق يازغان : «بۇخارادا ھاشىيە خانلىقتىن زەھەرلەنگەن ئەقىل ۋە پىكىرىمنىڭ شىپا تاپماقلىقىغا يەنە بىر

سەۋەب : بۈيۈك ئالىملاردىن ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى قەيىم جەۋزىي، جامالدىن ئافغانى ۋە شەيخ مۇھەممەت ئابدۇ ھەزرەتلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى موتالىئە ـ مولاھىزە قىلماق ۋە ھازىرقى زاماندىكى ‹تەرجىمان › ‹ۋاقىت› ، ‹شۇرا› كەبى پايدىلىق گېزىت ۋە ژۇرنال مەسىلەكلىرىگە ئەگىشمە بولىدى» بۇ نىگۈدىن كۆرۈۋىلىشقا بولىدۇكى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىسلاھات ئېڭى ۋە جەدىتلىك ئىدىيەسى بۇخارادىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شەكىللىنىشكە باشلىغان.

ئابدۇقادىر داموللام بۇخارادىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ ـ20ئەسىرنىڭ ھارپىسىدا قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن، تۇنجى نىكاھى كۆڭلىدىكىدەك بولماي، ئىككىنچى قېتىم نائىلە ئىسىملىك قىزنى ئەمرىگە ئالغان. 1902 ـ يىلى ئاۋغۇستىكى قاتتىق يەر تەۋرەشتىن كېيىن بىر يىل ئۆتكەندە ، يەنى 1903 ـ يىلى 33يېشىدا تۇنجى پەرزەنتى ئابدۇلئەزىزى مەخسۇم دۇنياغا كەلگەن، ئابدۇقادىر داموللام ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەن ياش داموللام بولۇش سۈپىتى بىلەن قەشقەردىكى ئومۇمى ئىقىم ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن. ئۇ، بىر خالىتتىكى يېڭى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەسىر پەيدا قىلىشقا پۈتۈنلەي ئېرىشەلمىگەن. چۈنكى «ياۋروپا ئەللىرىدە مائارىپ ـ مەرىپەتچىلىك ئىشلىرى تازا يۈكسىلىۋاتقان شارائىتتا، ئۇغۇر جەمئىيىتىدە بۇنىڭ دەل ئەكسىچە جاھالەت، يەنى ئاڭ، بىلىم، پىكىردە قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى.» ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە بىر مەزگىل مۇدەررىسلىك قىلغاندىن كېيىن، ھەج پەرزىنى ئادا قىلغاچ چەتئەللەردىكى ئىسلاھات ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش مەقسىتىدە 1906 ـ يىلى مەككىگە بارغان، ھەجنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىستانبۇلدا ئىككى ئاي تۇرۇپ مىسىرغا بارغان. ئۆزىنىڭ يېزىشىچە، مىسىردا تاتار تالىبلارنىڭ ياردىمىدە داڭلىق يېڭىلىقپەرۋەر مۇتەپەككۇر شەيخ رەشىد رىزا، «ئەللىۋا» ژۇرنىلىنىڭ باشلىقى مۇستاپا كامىل، تەھزىرىيە مەدرىسىنىڭ مۇدىرى سەيپىدىن مۇھەممەد ئەپەندى قاتارلىق زاتلار بىلەن پىكىرلەشكەن، ئىسلاھات روھىغا باي ئەدىب ـ ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ. ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەلىرىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ، مىسىردا ئىككى ئاي تۇرۇپ، ئاندىن ۋەتىنىگە قايتقان. ئۇ بۇ ۋاقىتتا غەيرەت قىلىپ قەشقەر ئاھالىسىنى تەرەققىيات ۋە جەدىتچىلىك ئىسلاھاتىغا دالالەت قىلىشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ ياشلارغا خاس قىزغىن ھېسسىيات بىلەن قىلغان بۇ دالالەتلىرى خۇراپاتلىق

نادانلىق، قاششاقلىق ۋە ئۇچىغا چىققان مۇتەئەسسىپكىلىكنىڭ قاتمۇ-قات چاڭ تۇزانلىرىغا كۆمۈلۈپ قالغان قەشقەر دىيارىدا ئەكسىچە ئۇنۇم بەرگەن،

مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار ئۇنىڭغا بىردەك ئۆكتە قوپقان .ئىككى ئوتتۇرىدىكى تۈپ زىددىيەت مەدرىسە -مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش مېتودى - ساۋاق ئۇسۇلى ۋە ئۇقۇتۇش مەزمۇنىنى ئىسلاھ قىلىش، ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەن. ئابدۇقادىر داموللام ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە مەزمۇنىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەن ئىلغار زات ئىدى. ئۇ، مەشھۇر تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ ئىدىيە-تەشەببۇسلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. كونىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قاتمال بولغاچقا جەدىتچىلەر قەتئىي ئىسلاھات قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى .داڭلىق تاتار جەدىتچى ئالىم رىزائىددىن ئىبنى فەخرىدىن (1858-1937) ‹ ‹ساۋاق (دەرس (ئۇسۇلىغا رىئايە ) دېگەن ماقالىسىدە كەسكىن قىلىپ «ساۋاق ئۇسۇلى ۋە تەربىيە قائىدىسى بۈيۈك ۋە شۇ نىسبەتتە مۇبارەك بىر پەن. ساۋاق ئۇسۇلىغا رىئايە ئەتمىگەن مۇئەللىم ئۆز ئىتىبارسىزلىقى سەۋەبىدىن بالىلارنىڭ زېھنلىرىنى ئەزمەكتىن ئۆزگە بىر پايدا كەلتۈرمەس. بالىلار مۇنداق مۇئەللىملەرگە بەرگەندىن كۆرە، ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي ھاللىرىغا قالدۇرىغان ياخشىدۇر. ھازىر تەلىم رەۋىشلىرى ( ئۇسۇللىرى، شەكىللىرى) نى ئۆزگەرتىپ ئىسلاھ قىلىشقا زامان بىزلەرنى تەقەززا قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن .ئۇزاق ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن : «رۇس ۋە پەرەڭلەر ( ياۋروپالىقلار) دە بولغان ئاجايىپ ئىختىرالارنىڭ بارچىسى پايدىلىق ئىلملەر تەلىم ئىتىلمەك سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەندۇر. ئۈستىمىزدىكى كۆڭلەكلىرىمىز ، ئاستىمىزدىكى كۆرپىلىرىمىز، چاناپۇ -ھارۋىلىرىمىز ھەتتاكى ساياھۇ- قەغەزلىرىمىز، قىسقىسى، يالىڭاچ تىنىمىزدىن باشقا نېمىمىزى بار بولسا، بارچىسى شۇلار قولىدىن ئىشلىنىپ چىققانلىقى، ئۇلاردا تەربىيە دۇرۇس بولۇپ، بىزلەردە دۇرۇس بولمىغىنى ئۈچۈندۇر. لېكىن بىزلەر قاچانغىچە ئەل- ۋەتەننىڭ رۇناق تېپىشى ئۈچۈن زەرىچە پايدا كەلتۈرمىگەن كىتاپلاردىن ساۋاق بەرمەك بىلەن بالىلارنىڭ زېھنلىرىنى زەھەرلەپ، ئىستىقباللىرىنى بەربات ئېتىۋرىمىز ؟ !»

ئەمما قەشقەر ئۆلىمالىرى ئىسلاھات دىگەن ئاتالغۇغا بۇخارا مەدرىسلىرىگە ئوخشاشلا سۇغۇق قارىغاچقا ئابدۇقادىر داموللامنى قاتتىق چەتكە قىقىپ يىتىم قالدۇرغان نەتىجىدە ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە تۇرالماي، 1909-يىلى يەنە قوقان، تاشكەنت، بۇخارا تەرەپلەرگە يول ئالغان.

ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىگە بارغاندىن كىيىن بۇ جايلاردىكى يىپيىڭى جاللىنىش مەنزىرىسىنى كۆرگەن قىرىملىق مۇتەپەككۇر ئىسمائىل غاسپرالى قوزغىغان جەدىتلىك ھەركىتى بۇ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتاتتى جەدىتچە مەكتەپلەرنىڭ سانى تىز سۈرئەتكە كۆپىيىۋاتاتتى «تەرەققى»، «خۇرشىد» دىگەن گىزىتلەر نەشىر قىلىنىۋاتاتتى .مۇنەۋەر قارى ئابدۇ رەشىدخان ، ئابدۇللا ئەۋلانى، مەھمۇد خوجا بەھبۇدى قاتارلىق جەدىچىلەر سەپىنىڭ ئالدىدا رول ئويناۋاتاتتى. ئابدۇرەئوف فىترەت باشچىلىقىدىكى جەدىتچىلەر بۇخارى ئەمىرلىكى تەۋەسىدە بۇخارى ئەمىرىنىڭ تۇسقۇنلىقى ۋە بىسمىلىرىغا قارىماي ئوقۇتۇش ساھەسىگە ئوخشاش، سىياسى ساھەلىرىدىمۇ ئىسلاھات ۋە ئۇيغىنىش ۋەزىيىتىنى يارىتىشقا تىرىشماقتا ئىدى. قازان، ئورىنبۇرگ، ئوفا قاتارلىق شەھەرلەردىكى تاتار مەرىپەتچىلىرى بۇ مەزگىلدە ئاللىبۇرۇن دەۋرىنى يىتەكلەيدىغان ئالاھىدە تەسىرىگە ئىگە زىيالىلار قوشۇنى بولۇۋ شەكىللىنىپ بولغان ئىدى. ئۇلار ئالى مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، گىزىت- ژۇرناللارنى چىقىرىپ، كىتاپلارنى نەشىر قىلىپ جەدىتلىك يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈپ بولغان ئىدى. ئەھمەد ھادى مەقسۇدى، رىزائىدىن ئىبنى فەخردىن، يۇسۇف ئاقچۇرا، موسا جارۇللا، ھەسەن سەبىرى، قاتارلىقلار داھى سۈپەت جەدىتچىلەرگە ئايلانغان ئىدى. بەختكە يارىشا، ئابدۇقادىر داموللام بۇخاراغا بارغان مەزگىلدە بۇخارى ئۆلىمالىرى ئىدىيەدە مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆزگىرىش ياسىغان بولۇپ، ئىلگىرى «ئۇسۇلى جەدىت ھارام، ئۇنى ئوقۇغۇچى دەھرى» دىگەن پەتىۋا ئورنىغا «ئۇسۇلى جەدىت ۋاجىب، ئۇنى ئوقۇش زۆرۈر» دىگەن پەتىۋانى مەيدانغا چىقارغان ئىدى. بۇخارا تاجىكلىرى ئارىسىدىن چىققان جەدىتچى ئەدىب سەدرىدىن ئەيىنىنىڭ يېزىشچە، ئىسمائىل غاسپىرالى 1908-يىلى بۇخارا ئەمىرلىكىگە زىيارەتكەن كەلگەندە جەدىتچە مەكتەپ ئىچىش مەسلىسىنى موزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ئۆلىمالارنى چاقىرىغان. مۇزاكىرىدە مۇللا نىزامى دىگەن كىشى بۇخارا ئەمرى ئابدۇلئەھەتتىن مەكتەپ

ئىچىشقا مەخسۇس ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. مۇزاكىرىگە قاتناشقانلار مەكتەپنىڭ ئىسمىنى «ئىسمائىلىيە «قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما ئىسمائىل غاسپىرالى بۇنى مۇۋاپىق كۆرمەي، بۇخارا ئەمىرنىڭ دادىسى مۇزەففەرىددىنىنىڭ ئىسمى بويىچە «مۇزەففەرىيە» قويۇش تەكلىپىنى بەرگەن مانا بۇنىڭدىن جەدىتچە مەكتەپ ئىچىش بۇخارا ئەمىرلىكى تەۋەسىدە ئۆلىمالار ۋە ئەمىرنىڭمۇ ئىدىيەسىدىن ئۆتۈپ، ئومۇمى قىزغىنلىقتا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ شەھەرلەردە جەدىتلىك ھەرىكىتىنىڭ بۇنداق تېز جانلىنىشىغا 1905 ـ يىلىدىن 1908 ـ يىلغىچە بولغان قىسقىغىنە تۆت يىل ئىچىدە چارروسىيە، ئىران ھىندىستان ۋە ئوسمانلى ئىمپىرىيەسىدە يۈز بەرگەن ئىنقىلابلار سەۋەب بولغان ئىدى.

1904 ـ يىلى پارتىلغان چارروسىيە بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرسىدىكى ئۇرۇشتا روسىيە مەغلۇپ بولۇپ، خەلقئارادا ئېغىر ئاھانەتكە قالغان. شۇ سەۋەبتىن چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىتلىكىدىن نارازى بولۇپ كىلۋاتقان پېتربۇرگە ۋە موسكۋا شەھەرلىرىدىكى زىياللار ۋە ئىشچىلار 1905 ـ يىلى ئىنقىلاب قوزغىغان. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب ئارقىلىق چار پاھشاھ نىكولاي (2) شۇ يىلى ئۆكتەبىردە ‹ «ئۆكتەبىر باياناتى» نى ئېلان قىلىپ دۇما تۈزۈمى، سۆز ئەركىنلىكى، مەتبۇئات ئەركىنلىكى، ۋە يىغىلىش ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۈچ يىلچە داۋام قىلغان بۇ خىل دېموكراتىك سىياسى مۇھىت روسىيەنىڭ زۇلمىنى چېكىۋاتقان ئوتتورا ئاسىيادىكى خەلقلەرنىڭ مىللى ۋە سىياسى ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن .نەتىجىدە، ھەرخىل ئىجتىمائى، سىياسى تەشكىلات بارلىققا كەلگەن. روسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىردە شۇ يىلى پىرسىيە، يەنى بۈگۈنكى ئىراندا بۇرژۇئا ئىنقىلابى قوزغالغان .تېھران خەلقى كەڭ كۆلەملىك يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ساتقىن باش ۋەزىرنى ۋەزىپىسدىن قالدۇرۇشنى، ،ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. خەلقىنىڭ بېسىمى ئاستىدا پىرسىيە پادىشاھى 1906 ـ يىلى ئىيۇلدا خەلقىنىڭ ئىشەنچىسىدىن قالغان باش ۋەزىرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىغان ھەم مىللى پارلامېنت تەسىس قىلىشقا قوشۇلغان. 1906 ـ يىل ـ 7ئۆكتەبىردە

پىرسىيەنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك بۇرژۇئازىيە قانۇننى ماقۇللانغان. ئۇنىڭدا پىرسىيە پادىشاھلىق ئاساسى قانۇنلۇق دۆلەت، پارلامېنت ئەڭ ئالى ھوقۇقلۇق ئورگان، پۇقرالارنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، مەتبۇئات، سۆز ئەركىنلىكتىن ۋە مائارىپتىن بەھىرىمان بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە، خۇسۇسى مۈلۈك دەخلىسىز ؛ ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى، دەپ بەلگىلەنگەن. ئىسلامىيەت دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالغان بۇ ئىسلاھاتتىن بۇرژۇئازىيە سىنىپى شەكىللىنىپ بولغان مىللەت ۋە رايۇنلار كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇزاقتىن بىرى بىرىتانىيە مۇستەملىكچىلىرىنىڭ دەردىنى تارتىپ كېلىۋاتقان ھىندىستاندا گەندىنىڭ رەھبەرلىكىدە 1905 ـ يىلى مىللەتچى سىياسى تەشكىلات ‹ ‹ھىندىستان ئاپتونومىيە ئىتپاقى» قۇرۇلغان . 1906 ـ يىلى دىنى سىياسى تەشكىلات ‹ ‹ھىندىستان مۇسۇلمانلار ئىتپاقى قۇرۇلغان» ، ئاغاخان رەئىسلىككە سايلانغان، ھىندىستاندىكى بۇ ئىنقىلابى تەشكىلاتلار تۇرلۈك يول بىلەن بىرىتانىيە مۇستەنلىكچىلىرىگە قارشى ھەىكەتلەرنى قانات يايدۇرغان. بۇ، تەبئى ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىجتىمائى ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇرىشىغا قىزغىن ئىلھام بەرگەن. 1908 ـ يىلى لىڭشىپ قالغان ئوسمانلى ئىمپىرىيىسىنىڭ مەركىزى ئىستانبۇلدا «بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيتىنى « قۇزغىغان. ‹ ‹مۇستەبىت سولتان» دەپ نام ئالغان ئابدۇلھەمىد پارلامېنت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ئىنقىلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى خەلقلەر ئىچىدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ قەلبىنى زەرەتلىگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسى، ئىجتىمائى غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشكەن. ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە 1905 ـ يىلدىن 1910 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئىسلاھات ئۆزگىرىشلىرىدىن چوڭقۇر ئىلھام ئالغان.

ئابدۇقادىر داموللام قوقان، تاشكەنت، ۋە بۇخارادا بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ جەدىتچىلىرىنىڭ ئىسلاھات تەجرىبىلىرى، جەدىتلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن يېقىندا تونۇشقاچ ‹ ‹جاۋاھىرۇل ـ ئىيقان« ، «مىفتاھۇل ـ ئەدەب» («ئەدەبىيات ئاچقۇچى») ناملىق كىتابلىرىنى پۈتكۈزگەن، «مىفتاھۇل ـ ئەدەب» 1910 ـ يىلى سىراجىدىن مەخدۇمنىڭ كۆچۈرگەن قوليازمىسىغا ئاساسەن تاشكەنتىكى »غۇلامىيە» مەتبەسىدە

بىسىلغان. شۇ جەرياندا ئابدۇقادىر داموللام يەنە تاشكەنتلىك موراد خوجا پارىسچىدىن تەرجىمە قىلغان «تۈركى گۈلىستان» ناملىق كىتابقا تەكلىپ بىلەن شېئىرىي تەقرىز يازغان. ئابدۇقادىر داموللام پىكرى ئۆتكۈر، بىلىمى مول، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئۈستۈن، ئارزۇسى كۈچلۈك كىشى بولۇش سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىتچىلىرى بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەت شەكىللەندۇرگەن. ئۆزىنىڭ ئىسلاھات نىيىتى، جەدىتچە مەكتەپلەرنى ئېچىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن «بىدايەتۇس-سەرپ«، »بىدايەتۇن-نەھۋى»، «تەسھىلۇل ـ ھىساب» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ قەشقەرلىك تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلەر نوزززادە ھاجى مۇھەممەد ئەلى، ئابدۇرېمئاخۇن، مەھمۇد ئاخۇنلارنىڭ ئىقسادى ياردىمى بىلەن قازان شەھىرىدىكى «مىللەت» مەتبەسىگە بېسىپ بېرىش ھەم قەشقەرگە ئەۋەتىپ بېرىشكە تاپشۇرۇپ بەرگەن، ئۇ تاشكەنتتىكى مەزگىلدە تۈزگەن «مىفتاھۇل ـ ئەدەب» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە سەممىيلىك بىلەن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ ئىقتىدارلىق كىشلىرىگە «ئىلگىرى ياخشى ئالىملارنىڭ يولىدا مېڭىپ، مەنپەئەتلىك ئالىم ۋە ئالى مائارىپنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقايلا» دەپ مۇراجىئەت قىلغان. بۇ پاكىتلاردىن بىز ئابدۇقادىر داموللانىڭ نوپۇزىنىڭ كۈچىيىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىرىدىكى ئابرۇيلۇق ئۆلىمالار ۋە جەدىتچىلەردىن بىرى بولۇپ قالغانلىقىدىن ھىس قىلالايمىز. دېمەك ئۇ ئانا ۋەتىنىدە تاپالمىغان ئابرۇي ئىناۋەتنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە تاپقان. ئەمما، ئۇنىڭ تۇپ غايىسى ئانا ۋەتىنىدىكى جاھالىيەت تۇتۇكلىرى ئىچىدە تىمسىقلاپ يۈرگەن مەزلۇم قېرىنداشلىرىنى ئادەمدەك ئاڭ ۋە ئارزۇ بىلەن ياشاش يولىغا باشلاش ئىدى. ئابرۇي ـ ئىناۋىتى ئېشىپ، ئىشەنچىسى كۈچىيىپ، غايىسى پىشىپ يېتىلگەن ئابدۇقادىر داموللام تەرەققىيات ۋە يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇش جەھەتتە شىنجاڭ بۇيىچە ئالدىدا كىتىۋاتقان شەھەر ـ غۇلجىغا 1911 ـ يىلى ئالما ـ ئاتا ئارقىلىق كەلگەن. بۇ يىللاردا غۇلجىدا ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايىيفلار ۋە غۇلجا تەۋەسىگە يېڭىدىن كەلگەن تاتار مەرىپەتچىلىرى ئاچقان يېڭىچە مەكتەپلەر دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەنىدى. ئابدۇقادىر داموللام غۇلجىغا ئىلغارلىقتا داڭلىق ئۆلىما ئابدۇمۇ تائالى خەلىپەم بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭغا جەدىتچىلىكنى تەشۋىق قىلغان» .ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دىن بىلەن پەننى

بىرلەشتۈرۈش، ئوقۇتۇشقا بىرقىسىم دۇنياۋى پەننى كىرگۈزۈش، ئۇسۇلى جەدىتنى يولغا قويۇش تەشەببۇسلىرىنى ئابدۇمۇ تائالى خەلىپەمنىڭ ئىشەنچىسنى تىخمۇ ئاشۇرغان. نادانلىق ۋە جاھالەتكە قارشى تۇرۇپ، خەلقنى ئۇيغۇتىش پائالىيەتلىرىنى تېخمۇ كۈچەيتكەن».

ئابدۇقادىر داموللام بۇ قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم شەھەرلەردە ئىلىم زىيارىتىدە بولۇپ، ئەينى يىللاردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاتار مەرىپەتچىلىرى يولغا قويغان يېڭىچە ئوقۇتۇش مېتودى – ‹‹ئۇسۇلى جەدىتى›› (ئۇسۇلى سەۋتىيە )نىڭ ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى –‹‹ئۇسۇلى قەدىمى ) دىن كۆپ ئىلغار ھەم ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى تېخمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. بۇ قېتىم ئۇنىڭ جەدىتچىلىك ئىدىيەسى ھەقىقى مەنىدە شەكىللىنىپ، بۇ خىل يېڭى ئىسلاھاتنى قەشقەردە ئىككىلەنمەستىن يولغا قويۇش ئىرادىسىگە كەلگەن ھەم 1912-يىلى قەشقەردە ئۆزى باش بولۇپ جەدىتچە مەكتەپ ئاچقان.

قەشقەر گەرچە تارىختا ئىلىم –مەرىپەت سۆيىتىدە دۇنياغا شۆھرەتلەنگەن مەشھۇر شەھەر بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە گويا كۆز تەگكەندە، جاھالەتتە قالغان شەھەرلەر قاتارىدا سانىلىدىغان بولۇپ قالغان، تاتار زىيالى نۇشىرۋان يائۇشىفنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ‹‹تارىختا ئىلىم –مەرىپەت نۇرى بىلەن يەر-كۆك ئارىسىنى نۇرغا چۆمۈلدۈرگەن›› بۇ شەھەر شۇ يىللاردا ‹‹مەدەنىيەت قۇياشىدىن يۇتۇنلەي مەھرۇم ھالەتتە جانسىز ۋە ھەرىكەتسىز›› ئۆلۈك شەھەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى، قەشقەر مەدرىسە مائارىپى خېلىلا ئومۇملاشقان بولسىمۇ، لېكىن تەلىم –تەربىيە ئۈنۈمى تۆۋەن ئىدى. سەۋەبى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قالاق، ئوقۇتۇش مەزمۇنى چولتا ئىدى. بۇنداق مەدرىسە مائارىپىنىڭ كۆنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان رىئال ئىجتىمائىي كىرىزىسىنى ھەل قىلىشقا نۆۋەتتىكى مىللى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ماجالى يەتمەيتتى. ئوقۇتۇشقا سەرىپ قىلىدىغان ۋاقىت زىيادە كۆپ ئىدى. نۇرىدىن ئابدۇراھمان جامىينىڭ ئەرەب تىلى نەۋھىگە ئائىت ‹‹كافىيە›› نىڭ ئىزاھى بولغان ‹‹شەرھى موللا›› كىتابىنى ئوقۇش ئۆچۈنلا بەش يىل ۋاقىت كېتەتتى. ‹‹مۇقەددىماتى مەنتەقىيە››، ‹‹مەۋھۇمە يۇنانىيە›› دەرسلىرى كۈچەپ ئوقۇتۇلاتتى. ‹‹سەرب››، ‹‹مۆئزىي›› ‹‹زەنجانىي››، ‹‹ئاۋامىل›› قاتارلىق گىراماتىكا

كىتابلىرىنى بەش-ئالتە يىللاپ ئوقۇتاتتى. دەرسلەرنىڭ ئىچىدە ساپ ئەقىدىگە ياتىدىغان بىلىملەرگە سەل قارىلىپ، تەسەۋۋۇپ نامايەندىلىرىنىڭ كىتابلىرى كۆچەپ ئوقۇتۇلاتتى.

شۇڭا قەشقەردە «گەپنى ھە دېسىلا ھاپىز بىلەن مەۋلىۋى جامىينىڭ ئەسەرلىرىدىن باشلايدىغان، ھەرخىل لەتىپە ۋە ئەبۇ مۇسلىم قاتارلىقلارنىڭ جەڭ قىسسەلىرىنى بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى مەلۇماتى مول بىلىملىك ئادەم» سانىلاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىتچىلىرىگە ئوخشاش ئىشنى ئالدى بىلەن جەدىتچە مەكتەپ ئېچىپ، مەدرىسە مائارىپىنى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ۋە مەزمۇنى جەھەتتىن تەڭ ئىسلاھ قىلىشنى باشلىغان. كەلگۈسىدە ئۆزىگە قول-قانات بولۇشقا يارايدۇ دەپ قارىغان زېھنى ئوچۇق ياش تالىبلارنى ۋە بىر قىسىم شاگىرتىنى تۇرلۇك ئامال بىلەن چەت ئەللەردىكى ئىسلاھات ئىدىيەسى بۇيىچە ئوقۇتۇلىدىغان جايلارغا ئوقۇشقا چىقارغان. ئوقۇشقا چىقىرىلغان بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىراجىتىنى 1911-يىلى ئىستانبۇلدا ئابدۇرەئوف فىترەت، ئوسمان خوجا، ئابدۇلئەزىزى غۇلجائىي، مۇقىمىدىن بەگجانىي ۋە سادىق ئاشۇر ئوغلى قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان ھەيئەت تەرىپىدىن قۇرۇلغان «بۇخارا مەرىپەت جەمئىيتى» ئۈستىگە ئالغان.

ياپونىيىلىك تەتقىقاتچى ئويىشى شىنىيچىرو «قەشقەردىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى»ناملىق ماقالىسىدە «دانا ئىسلاھاتچى، ئۆلىما ئابدۇقادىر داموللام-1912يىلى قەشقەر شەھىرىدە يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان، ئابدۇقادىر داموللام قەشقەر قاتارلىق تەكرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى جايلاردا مۇسۇلمانلارنى يېڭىچە مائارىپتا تەربىيلەش ئۆچۈن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش بىلەن بىرگە، ھەر يىلى ئىستانبۇل، قازان، ئوفا، ئورىنبۇرگ قاتارلىق ئىلغار مۇسۇلمان يۇرتلىرىغا 10-15تىن ئوقۇغۇچى چىقىرىپ تۇرغان» دەپ يازغان.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەسىنىڭ روشەن ھالدا كۆچىيىپ، پائالىيەتلىرىنىڭ جانلىنىپ، مۇنەۋەر بىر جەدىتچىگە ئايلىنىشىدا قىرىم، قازان، ئوفا، ئورىنبۇرگدىكى تاتار زىيالىلارنىڭ جەدىتلىك پائالىيەتلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا، بولۇپمۇ تاشكەنت، سەمەرقەنتكى ئۆزبەگە

ئوخشاش ئاك ۋە ئاررۇدىكى ياش-ئۆلىمالارنىڭ مەرىپەتچىلىك ھەرىكەتلىرى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

ئىسمائىل غاسپرالىنىڭ «تىلدا، دىلدا، ئىشتا بىرلىك» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش شۇئارى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللى ئويغۇنىش ھەرىكەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، جەدىتچە مەكتەپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان، ھەرقايسى تۈركى تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئويغانغان زىيالىيلىرى ئۆزىنىڭ مىللى غايىلىرىنى تۇرغۇزۇپ، زامانىۋىلىشىش، ئىلغارلىق، تەرەققىيات، گۈللىنىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشكەن. مۇتەئەسسىپلىك بىلەن ئىلغارلىق خۇراپاتچىلىق بىلەن مەرىپەتچىلىك، تەركىدۇنياچىلىق بىلەن ئەمەلىيەتچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كۈرەش ناھايىتى كەسكىن ھەم مۈشكۈل بولغان. بۇ جەرياندا مىللى غايىلىرى پىشىپ يېتىلگەن تاتار مەرىپەتچىلىرى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

تارىخ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، تاتار مەرىپەتچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئويغىنىش ھەرىكىتى چاررۇسىيەنىڭ ئوچ ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە تاتارلارنىڭ زېمىنلىرىنى بىر-بىرلەپ ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈنلىكى ۋە ماددا مەنىپەئەتىگە قوشلاپ زەربە بېرىشى، ئېتىقاد ۋە مەدەنىيىتىگە غالجىرلىق بىلەن زىيانكەشلىك قىلىش نەتىجىسىدە شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇنداق زور مىللى خەۋپ ئاستىدا تاتار مەرىپەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى قالاقلىقلارنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىسلامىيەتنىڭ قىممەت قارشى بىلەن غەربنىڭ پەن-مەدەنىيىتىنى ماسلاشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلغان. بۇ تارىخ ئويغۇنىشىنى ئۇلارنىڭ يېڭىچە ئاڭدىكى بايراقدار موتەپەككۇرلىرى بىلەن پائالىيەتچان مىللى بۇرژۇئازىيىلىرى بىرلىكتە ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئۇلارنىڭ ئويغۇنۇش ھەرىكىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئىدىيۋى ئېقىمنى شەكىللەندۈرگەن. باغچا ساراي، قازان، ئورىنبۇرگە، ئوفا، تىرويىسكى، ئاستراخان قاتارلىق تاتار شەھەرلىرى بۇ خىل ئېدىيۋى ئېقىمنىڭ مەركەزلىرى بولۇپ جەدىتچە مەكتەب ۋە نەشىر بويۇملىرىنىڭ تەسىرى يىرا- يېقىندىكى قېرىنداش خەلقلەر ئارىسىدا زىلزىلگە قوزغىغان. ئابدۇقادىر داموللام »ئەدەبى بىر مۇساھىبە» دېگەن ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا تاتار مەرىپەتچىلىرى

نەشر قىلغان ‹ ‹تەرجىمان» ، «ۋاقىت» ، ‹ ‹شۇرا» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ئەھمىيىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، «بۇ پايدىلىق ئەسەرلەردىن بەھرىمان بولغان كىشىنىڭ ۋىجدانى كونىلىقتىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات يولىدىن قايتماس» دەپ يازغان. دېمەك، تاتار مەرىپەتچىلىرىنىڭ جانلىق، ئەمەلى، ئۈنۈملۈك پائالىيەتلىرى، جەدىتچىلىك ئىدىيۋى ئېقىمىنى ئۇرغۇتۇپ، مىللى ئۇيغۇنۇش ھەرىكىتىنى كۈچەيتكەن. 1905-1906-يىللىرى تۆۋەن نوۋگورد ۋە سانكىت پېتىربۇرگدا تاتار مەرىپەتچىلىرى باشلامچىلىقىدا ئېچىلغان ئۈچ قېتىملىق رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى قۇرۇلتىيى بۇ ھەرىكەتنى خەلقئارالىق تەسىرگە ئىگە قىلغان.

دەل شۇ يىللاردا بىرىتانىيە مۇستەملىكچىلىرى ئۆزىنىڭ ئىسلامىيەت دۇنياسىغان بولغان قارا نىيىتىنى سىستىملاشتۇرۇش، مۇستەملىكە رايونلىرىدا ھەربى غەلبىدىن تاشقىرى غەلبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىرماقتا ئىدى. 1906-يىلى قاھىرەدە چاقىرىلغان گوسپېل يىغىنى خرىستىيان دىنىنىڭ ئىسلام دىنىغا قاراتقان ئومۇميۈزلۈك خىرىسىدىن دېرەك بەرگەن. ئەنگلىيە ئىشخالىيەتچى دائىرلىرىنىڭ مىسىرغا قاراتقان سىياسى، ئىقسادى كونتروللۇقىنىڭ تەدرىجى كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ غەرب مەدەنىيىتىمۇ سىڭىپ كىرىشىنى جىددىيلەشتۈرگەن. خرىستىيان دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن غەرب مىسسيونېرلىرى مىسىرغا تۈركۈملەپ يېتىپ كەلگەن. بۇ قېتىمقى يىغىن ئىسلام مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە ئىسلامىيەتكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى، مىسالەن، دوختۇرخانا ۋە دارىلئېتاملارنى قۇرۇش، مەكتەپ سېلىش قاتارلىق ئىشلارنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلغان، ئەزھەر ئۇنىۋىرسىتېتىغا خرىستىئان ئۇنىۋىرسىتېتىنى قۇرغان.

ئۇلار ‹ ‹ئەڭ مۇھىم ۋاستە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ غەربكە تەربىيە ئېلىشقا ئەۋەتىش، ئۇلار ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتقاندىن كېيىن گوسپېلنى تارقىتىدىغان ئىدىيۋى رەھبەرلەر بولۇشى كېرەك» دەپ قارار قىلىشقان. ئابدۇقادىر داموللام ئىسلامىيەت دۇنياسى مەۋجۇتلۇق، ئىدىئولوگىيە جەھەتلەردە جىددى خىرىسقا دۇچ كەلگەن مۇشۇ دەۋىردە ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى مۇھىم موتەپەككۇلار بىلە سۆھبەتتە بولغان ھەم «تاتار

مەدەنىيەت ئۇيغۇنشى» ئەۋجىگە چىققان شەھەرلەرنى زىيارەت قىلغان. ئۇ، بۇ جەريانىدا بۇ خىل خىرىسىنى چىن مەنىسى بىلەن تونۇپ يەتكەن ھەم نېمە قىلىش زۆرۈرلىكىنى چۈشەنگەن تۇنجى ئۇيغۇر زىيالىسى بولۇپ قالغان. ئۇ ئاشۇ ئىدىيۋى دۇلقۇنلاردا كۈرەش غايىسىنى مۇستەكەملىگەن. ئۇ «ئەدەبى مىر موساھىبە» «دىگەن ماقالىسىدە غۇلجىدىن ۋەتىنىمگە قايتىپ، ئاۋالقى مەسىلەكىنى داۋام ئېتىپ، ئاھالىنى جەدىتچە ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتلارغا تەشۋىق ۋە تەرغىپ ئەتتىم» دەپ يازغان. ئابدۇقادىر داموللام «ئاقائىد زۆرۈرىيە» ناملىق ئەسىرىدە ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەن : «- ئىنسانلىك خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا بائىس ‹ سەۋەب› نېمىدۇر ؟ - ئىككى نەرسىدۇر. بىرى، جاھالەت ۋە نادانلىق ؛ ئىككىنجىسى، تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر - ئىزەت-ئابرۇي، قۇۋۋەت نېمە بىلەن بۇلۇر ؟ — ئىلىم -مەرىپەت، ئىتپاق بىلەن بولۇر «.ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىنى ئايلىنىش، كۆزىتىش جەريانىدا ئويلىنىش، تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئاخىرقى ھىساپتا يۇرتىنىڭ، مىللەتىنىڭ كۈلپەتلىك تەقدىرىنى ئۆگشاش ئۆچۈن چۇقۇم ئىشنى مائارىپ ۋە مەدەنىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلاش قارارىغا كەلگەن. ئۇ بۇ خىل ئىسلاھات غايىسىنى، يەنە جەدىتچىلىك ئوي - پىلانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۆچۈن 1912-يىلدىن باشلاپ قەشقەردە ئۆيىۇشما قۇرۇپ، مەكتەپ ئېچىپ، كىتاب چىقىرىپ زور تەسىر پەيدا قىلغان.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەردە باشلىغان جەدىتلىك ھەرىكىتىنىڭ داغدۇغىسى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قەشقەردىن ھالقىپ كەتكەن. ئۇ، بۇ يېڭى ھەرىكەتىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى يېتەكچىسى سۈپىتىدە تونۇلغان . گەرچە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەرەققىيات تەرەپدارلىرىنىڭ نەزىرىدە يۈكسەك ئاتالسىمۇ، ئەمما بۇ ياش ئالىمنىڭ قەشقەردەك جاھالەت تۈتۈكلىرى ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالغان قالاق شەھەردە تەرەققىپەرۋەرلىك غايىلىرىنى رىئاللىققا ئايلاندۇرالىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. ئابدۇقادىر داموللامغا ئوك كىلىپ قالغان يىرى شۇكى، 1912-يىلى جۇڭگو پادىشاھلىق تۈزۈمى ئاخىرلىشىپ جوڭخۇا مىنگو قۇرۇلغان ئىدى. ياڭ زېڭشىن دەل شۇ يىلى مايدا شىنجاڭنىڭ ئالى ئەمەلدارلىقىغا تەينلەنگە ئىدى. بۇ چاغدا جۇڭگو، جۈملىدىن شىنجاڭ ۋەزىيىتى تولىمۇ مۇرەككەپ ئىدى. ئۇ، ھەربى ئۆزگىرىش قىلىپ ئىلىنى مۇستەقىل ئىدارە قىلۋاتقان شىنخەي ئىنقىلابچىلىرىنى قورغىلاڭ كۆتۈرۈپ قۇمۇل

تاغلىرىنى سورۋاتقان تۆمۈر خەلپىنى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ئىنتايىن جانلىنىپ كەتكەن گىلاۋخۇچىلارنى يۇقىتىپ، ئۆزىنىڭ ئاجىز ھاكىمىيتىنى مۇستەھكەملىسە، مالىيەسى قۇرۇقدىلىنىپ قالغان ھۆكۈمەت غەزىنىسىنى غەملىمىسە بولمايتى. بۇنداق ئەھۋالدا ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەردىكى يېڭىلىق ۋە كونىلىق تالا- تارتىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگىدەك چولىسى يوق ئىدى. جايلاردىكى مەنسەپدارلارمۇ سىياسى ۋەزىيەتنىڭ قاياققا بۇرۇلدىغانلىقىنى كۈزىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قايغۇرۇشىپ ئۆتۈشۈۋاتاتتى. شۇڭا، ئابدۇقادىر داموللام ياقۇپ بەگنىڭ رەزىل سىياستىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىماي جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنى قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل داۋام ئەتكۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولغان. لېكىن، مۇتەئەسسىپ ئۆلىما- ئىشانلار زامانغا لايىقلىشقا جان- جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئۆزلىرى بىلىپ - بىلمەي ياقۇپ بەگنىڭ رەزىل سىياستىگە ئۇيغۇن يول تۇتقان .ئابدۇقادىر داموللامغا ئوخشاش ئىسلاھات بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان بىر ئادەم ئالدى بىلەن چۇقۇم قەشقەردە يۈكسەك نوپۇز تىكلىشى، كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، قەشقەر مەشھۇر مەدرىسلەرمۇ، داڭلىق دىنى ئۆلىمالارمۇ كۆپ قەدىمى شەھەر ئىدى. سوپى- ئىشانلارنىڭ تەسىر كۈچىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە زور ئىدى. بۇنداق مۇھىتتا يېشى ئەمدىلا 40تىن ھالقىغان، كۆپ يىل چەتئەللەردە يۈرگەن ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ موتەئەسسىپلەر تەرىپىدىن ئىجتىمائى غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. قەشقەردىكى ئۆلىما - ئىشانلارنىڭ مۇتلەق كۆپى تار مەندىكى ئىبادەتلەرگىلا بىرلىگەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشنى ئارتۇقچە ھەم ئىتقادىقا مۇخالىپ دەپ قارايدىغان نەزەر دائىرىسى تار كىشلەر ئىدى. ئۇلار دۇنيا مىقياسىدا ئىلسلام دىنى ھەم ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقى ۋە ئارقىدا قالغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. خەۋىرى بار دىگەندىمۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئويلانغۇدەك تەپەككۇر قۇۋىتىدىن، بۇنداق قاباھەتلىك رېئاللىققا ئىچىنغۇدەك ساپ ۋىجدانىدىن، خەلقىنى قۇل قىلغۇچى زوراۋان زالىملارغا قارشى تۇرغىدەك غەيرەت- شىجائەتتىن مۇستەسنا ئىدى ئۇلار يۇمشان ئىبادەتلەرنىلا ئادا قىلىشىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى ئەڭ تەقۋادار ھىساپلىشىپ، نەزىر- چىراغلاردا ئۇزۇندىن -ئۇزۇن دۇئا تىلەكلەرنى تىلىشىپ كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىگە مىڭ مەرتە شۈكۈر قىلىشىپ يۈرىۋېرەتتى. كۈلپەتلىك

قىسمەتلەرنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئويلىنىش، ئاپەت كەبى كەلمىشلەرگە چارە ـ تەدبىر ئىزدەشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى تەقدىر قىسمەت، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى دېيىشىپ پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ ياشاۋېرەتتى. بۇلارنىڭ باشچىسى جەدىتچىلىككە ئۆچمەنلىك قىلىشتا تونۇلغان ئۆلىما سىلىم داموللا ئىدى. ئۇ، «تارىخ ۋە جۇغراپىيە ئوقۇتۇش هارامدۇر» دەپ پەتىۋا چىقارغان ئىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە بىدئەتلىككە ياتىدىغان ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش تەشەببۇسلىرىنى بۇرمىلاپ چۈشۈندۈرۈپ «يەھۇدى ناسارالار، ئاللاھنىڭ كۆرسەتكەن يولىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ دىنىنى ئىسلاھ قىلىسا بولىدۇ، بىزنىڭ دىنىمىز ئەڭ توغرا، ئەڭ موكەممەل دىن، شۇڭا ئىسلاھ قىلىشنىڭ هاجىتى يوق، بۇنداق قىلىش كۇپۇرلۇقتۇر» دىگەندەك گەپلەرنى تارقاتقان. ئۇنىڭ قەشقەردىكى ئۆچىغا چىققان مۇتەئەسسىپ ئىكەنلىكىنى 1914ـ1916 يىللىرى قەشقەر، ئاتۇشلاردا يېڭى مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغان تۈركىيەلىك ئەهمەد كامال ئەپەندىمۇ ئۆز كىتابىدا قاقشاپ تۇرۇپ تىلغا ئالغان.

ئابدقادىر داموللام قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن ـ 1912. يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىرىدىكى جەدىتلىك هەرىكىتىنىڭ شامالليرى قەشقەرگە ئەمدىلەتىن يىتىپ كىلىۋاتقان، قەشقەردە ئەنئەنىۋى ئىسلام مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە گەپ سۆزلەر بولىۋاتقان بىر چاغ ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىيە قاتارلىق جايلاردىكى يېڭى مائارىپنىڭ ۋەزىيىتى بىلەن پىشىق تونۇشۇپ، جەدىتلىك ئىدىيەسى مۇككەملەشكەن ئابدۇقادىر داموللام يېڭى مائارىپنىڭ هامىلىرى ۋە باشلامچىلىرى بولغان ئاكا ـ ئۇكا مۇسابىيفلارنى قىزغىن قوللىغان، ئۇلار بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ بىر سەپتە تۇرغان 1914ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۈستىن ئاتۇش ئىكساقتا قۇرۇلغان، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى مۇنتىزىم يېڭىچە مەكتەپ بولغان دارىلمۇئەللىمىنگە زور ئۈمۈد باغلىغان. مەدرسلەرنىڭ دوگما تەلىم تەربىيە ئۇسۇلىنى قارغۇلارچە يادلاتقۇزۇشنى ئاساس قىلغان ئوقۇتۇش شەكىللىنى، دەۋىر تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان دەرسلىكلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، جەدىتچە ئوقۇتۇشنى ئىزچىلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى دەرسلىكلەر قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش ئىسلاھات ئىلىپ بارغان ئۇنىڭ

بۇ قېتىم قەشقەردە ئوينىغان رولى ئىلگىرىكى يىللاردا ئوينىغان رولىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن. خانلىق تۈزۈم ئاغدۇرلۇپ، 19120-يىلى جوڭخۇا مىنگو ھاكىمىيتى تىكلىنىپ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئورۇنتىلغاندىن كېيىن جايلاردىن بىجىڭدىكى پارلامىنتقا ۋەكىل سايلاش تۈغۈرسىدا ئوقتۇرۇش تارقاتقان. قەشقەردە ئابدۇقادىر دامۇللامىنى پارلامىنتقا ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىش ھەققىدە غۇلغۇلا بولغان بۇنىڭ ئابدۇقادىر دامۇللامىنىڭ قەشقەر تەۋەسىدە كونسايىن ئابرۇي تېپىپ يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىقنىڭ بايراقدارى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئابدۇقادىر دامۇللامىنىڭ تەسىرى بىلەن يېڭىلىققا تەلپۈنگە قەشقەر ياشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە نەشىر قىلنۋاتقان گېزىت-ژۇرناللارنى ئوقۇيدىغان قىرائەتخانە ئاچقان، «جەمئىيەت ئىسلامىيە» دىگەن نامدا ئۆلىمالار كېڭىشى قۇرغان. بۇ كېڭەشكە قەشقەرنىڭ ئاتاغلىق ئۆلىمالىرىدىن »شەيخۇل ئىسلام» دەپ نام ئالغان مۇللا ئىسلام دامۇللام «سولتانۇل ئۆلىما» دەپ نام ئالغان باھاۋىددىن مەھدۇم، ئوبولقاسىم ئاخۇنۇم خانئىرىقلىق ئابدۇغوپۇر ئاخۇن مەقدۇم قاتارلىق زاتلار ئىشتىراك قىلغان. «جەمئىيەتى خەيرىيەت ئىسلامىيە» نامدا فوند تەسى قىلغان.«مۇتالىئە ھىدايەت» دىگەن نامدا جەدىتچە مەكتەب ئاچقان. ئابدۇقادىر دامۇللام ئۆزىنىڭ جەدىتلىك ئىدىيەسى ۋە غايىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پىروگىراما خاراكتىرلىك مۇھىم ئەسىرى «نەسىھەتى ئاما» نى يېزىپ، باستۇرۇپ تارقاتقان. ( بۇ ئەسەر ئۆمەر ئوسمان شىپاھىينىڭ نەشرگە تەييارلىشى، ئالى مۇھەررىر ھاجى غوجا ئابدۇللا ئوسماننىڭ بېكىتىشى، ئەينى ۋاقىتتىكى باش مۇھەررىر قۇربان ماموتىنىڭ تەقرىزى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ 2000-يىل 1-سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى.- مەسئۇل مۇھەررىردىن ). بۇ ئەسەر قاراتمىلىقى كۈچلۈك، چاقىرىق كۈچى زور، جەدىتزىملىق رۇھىغا باي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، شۇنداقلا شۇنداقلا ئىدىيەسىنىڭ ئىلغار، تىلىنىڭ ئاممىباپلىقى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئىدىيئىلوگىيەسى ۋە ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۇنجى ۋەكىللىك ئەسەر ھىساپلىنىدۇ. بۇ ئەسەردىن ئابدۇقادىر دامۇللامىنىڭ ئىسلاھات ئىدىيەسىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەسەردە بۇ مۇتەپەككۇر ئىسلاھاتچىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىسلام تۇسىدىكى قالاق ئۇيغۇر جەمئىيتىنى زامانىڭ تەرەققىياتىغا

ماسلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدىغان كۈچلۈك ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى. ئۇ، دىنىدىن تاشقىرى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىمۇ، كونا ئەندىزىدىكى قاتمال دىنى ھاياتنىمۇ قەتئى ھىمايە قىلمىغان، پەقەت غەيلەت ئۈيقۇسىغا غەرىق بولغان ئەنئەنىۋى جەمئىيەتنى ھاياتى كۈچكە ئىگە جۇشقۇن جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇشنى ؛ ئىدراكقا بىپەرۋا قارايدىغان نادان جەمئىيەتنى مەرىپەت روھىغا باي يېڭى جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇشنى ؛ زەئىپلەشكەن، بىدئەت چىرمىغان مۆجمەل ئەقىدە ـ ئېتقادىنى كۈچلۈك ھەم ساپ ھايات پىرىنسىپىغا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەينى دەۋرنىڭ ئىلغار ئىدىئولوگىيەسى ۋە مائارىپ ئىسلاھتىغا يېقىدىن ياندىشىپ ۋۇجۇدقا چىقارغان يۇقىرىقى پائالىيەتلىرى قەشقەردە ئىلغارلىق تەرەپدارلىرى بولغان «قەدىمىچىلەر» ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ھەم زىددىيەتنى روشەن ھالدا كۈچەيتىۋەتكەن. كونىلىق تەرەپدارلىرى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت يېقىن، شۇنداقلا ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغاچقا غالىب كەلگەن. ئىلغارلىق تەرەپدارلىرنىڭ باشلامچىسى بولغان ئابدۇقادىر داموللام مۇتەئەسسىپ موللا ـ ئىشانلارغا تەڭ كېلەلمەي مۇرەسسە قىلىشقا، ھەتتا يول قويۇشقا مەجبۇر بولغان ئۇ، «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915 ـ يىل 1 ـ دېكابىر نەشر قىلىنغان سانىغا بىسلغان «بايانى ھەقىقەدە » ناملىق ماقالىسدە قەشقەرنىڭ مۇتەئەسسىپ ئۆلىما ـ ئىشانلىرىنى قاتتىق ئەيىپلىگەن. ئۇ بۇ، خىل جاھىل كۈچلەرنى «ئۆلىمالار» ‹ ‹چوڭلار» «رەھبەرلەر» دەپ ئاتاپ تۇرۇپ، ئۇلار ئۇستىدىن مۇنداق شىكايەت قىلغان :«قايسى كۈنى دىيارىمىزدا تەرەققى قىلغان مەدەنىيەتنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى، رەھبەرلىرىمىز نامىدىن مەزكۇر مەدەنىيەتنى ئۆگەنگۈچىلەرگە ‹ لەنەتكەردى ئازغۇنلار › دېگەندەك پەتىۋالارنى يامغۇردەك ياغدۇرۇشقا باشلىدى»، «بىزنىڭ تەشەببۇسلىرىمىز ئەمەلگە ئاشماي، يەككە ـ يىگانە ھالىتىدە نەزەردىن چەتتە قالدۇرۇلدى، بىزنىڭ دالالىتىمىز بىلەن ياشلار ئىجتىھات بىلەن قىرائەتخانە ئاچتى، چوڭلار بۇنى ‹ مەزھەب بۇردى › دەپ ياپتۇردى، ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇردى، بۇنى › دەھرىيە ئۇچىقى › دەپ بۇزدى، ئىسلامنىڭ ياخشىلىق قىلىش جەمئىيىتىنى (جەمئىيەتى خەيرىيەت

ئىسلامىيە) نى قۇرۇپدۇ، ‹ پىتنە ـ پاسات تارقىتىدىغان مەركەز › دەپ تەشۋىق قىلىپ يىمىرىۋەتتى. ‹ نەسىھەتى ئاما › ئىسلاملىق رىسالىنى نەشىر قىلسا، ‹بىدئەت› دەپ پەتىۋا قىلىپ بىكار قىلدى. ‹ موتالىئە ھىدايەت› نامىدا دىنى، مىللى، ئەدەبى مەكتەپ ئاچتى، بۇنى ‹ ئازغۇنلار ئۇيۇشمىسىنى › دەپ تاقىتىۋەتتى.......ئامالسىزلىقىمىزدىن تەرەققى مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈپ، رەھبەرلىرىمىزگە ئەگىشىپ راھەتلەرگە ئېرىشتۇق»، شىكايىتىنىڭ ئاخىرىنى ‹ ‹راھەتلەرگە ئېرىشتۇق» دەپ ئاچچىق كىنايە بىلەن ئىپادىلىگە ئابدۇقادىر داموللان تىخمۇ ئاشۇرۇپ تەنە قىلىپ شۇنىڭدىن كېيىن »جامالىدىن ئافغانى، شەيخ مۇھەممەد ئابدۇھ، ئىسمائىل بەگ، غاسپىرىنسكىلەرگە مۇيەسەر بولمىغان تەھسىل ۋە ئەقىدىلەر ئاپرىنلەر بىزگە مەنسۇپ بولدى» دەپ يازغان. بۇنىڭدا قەشقەر جەمئىيىتىدە كىشىنى چۆچىتىدىغان قاباھەتلىك كۈچىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى، ئابدۇقادىر داموللانىڭ نەقەدەر زور جاسارەت بىلەن بۇ جاھالىيەت ھامىيلىرىغا روبىرو تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ، مەزكۇر ماقالىسىدە ئۆكۈنگەن ھالدا «مەدەنىيەتكە ئاياغ بېسىش ـ ھەقىقەتنى چۈشۈنگەن بۈيۈك رەھبەرلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى ياكى قوشنىلىرىدىن پايدىلىنىش بىلەن بولۇش مۇمكىندۇر» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان، بۇنىڭدى ئابدۇقادىر داموللانىڭ قالاق ھەم بىكىنمە ھالەتتە قالغان مىللەتنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن قوراللىنىشنى يىراقنى كۆرەر رەھبەر بىلەن جۇغراپىيىلىك ئامىلغا باغلاپ چۈشەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق توغرا بىلىش كىشنى ھەقىقەتەنمۇ كىشنى قايىل قىلىدۇ جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ مىللەتنىڭ تارىخى تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەقىقەتەنمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل. شۇڭا مەشھۇر گېرمان پەيلاسوپى ھېگل «دۇنيا تارىخىنىڭ تەرەققىيەت يۈلىنىشىنى جۇغراپىيىلىك سەھنىدە ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. «چۈنكى، زېمىن بىلەن ئىنسانلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.جۇغراپىيىلىك شەرتلەر بولسا ئىنسانلارنىڭ تارىخى يولىنى، ھاياتلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى گويا تەقدىرىدەك بەلگىلەيدۇ.» كىلەچكە يول كۆرسىتەلەيدىغان، ھەقىقەتنى چۈشەنگەن بۈيۈك رەھبەر ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بارمىدى دىگەندە، بىز بۈگۈنكى تارىخى يۈكسەكلىكتە شۇنداق ئىيتالايمىزكى، پەقەت ئابدۇقادىر داموللا مۇشۇنداق سۈپەتكە مۇناسىپتۇر. ئابدۇقادىر داموللانىڭ «بايانى ھەقىقەت» ناملىق ئەسىرى

«شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى خېلى ئەتراپلىق چۈشۈنگەن، كۆزەتكەن تاتار زىيالىي نۇشىرۋا يائوشىف «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 ـ يىل ـ 15ئاپرېل ساندا ئېلان قىلغان تەسىرات ماقالىسىدە «قەشقەرلىك داموللا ئابدۇقادىر جانابلىرىنىڭ ‹ بايانى ھەقىقەت › ماۋزۇلۇق ماقالىسى بىسلىدى. قەشقەردەك ئەڭ قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭدىن شۇنداق ئاڭلىق ۋە كۈچلۈك بىر ئالىمنىڭ چىقىپ، تۈركچە مەتبۇئات ئارقىلىق ھەقىقەت ھالىرىنى بايان قىلىشى مىنى ئەڭ سۆيۈندۈردى. بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قەلەم تەۋرىتىپ تۇرۇشىنى تىلەيمەن» دەپ يازغان. «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرى ئابدۇقادىر داموللانىڭ «بايانى ھەقىقەت» دىگەن ئەسىرىگە تەھرىر ئېلاۋىسى يازغاندا «ئابدۇقادىر داموللا ئەپەندىنىڭ ‹ جاۋاھىرۇل ـ ئىيقان» ناملىق ئەسىرىنى تۇنجى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا مۇئەللىپ شام ياكى مىسىر ئالىملىرىدىن بولسا كېرەك، دەپ ھۆكۈم قىلغان ئىدۇق. بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلغان پىتى ئەرەب تىلىدا بۇ دەرىجىدە پەسىھۋە تەبىئى قەسىدە يازالايدىغان مۇقتەدەر ئالىم بولۇشى ئىسمىزگە كەلمىگەن ئىدى» دەپ قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

1912 ـ يىلدىن باشلاپ ئىسلاھاتىنى قانات ياندۇرغان ئابدۇقادىر داموللانىڭ بۇ يىللاردا قەشقەردە مۇتەئەسسىپ قەدىمىچىلار بىلەن بولغان كۈرەشتە مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى ئۇنىڭ تامامەن يەككە ـ يىگانە قالدۇرۇلغانلىقىنى سۆز چاقىرىقلىرى ئېتىبارسىز مۇئالىمگە ئۇچرىغانلىقى ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرى زىيادە تۇسقۇنلۇققا دۇچ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيتى، ئەلۋەتتە .ئابدۇقادىر داموللام 1916 ـ يىلى«شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «ئەدەبى بىر مۇساھىبە «ناملىق ماقالىسىدە «ھال ھازىردە چوڭلارغا ئەگەشمەك يۈزىسىدىن بۇخارى تەرتىپلىرى ئىلە مەنتىق، كالام، پەلسەپە، تەدرىس مۇكالىمەلەرگە مەشغۇل بولسامۇ، لېكىن زىيالىي شاگىرتلەرگە تەپسىر، ھەدىس، ئىلمۇ ئەما يىللەردىن تەلىم بەرمەكتىمەن» دەپ يازغان .ئۇ . ئۆزى بۇ يىللاردا ھەم مۇددەرىس ھەم قەشقەرنىڭ مۇدىسى ئىدى. 1914 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى قەشقەرگە كېلىپ 6ئاي تۇرۇپ، 1915 ـ يىلى قەشقەردىن ئايرىلىپ تاشقۇرغان بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا ماڭغان ئادىل ھېكمەتبەي، ئەمرۇللا بەي، قاتارلىق تۈركىيەلىك زىياللار ئۇستۇن ئاتۇشتىكى باھاۋدۇن باينىڭ ئۆيىدىن

خۇشلىنىشىپ ئافغانىستانغا بېرىش ئۈچۈن رۇسىيە تەۋەسىگە قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدا بولغان ئىشنى مۇنداق يازغان» : ئاتۇشتىن يولغا چىقىش ئەسناسىدا قەشقەر مۇپتىسى ھاجى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئارقىمىزدىن ئەۋەتكەن بىر ئاتلىق كىشىسى بىزنى جىددى ئارقىمىزغا قايتىشقا دەۋەت قىلدى. مۇپتىيى ئەپەندى بىزلەر رۇسلارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ھالەتنى چۈش كۆرۈپتۇ. شۇڭا قەشقەرگە قايتىشىمىزنى ئۈمىد قىلىپتۇ. بىر نەرسىنى چۈشىنگەندەك قىلدۇق بۇ چۈش مەسىلىسى ئەمەس ئىدى. مۇپتى ئەپەندى بىر نەرسىنى بىلىپ قىلغاندەك قىلاتتى « .بۇ تۈركىيلىك زىيالىلار ھىندىستاندىن قەشقەرگە كەشمىر يولى بىلەن كەلگەن بولۇپ، ئافغانىستان تەرەپكە چىقىدىغان يولنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرىنى بىلمەيتى، ھەم بۇ جايلارنى رۇسلار قامال قىلىۋالغاچقا خەتەرلىك ئىدى. ئۇلار چېگرادىن چىقىپلا رۇسلارنىڭ تۇتقىنىغا ئايلانغان. بۇ باياندىكى ئۆچۈردىن بىز شۇ يىللاردا، يەنى 1915 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرنىڭ مۇپتىسى ئىكەنلىكىنى بىلۋالايمىز. بىز قەشقەر تۈرمىسىگە قامالغان ئەھمەد كامالنىي 1915 ـ يىل 10 ـ ئۆكتەبىردە ئابدۇقادىر داموللام يوقلاپ كەلگەندە ئەھمەد كامالنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە يازغان مۇنۇ بايانلاردىنمۇ كۆرۈۋالايمىز : «شۇ كۈنى ئابدۇقادىر ھاجىم مۇپتى ھەزرەتلىرى مەن بىلەن كۆرشىش ئۈچۈن تۈرمىگە كەلگەن ئىدى. بۇ زاتى شرىپ مىنىڭ مەنىۋى پەدەرىم ئىدى. ئۇ ئۇسۇلى جەدىت مەكتەپلەردە ئوقۇشنىڭ توغرا ئىكەنلىكى، بەلكى پەرز ئىكەنلىكى ھەققىدە بۇ دىياردا تۇنجى قېتىم پەتىۋا چىقارغان پەزىلەتلىك كىشى ئىدى» . مۇپتىلىق ئىسلام جەمئىيىتىدە خىللىلا يۇقىرى مەرتىۋە، شۇنداقلا ئالى ئىمتىياز ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام جەدىتلىك يولىدا چىڭ تۇرۇش، تۇرماسلىق مەسىلىسىدە ئىجتىمائى مۇھىتنىڭ قاتتىق بىسىمى سەۋەبىدىن مۇرەسسەتچىلىك يولىنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، لىكىن بۇ ئۇنىڭ مەيدانىنىڭ، نىشانىنىڭ، غايىسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيتى .ئۇنىڭ جەدىتچىلىك شان ـ شۆھرىتى بۇ چاغدا ئاللىبۇرۇن شىنجاڭدىن ھالقىپ ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا تارالغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا قازان شەھىرىدە نەشىر قىلىنغان «شۇرا» ناملىق يېرىم ئايلىق ژۇرنالىنىڭ 1916 ـ يىلىدىكى سانىدا «ئابدۇقادىر داموللام كىمدۇر» دېگەن ئوچېرىك ئۇلاپ ئېلان قىلىنغان بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى پۈتكۈل تۈركى خەلقلەرگە مەشھۇر بولۇپ كەتكەن.

ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە «سەرپ نەھۋى ) «مورفولوگىيە ـ سىنتاكس ) ‹ ‹تەسھىلۇل ـ ھىساپ» (ھىساپنى ئاسانلاشتۇرۇش )، ‹ ‹جۇغراپىيە ئىلمى» ، «ئاقائىدى زۆرۇرىيە» (زۆرۈر ئەقىدىلەر )، «بىدايەتۇس سەرپ» ( لېكسىيدىن دەسلەپكى ئاساس )، «بىدايەتۇن نەھۋى» ، «تەئلىمۇن سىبيان» ( گۆدەكلەرگە تەربىيە» ( تەجۋىد تۈركى» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ، تۈرلۈك چارە ـ ئامال بىلەن باستۇرۇپ، مەكتەپ مەدرىسلەرنى دەرسلىك بىلەن تەمىنلىگەن. 120 كۇپلېتلىق «مۇخەممەس» ناملىق كاتتا ئەسىرنى يېزىپ ئۆزىنىڭ جەمئىيەت، ئېتىقاد، ئەخلاق، مائارىپ ھەقىقىدىكى تەشەببۇسلىرى ۋە تەنقىدى قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن. مەزمۇنى چوڭقۇر، تىلى گۈزەل، تەنقىدى رېئالىزملىق روھىغا ئىگە بۇ ئەسەر 1910 ـ يىللاردىكى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا يېگانە ئەسەر ھېساپلىنىدۇ.

ئەينى چاغدا قەشقەر شەھىرىدە «يىراق ـ يېقىنغا نامى مەشھۇر مەدرىسلەردىن ئون بەشى بولۇپ ئابدۇقادىر داموللانىڭ لايپەشتاق مەدرىسەسى، قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەسى، ھېيتگاھ مەدرىسەسى، ئاخۇن ھاجى مەدرىسەسى، قازان مەدرىسەسى، ۋاكلىق مەدرىسەسى، باھاۋدۇن مۆھتەرەم مەدرىسەسى، دورغا بەگ، مەدرىسەسى، ناجى ھاكىمبەگ مەدرىسەسى، ئوردىئالدى مەدرىسەسى، قاتارلىق مەشھۇر مەدرىسلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ. 200دىن ئارتۇق تالىبى بار» مەشھۇر مەدرىسە بولۇپ قالغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرغان «ئۇيغۇر بالسى» ـ نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋ ( 1887 ـ 1952 ) ئۆزىنىڭ «يورۇق ساھىللار» ناملىق ئەسىردە 1913 ـ يىلى 26يېشىدا يۇرتى غالجاتتىن غۇلجىغا كېلىپ مۇز ئات داۋىنى ئارقىلىق «ئالتە شەھەرگە» سەپەر قىلغىنلىقىنى يازغان .ئۇ، سەپەر جەريانىدا قالدۇرغان خاتىرىسىدە ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، مەنىۋى پاجىئەلىرىنى كۆرۈپ : «بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستىقبالى بەك قاراڭغۇ، تۇمانلىق ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئىكەنلىكىنى سەزدىم. ئاقسۇدا ئەھۋال مۇنداق بولسىمۇ، باشقا ياقلاردا ئۇنداق ئەمەستۇ، قەشقەر خەلقى خىلى تەرەققى قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ يەردە تەرەققىيپەرۋەر مۇساباييېلار، ئابدۇقادىر داموللاملار بارغۇ دەپ ئۆزلىرىمىزگە تەسەللى بەردۇق» دەپ يازغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

1914 ـ يىلى يازدا باھاۋدۇن باينىڭ غەيرىتى بىلەن ئۇستىئاتۇشتا ئېچىلغان ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى پېداگوگىكا مەكتىپى › ـ قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن» نىڭ باش مۇئەللىمى ئەھمەد كامالنى ۋە ئۇنىڭ مائارىپ ھەرىكىتىنى قوللاش ياكى قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە قەشقەردىكى دىنى ئۆلىمالار ۋە باي ـ بايۋەچچىلەر دەسلەپتە ئىككى گۇرۇۋقا بۆلۈنۈپ كەتكەن، ئابدۇقادىر داموللا، باۋدۇن باي، شەمشىدىن داموللام، مەھمۇد ئاخۇن داموللام، زىرىپ قارىھاجىم، ئابدۇقادىر ھاجىم ، ئابدۇغۇپۇر ئاخۇن مەخدۇم، نورززادە ھاجى مۇھەممەت ئەلى، ، ئوبۇلقاسىم داموللام، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، ، قازىكالام ئىسلام داموللام قاتارلىق كىشلەر قوللايدىغان گۇرۇھىنى، ئۆمەر باي، سىيلىم داموللام قاتارلىقلار قارشى تۇرىدىغان گۇرھىنى تەشكىل قىلغان، قارشى تۇرىدىغان گۇرۇھ رۇس كونسۇلخانىسى ۋە ئەكسىيەتچى يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىشىپ. بۇ كۆرەشتە كۈچلۈك ئورۇندا تۇرغان.

ئەھمەد كامال شۇ چاغدىكى ئەھۋاللار تۇغۇرىسىدا »بەيساقاللىق مەھمۇد ئاخۇن داموللام بىلەن ئابدۇقادىر داموللام ئەپەندىلەر قاراڭغۇ كېچىدە چاققان چاقماقتەك چىرايلىق ۋە مەنلىق سۆزلىرى بىلەن ئۇلار ئۆچۈرمەكچى بولغاتقان مائارىپ مەشئىلىنى چاقنىتىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتى» دەپ يازغان. ئەمما، خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ زىدىيەت ناھايىتى تېزلا مۇرەسسە ھالىتىگە كەلگەن .چۈنكى قەشقەرنىڭ ئەڭ ئابرۇيلۇق قازىكالانى ھاجى ئىسلام داموللام جەدىتچىلىكنى قوللاش مەيدانىدا تۇرغان. شۇڭا، 1915 ـ يىل 28 ـ ئاپرىلدا قەشقەرگە كەلگەن تاتار زىيالى نۇشىرۋان يائۇشىپ قەشقەردىكى ئۆزگىرشلەردىن مەمنۇن بولۇپ «بۇلتۇر يېگچە مائارىپنى چەكلەپ جەدىتچىلەرنى ‹كافىر» دەپ ئاتىغان قەشقەرنىڭ داموللىلىرى بۇ يىل ھەممىسى ئۆزگىرىپتۇ، يېگچە مائارىپقا قارشى تۇرغۇچىلارمۇ بۇنداق قالتىس نەتىجىلەرنى كۆرۈپ ئۆز ياردەملىرىنى ئاتاپتۇ» دەپ يازغان قەشقەردە يىرىم يىلدەك تۇرۇپ ئاقارتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ئادىل ھېكىمەت باي قاتارلىق تۈركىيىلىك زىيالىيلار1915 ـ يىلى ئاپرېلدا يازغان خاتىرىسىدە مەدرىسلەردىكى ئۆزگىرش تۇغۇرسىدا مۇنداق دېگەن «قەشقەرلىكلەر بىزگە شۇ قەدەر مۇھەببەت باغلىدىكى، بىر دېگىنىمىزنى ئىككى ئېتقۇزمايتى» مەدرىسە تالىپلىرى بىزدىن گېئومېترىيە دەرسى ئېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى» قەشقەردىكى بۇ

ئۆزگىرىش مۇقەررەر دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى قەشقەر ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمى شەھەر بولۇشى سۈپىتى بىلەن ئىلىم ـ مەرىپەت مەشئەللىرى نەچچە قېتىم لاۋۇلداپ يېنىپ، نەچچە قېتىم خىرەلەشكەندى. مەدەنىيەت ئەنئەنىسگە باي بۇ قەدىمى شەھەرنىڭ زېرەك، تىرىشچان خەلقى زامان تەقەززار قىلغان، مىللەت مۇھتاج بولغان پايدىلىق ئىلىملەرگە ئىنتايىن تېز يېپىشاتتى. شۇنداق بولغاچقا ئەينى يىللاردا قەشقەرگە كەلگەن گېرمانىيلىك فون لىكوك «ئەگەر ياخشى مەكتەپ بولسا، تۇغما تالانتلىق بۇ مىللەت چۇقۇم ئۇچقاندەك ئالغا باساتتىكەن» دەپ تەن ئالغان. ئەمما ھەرقانداق شەكىللىدىكى ئىسلاھاتقا دۈشمەنلىك پوزتىيىسى تۇتىدىغان يا زېڭشىن ھۆكۈمىتى تەرەققىيات يولىغا تاشلانغان ھەر قانداق قەدەمنى كۆرۈشنى خالىمايتى، ئۇ ئۆزىنىڭ »سەۋەنلىكلەردىن خاتىرە» ، «ئىستىغپار ھۆجىرىسىدىكى خاتىرلەر» «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاق ئېلىش ئۆچۈن لاۋزى تەلىماتىنى ئوقۇش» قاتارلىق بىر يۈرۈش قول يازما خاتىرلىرىدە مۇنداق دەپ يازغان ئىدى :«خەلقىنىڭ ئىدارە قىلىشىنىڭ تەس بولۇشى بىلىملىكلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن بولغان، ئەھلى خالايىقنىڭ بىلىملىك بولماسلىقىنى ئۈمۈد قىلىمەن.....بىلىم ئارقىلىق ئەلنى ئىدارە قىلسا دۆلەتكە ئاپەت كىلىدۇ، خەلقىنىڭ بىلىمى ئاشقانسىرى ئۇلار يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ، يامان ئىشلارنى ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ، ۋەقە پەيدا قىلىپ دۆلەتنى مالماتاڭ قىلىشتىن باش تارتمايدۇ... ھۈنەر ـ تېخنىكىسى بار ئادەملەردىن بىرى كۆپ بولسا، دۆلەتكە ئاپەت كەلتۈرىدىغان ئادەمدىن بىرى كۆپىيىدۇ، جاھاندىكى بىغەرزەلىكنى كۆپىنچە ئەقىللىق ئادەملەر قىلىدۇ.... مەكتەپلەر ياخشى ئەمەس، ئوقۇغۇچىلارغا يامان تەلىماتلار ئارقىلىق پايدىسىز ئۇرۇقلارنى تارقىتىدۇ .شۇڭا، بارلىق مەكتەپلەرنى بىكىر قىلىپ تاشلىماي بولمايدۇ، مەن ئادەم ئىشلىتىشتە نادان ئادەملەرنى ئىشلىتىمەنكى، ھەرگىز ئەقىللىق، بىلىملىك كىشلەرنى ئىشلەتمەيمەن «ياڭ زېڭشىنگىنىڭ خاتىرىسىدىكى بۇ بايانلاردىن بىز جۇڭگۇ خەلقى تۇتمۇتۇشتىن ئۈيغىنىپ يۈكسەك تەرەققىيات دەۋرى ھىساپلانغان 20ـ ئەسىرگە جۇمھۇرىيەت ئارزۇسى، دېمۇكىراتىك روھى ھەم يېڭى مەدەنىيەت ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ قەدەم قويۇۋاتقان شارائىتتا، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى نەقەدەر ئەكسىيەتچى فىئۇدال ئىدىيەنى ئەگگۈشتەر بىلىپ ھاكىمىيەت تۇتقانلىقىنى كۆرۋالالايمىز. مانا بۇ 20ـ

ئەسىرنىڭ بېشىدا دىيارىمىزغا 17يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر سىياسىي سېھىرگەرنىڭ بىخۇدلاشتۇرۇش تاكتىكىسىدۇر!

1912 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئالىي ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەن ياڭ زېڭشىن بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئۆزىگە قارشى ھەربىي ۋە ئىنقىلابىي كۈچلەرنى پاك ـ پاكىز يوقىتىپ ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، يەنى ـ 1915يىلىدىن باشلاپ زەھەرخەندە نەزەرىنى يەرلىك خەلق ئىچىدىكى ئىلغارلىق پائالىيەتلىرى ۋە بۇ پائالىيەتنىڭ ئاۋانگارتلىرىغا ئاغدۇردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ «كۆز قۇلاقلىرى» پۈتكۈل شىنجاڭنى قاپلىغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ھاكمۇتلەق ئىشپىيونلۇق سىياستىنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەن ياۋرۇپالىق بىر دىن تارقاتقۇچى ئۇنى قۇمۇلدىكى بۆرگىنىڭ مىدىرلىغىنى بىلىپ تۇرىدىغان مەنسەپدەر» دەپ تەپلىگەنىدى .شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 17يىل جەريانىدا (1912 ـ 1928) «خەلقىنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ باشقۇرۇش سىياستى» نى يولغا قويغان ياڭ زېڭشىن:

يىراق شەرقتىن كەلدىم مەن،
چىلك ساقلاپ تۇرىمەن غەربنى.
قالدۇرىمەن بىلمىسز نادانلىقتا،
پادىشاھقا بويسۇندۇرىمەن خەلقىنى.

دېگەن ئەكسىيەتچى سىياسى ئەقىدىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، كونا مائارىپنى قوللاپ، يېڭى مائارىپنى كۈچىنىڭ بېرىچە توسقان .ئەينى يىللاردا «ئىسلام دىنىدىن ساۋاق بېرىدىغان دىنىي مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئاخۇنلار ئاچقان بولۇپ، بۇ مەكتەپلەر ئىپتىدائىي دەرىجىلىك مەكتەپ، يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپ دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنەتتى، ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي قائىدە، دىنىي ئەقىدىدىن ساۋاق بېرىلەتتى، نامازنىڭ ئايەتلىرى ئۆگىتىلەتتى، پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرى ئۆگىتىلمەيتتى، ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئۆلۈك ھالدا يادلاش بولۇپ، مەنىسىنى بىلىش تەلەپ قىلىنمايتى. ياڭ زېڭشىن بۇنداق مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىنى زىغبەتلەندۇرگەنىدى «.ئۇ، شىنجاڭنىڭ لاۋزىنىڭ «دانالارنى ئەتىۋارلىماي، نادانلارنى ئەتىۋارلاش» نەزەرىيەسى بىلەن

ئىدارە قىلغان. «شىنجاڭنىڭ مىنگو تارىخى» دېگەن كىتابتا. يېزىلىشچە، ئۇ«لاۋزىنىڭ نادانلارنى ئەتىۋارلاش» نەزەرىيىسىنى يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپىنىڭ، ئۇزاق مەزگىل ھالەتتە قالاق تۇرۇش ۋەزىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ياڭ زېڭشىن، «ئىستىغپار ھۇجىرىسىدا ئوقۇلغان لاۋزا خاتىرلىرى«، »سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر» دېگەن كىتابلىرىدا «لاۋزى تەلىماتى» غا قايتا ـ قايتا چۈشۈنۈپ، «نادانلىق ئەۋزەل» دېگەن ئىدىيەنى تەرغىپ قىلغان. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىدى شىنجاڭنى ‹ ‹گومۇشلار دۇنياسى»غا، شىنجاڭ خەلقىنى بىلىمسىز «ئىپتىدائىي ئادەملەر» گە ئايلاندۇرۇپ شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مىلتارىست ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قىلىش ئىدى، شۇنداقلا خەلقىنى «خەت يازالمايدىغان، كىتاب ئوقىيالمادىغان» ، «نادانلىق ۋە ئويۇن ـ كۈلكە بىلەنلا ياشايدىغان» ، «پاراسەتسىز خەلق» كە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ »خاتىرجەم يۇرت سوراش» نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدى. شۇڭا ئاخىرقى ھېساپتا ئىكساقتا قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىن زۇرلۇق بىلەن تارقىتىۋېتىلگەن ، قۇللايدىغان گۇرۇھتىكىلەر ئامالسىز قالغان. بۇنىڭدىن قاتتىق ئېچىنغان تاتار زىيالىي نۇشىرۋان يائۇشېۋ مۇنداق يازغان : «ئالدىنقى يىللىرى مەشھۇر جامائەت ئەربابلىرىدىن مۇسابىيېفلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قەشقەردە يېڭىچە تەلىم - تەربىيە مەكتىپى ئېچىلغانىدى. بۇ مەكتەپ بەش ـ ئالتە يىل داۋاملاشقان بولسا ‹ ئالتە شەھەر › ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇيقۇچىلىرى يېتىشىپ قالغان بولاتتى. لېكىن بەختسىز بۇ خەلق شۇ بىردىنبىر ئىلمىي ئورۇنىمۇ تۇتۇپ تۇرالمىدى».

ئەلۋەتتە بۇ مەكتەپنىڭ تاقىلىشىدا ياڭ زېڭشىڭنىڭ رەزىل قولى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. ئۇ : «تۈركلەر ئايەت ئۆگىنىش نامى ھەدەپ قۇترانقۇلۇق قىلسا، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئاپىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس» دېگەن سەۋەپ 1917 ـ يىلى ئەھمەد كامالنى كوچاغا سۈرگۈن قىلغان، كېين كوھادىنمۇ توختاتماي ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە ھەيدەپ ئاپارغۇزۇپ، ئۈرۈمچى تۈرمىسگە ئىككى يىل قامىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى تارىخىدىكى بۇ ئىستراتېگىيەلىك قەدەم مەنزىلگە غەلىبىلىك يېتەلمىگەن، شۇ سەۋەبلىك ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى 20 ـ يىل كېچىككەن.

ئېكساقتىكى «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن» نىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى قەشقەردىكى جەدىتلىك ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بولغان. جەمئىيەت ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغان، بۇ يىللاردا شەرق ۋە غەربتىكى ھەممە ئەلدە تەرەققىياتقا، يېڭى مەدەنىيەتكە يۈزلىنىش ھۆكۈمەت ھەرىكىتى ئارقىلىق داغدۇغىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقان بولسا، شىنجاڭدا دەل بۇنىڭ تەتۈرسىچە ياڭ زېڭشىڭنىڭ «نادانلىقتا قالدۇرۇپ باشقۇرۇش» تەك رەزىل سىياستى سەۋەبىدىن غۇلجا، قەشقەر، تۇرپانلاردا يېڭىدىن كۆز ئاچقان مەرىپەت بۇلاقلىرىنىڭ كۆزلىرى رەھىمسىزلىك بىلەن تىندۇرۇلۇپ، جەدىتلىك ھەرىكەتلىرىگە ئازراقمۇ راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتى بېرىلمىگەن.

ئەمما، جاھان مىقياسىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللام باشلىغان جەدىتلىك ھەرىكىتىگە تارىخى خاراكتېرلىك سەكرەش پۇرستى ئاتا قىلغان. 1914 ـ يىلى ئىيۇلدا مەشھۇر سارايىۋۇ ۋەقەسى سەۋەبىدىن پارتىلىغان 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشقا ئايلىنىپ، تۆت يىل ئۈچ ئاي داۋام قىلىپ، 1918 ـ يىلى 11 ـ نويابىردا ئاخىرلاشقان. بۇ قانلىق ئۇرۇشتا ئامرىكا بىلەن ياپونىيە مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە پايدا ئالغاندىن باشقا، ئۇرۇشقا قاتناشقان بارلىق دۆلەتلەر مىسلىسىز ئېغىر زىيان تارتقان. چار پادىشاھ مۇستەبىت ھاكىمىيتى ئەڭ بالدۇر غۇلاپ چۈشكەن. 1917 ـ يىلى رۇسىيەدە ئىككى قېتىم زور ئىنقىلاب بولغان. فېۋرالدىكى «فېۋرال ئىنقىلابى» ئارقىلىق پېتېرگىراتا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلغان . چار پادىشاھقا تۇزۇمگە قارشى بارلىق كىشىنى كەچۈرۈم قىلغان، ئاممىۋى يىغىلىش نامايىش ئۆتكۈزۈش، گېزىت ـ ژۇرناللارنى نەشر قىلىشقا رۇخسەت قىلغان. بارلىق سىياسى پارتىيەنى ئېتىراپ قىلغان. 1917 ـ يىلى باھاردا رۇسىيە ۋاقىتىنچە دۇنيادىكى ئەڭ ئەركىن دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان» شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى بولشۇىكلار «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى «نى قوزغاپ، ھاكىمىيەتنى «فېۋرال ئىنقىلابى» ئارقىلىق قۇرۇلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتىن تارتىۋالغان.

1917 ـ يىلدىن 1921 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا رۇسىيەدە لېنىن رەھبەرلىكدىكى مەركىزى ھۆكۈمەت ئىنتايىن ئاجىز ئەھۋالدا تۇرغان .

رۇسىيەدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئىنقىلاب تەبىئى ھالدا بىر ئەسىردىن بۇيان
رۇسىيەدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئىنقىلاب تەبىئى ھالدا بىر ئەسىردىن بۇيان
رۇسىيەنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىدا تۇرۇپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ سىياسى ئىستىقبالىنى نەزەرگە ئالغان مىللى ھەرىكەتلەرنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. رۇسىيە تەۋەسىدىكى بارلىق مۇسۇلمان تۈركى خەلقلەر رايونلىرىدا مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان. كۆپ يىللىدىن بۇيان ئىچكى ئىشلارىدا ئەركىن، ئەمما تاشقى ئىشلاردا رۇسىيەگە باغلىنىپ تۇرۋاتقان بىقىندى خانلىق خىۋە خانلىقى بىلەن بۇخارا ئەمىرلىكىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئىشلىرىغا ئۆزى ئىگە بولۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشكەن. جەدىتچىلەردىن تەشكىل تاپقان «ياش بۇخارالىقلار» ۋە «ياش خىۋەلىكلەر» تەشكىلاتى جۇشقۇن ھاياتى كۈچىنى نامايەن قىلغان. «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىلغار مەنىۋى داھىيلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسى پائالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش مەقسىتىدە 1917 ـ يىلىنىڭ مارت ئايلىرىدا بىر يەرگە يىغىلىپ، كۆپ ساندىكى ئەزاسى جەدىتچىلەردىن تەشكىل تاپقان ‹ ئىسلام شۇراسى › نى قۇرۇپ چىققان بۇ پارتىيىنىڭ سىكرىتارلىقىنى ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بىرى بولغان مۇنەۋۋەر قارى ئابدۇرەشىتخان ئۈستىگە ئالغان . ئۇلار دەرھال ھەرىكەتكە كىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە بىر قۇرۇلتاي چاقىرىشنى قارار قىلىشقان. قۇرۇلتاي تەييارلىقلىرى تاماملىنىپ، 1917 ـ يىلى 17 ـ ئاپرىل تاشكەنت شەھرىدە 440 نەپەر ۋەكىل قاتناشقان تۇنجى قىتملىق ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلغان. بۇ قۇرۇلتايدا ‹ رۇسىيەنىڭ كەلگۈسى ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ تۈزۈم ئىچىدىكى ئورنى › ھەمدە ‹ رۇس كۆچمەنلىرىگە تارقىتىلىپ بىرىلگەن يەرلەرنىڭ ئەھۋاللىرى توغۇرىسىدا › دىگەندەك بىر مۇنچە تېمىنى ئاساس قىلغان ھالدا مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرۇلغان. قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك جەدىتلىكنى ھىمايە قىلىشىدىغان كىشلەر ئىدى«

ئۇزاق ئۆتمەي قازاقلاردىن چىققان مەشھۇر جەدىتچى مۇستافا چوقاي ئوغلى رەھبەرلىكدىكى قوقان موختارىياتى قۇرۇلغان. ئۇچ ئايغا يىقىن

ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بۇ ھۆكۈمەت 1918-يىلى 18 - فېۋرالدا قىزىل گىۋاردىيەچىلەرنىڭ قۇراللىق باستۇرۇشى بىلەن ئاغدۇرۇلغان. ئورنىغا تۈركىستان ئاپتونوم سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا توختاۋسىز سىياسىي ئۆزگىرىش ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىنقىلاب يۈز بېرىپ، داغدۇغىسى جاھاننى بىر ئالغان. مۇشۇ يىللاردا قەشقەردىكى بۇرۇقتۇرما ۋەزىيەتتىن ئىچى سىقىلغان، غايە ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشماي تاقىتى تاق بولغان ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىياغا يەنە بىر قېتىم سەپەر قىلغان. بۇ قېتىمقى سەپەر ۋاقتى 1918-يىلدىن 1921-يىلغىچە بولغان. بۇ جەرياندا ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلغان. ھەر قايسى سىياسىي گۇرۇھنىڭ مۇددىئا-مەقسەتلىرىنى تەھلىل قىلغان. بولشېۋىكلار ھەقىقىدىكى چۈشۈنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرغان. شۇ جەرياندا ئۇشتا بىر ئۆزبەك ئايالنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئوغۇل كۆرگەن. 1921-يىلى رۇسىيە تۇپرىقىدا بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتى مۇشتەھكەملىنىپ، خەلقئارادىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشتىكى پائالىيەتچىلەر، بىر قىسىم داڭلىق دىنىي زات ۋە مال-مۈلكى كۆپ باي تۈرلۈك ئوي-خىيال بىلەن قوشنا ئەللەرگە قاراپ يول ئالغان. ئابدۇقادىر داموللام بولۇۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەردىن بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى كېلەچىكىنى تونۇپ يەتكەن. ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ يىللىغا سوزۇلغان كۆزىتىش، كۆتۈش ئويلىنىش ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۇشتىن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بۇ قېتىمقى سەپەردىن قايتىدىن كېيىن قەشقەردە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىدىن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى مەرىپەتچىلىك غايىسىگە ئىگە جەدىتچىدىن ئىجتىمائىي كۈرەش ئىرادىسىگە ئىگە كەسكىن ئەمەلىيەتچىگە ئايلانغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى خەلق ئارىسىدا رىۋايەت تۈسىنى ئالغان. ئۇنىڭ تەسىرى يۇقىرى چەككە يەتكەن. ئۇ، خەلقنىڭ قان-تەر بەدىلىگە ياشاۋاتقان تەسلىمچى

مەنسەپدارلارغا جاھالەت ھامىيلىرى بولغان مەككار ئۆلىما ـ ئىشانلارغا، مال ـ دۇنيا توپلاشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان ئاچكۆز بايلارغا قىلچە يۈز خاتىرە قىلماي، مۇرەسسەسىز مۇئامىلە قىلغان. قەشقەردىكى خىرىستىيان دىنى تارقاتقۇچىلىرىغا قارشى كەيپىياتنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تارىخىدىكى تۇنجى نامايىشنى تەشكىللەپ، ئاممىۋى نارازىلىق ھەرىكىتىنى قوزغىغان.

غەربىي خىرىستىيان دىنى تارقاتقۇچىلىرى ـ مىسيونېرلىرى ( قەشقەرلىكلەر مىسى دەپ ئاتايتتى ) قەشقەرگە 1892 ـ يىلى قەدەم قويغان. شۋېتسىيە باش دىنىي جەمئىيىتىنىڭ كافكاز رايونىدا دىن تارقىتىۋاتقان مىسيونېرى ھۆيجىر رۇسىيە بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا ئەسىرگە تۈركىيىلىك ئەرمەن يوھانىس ئاۋىتارانىئات دىگەن شاگىرتىنى ئەگەشتۈرۈپ 1892 ـ يىلى قەشقەرگە كەلگەن. بىللە كەلگەن ئۇ تۈركىيىلىك ئەرمەن تۈرك تىلىنى بىلەتتى ھەم ئەسلى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇ، كافكازدا ھۆجىر بىلەن تونۇشۇپ خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ تۈرك تىلىنى بىلىشى ۋە ئىسلام دىنىنى پىششىق بىلىشى ھۆجىرنى قىزىقتۇرغان. ھۆجىر قەشقەرگە كېلىپ ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن قەشقەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىردىن بىر دىن تارقىتىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتكەن . ئارقىدىنلا بىر ئۆمەك تەشكىللىنىپ ھۆگبېرگ دىگەن پۈپنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1894 ـ يىلى فېۋرالدا قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ 10 يىلدىن ئارتۇق ئىلىپ بارغان ئېتىقاد ئۆزگەرتىش تىرىشچانلىقى ئىسلام دىنى ئىنتايىن چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن قەشقەردە ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمىگەن. ئۇلار قەشقەر خەلقىنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىۋاستە تەشۋىقات ئىلىپ بېرىشنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى ھىس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن 1906 ـ يىلى قاھىرەدە ئېچىلغان گوسپېل يىغىنىنىڭ روھى بويىچە، دوختۇرخانا، مەكتەپ، دارىلئىتام ئېچىش، شۇ ئارقىلىق داۋالاش ۋە تەربىيەلەش يولى بىلەن ئۈنۈمگە ئېرىشنى ئويلىغان. بۇ نۇقتىدىن شۋېتسىيەلىك گۇننار يارىڭمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ «دوختۇرخانا خىزمىتى بىلەن مائارىپنى يولغا قويۇش دىن تارقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۈچۈن يول راسلاش ـ كۆۋرۈك سېلىشتىن ئىبارەت» دەپ يازغان. .توپ ماھىيەتتىن ئېيتقاندا،

شۇنى مىسسىيولىرنىڭ ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇ رايونىدا خرىستىيان دىنى تارقىتىشقا كىرىشىشى ھەممە يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەت ئەقىدىسى بىلەن زىچ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشى بىر ‹ مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى › دىن باشقا نەرسە ئەمەس» ئۇلار دىن تارقىتىش خىزمىتىنى سەۋىرچانلىق بىلەن ئىشلىگەن. ئىگە ـ چاقىسىز يېتىم ـ باللارنى بېقىپ تەربىيىلەش ئارقىلىق بارا ـ بارا ئېتىقاد ئۆزگەرتىش خىزمىتىدە ئۇنۇمگە ئېرىشكەن. 1920 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇلارنىڭ مەكتىپىگە باردىغان ئوقۇغۇچىلار سانى 100 دىن ئېشىپ كەتكەن. 1923 ـ يىلى ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىپ 200دىن ئاشقان.

ئابدۇقادىر داموللام خەلقىنىڭ مىڭ يىلدىن ئاشقان ئەقىدە ـ ئېتىقادى خىرىسقا دۇچ كەلگەن مۇشۇنداق جىددى پەيىتتە كۆكرەك كىرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ خەلقىنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادىنى چىڭىتىش، دىنى كىملىكىنى ھىس قىلدۇرۇش، نۆۋەتتىكى كىرزىسقا تاقابىل تۇرۇش توغۇرلۇق پۇرسەت يار بەرگەنلىكى سورۇندا تەشۋىقات ـ تەربىيەنى كۆچەيتىپ قانات يايدۇرغان. ئالدى بىلەن شاگىرتلىرىنىڭ قەلبىگە مىسيونېرلارغا قارشى غەزەپ يالقۇنىنى تۇتاشتۇرغان. ھەر كۈنى ناماز دىگەردىن كيىن ھىيتگاھ جامائەسىدە ئەمرى مەروپ، مۇنازىرە سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋەز ـ تەبلىغ قىلىپ ، غاپىل خەلققە ئۆزلىكسىز تەشۋىقات، تەرغىبات ئېلىپ بارغان. مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار بىلەن مۇنازىرە قىلىپ، كامالەتكەن يەتكەن مۇنازىرە قابىلىيتى ۋە ھەققانىي سۆزلىرى بىلەن ئۇلارنى مات قىلغان. تار دائىرىدىكى يومشاق ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش بىلەنلا قانائەت تۇيغۇسىغا چۆمۈپ، خاتىرجەم ياشاشقا ئادەتلەنگەن موسمۇس مۇللامارغا نەپرەتلەنگەن ئابدۇقادىر داموللام ئۇلارنىڭ ئىبادەتنى تولىمۇ يۈزە چۈشىنىپ، بىپەرۋا كۈن ئۆتكۈزۈشلىرىگە چىداپ تۇرالماي يالقۇنلۇق نۇتۇقلىرى بىلەن ئۇلارغا بۇرچىنى تونۇش توغۇرلۇق نەسىھەت قىلغان. ئۇ ئىنىق قىلىپ «ئالىملىرىمىز زىمىسىدىكى ۋەزىپىنىڭ ئىغىرلىقىنى تونۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى خالايىققا ئەينەن يەتكۈزسۇن» دەپ ئېيتقان . ئابدۇقادىر داموللام يۇرت كاتىللىرى بولغان بىخىل بايلارغا قەشقەر كوچىلىرىدا سەرسان ـ سەرگەندان بولۇپ يۈرگەن باللارنى، گۇلەخلەردە كۈلگە كۆمۈلۈپ

ياتقان يىتىم ـ يىسىرلارنى قانات ـ ئاستىغا ئېلىش ئۇلارغا ساخاۋەت داستىخىنىنى يېيىپ، قېرىنداشلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ھەققىدە يو كۆرسەتكەن. ئابدۇقادىر داموللام ئۇلارغا »ئۆزىمىز يۇرتنىڭ كۆزى خەلقىنىڭ بىشى بولۇپ تۇرۇقلۇق خەلقىنى بەخىتـ ساائادەتكە باشلاپ ماڭماستىن پۈتۈن ئىشتىياقىمىز بىلەن شەخسى تاپاۋەت يولىغا ماڭساق، قولغا كىرگەن تىللا ـ تەڭگىلەرنى ئەۋرەزىگە كۆمۈپ خاتىرجەم ياتساق، ئىستىقبالىمىز توغۇرسىدا زەرىچە قايغۇرمىساق كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىمىزغا نىمە دەپ جاۋاب بېرىمىز، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاسىيى گۇناھكار بوپقالماسمىزمۇ !.... ئەپسۇسكى بىز غەمخۇرلۇق قىلماي كوچىغا تاشلىۋەتكەن باللىرىمىزنى ياۋرۇپادىن كەلگەن موخالىپىيەتچىلەر ئۆز قويىنىغا تارتماقتا، ئىنگلىز ـ شۋىتلار قانداقتۇر شىپاخانا قورۇپ، داۋالاش يوللىرى بىلەن ئەقىدە ئوغۇرلىماقتا. ئۇلار بىزنىڭ باللىرىمىزغا بىر مىسقال تەسىر كۆرسىتىشكە كۆز يەتسە، ئايانماستىن يۈز سەرلەپ تەڭگە سەرپ قىلماقتا. بىز بولساق باللىرىمىزنى كوچىلارغا تاشلاپ، ئۆزىمىزدىن يىراقلاشتۇرماقتىمىز» دېگەنىدەك جاراڭلىق خىتابلارنى قىلغان. «نەسىھەتى ئاما» نامىلىق مەشھۇر ئەسىرىنى قايتا باستۇرۇپ كەڭ تۈردە تارقاتقان. ئۇ بۇ ئېسىل ئەسىرىدە خەلققە مۇنداق مۇراجىئەت قىلغان : «بۇ زامان غەپلەت بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئۇيغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىدۇر ! جاھىلىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم ـ مەرىپەت دەۋرىدۇر، سۇسلىق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم ۋە مەرىپەت سايىسىدا ھاۋادا ئوچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەنىدەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە .بىز تىخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە موقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئوخلىماق يۇقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر ! ھېلى ھەم ۋاقىت ھەم پۇرسەت بار» پىرۇگىراما خاراكتىرلىك بۇ ئەسەر ئەيىنى ۋاقىتتا زىلزىلە خاراكتىرلىك ئۈنۈم پەيدا قىلغان. بۇ ئەسىرنىڭ تەسىرى بىلەن كىشلەردە مىللى ئاڭ ئۇيغىنىشقا باشلىغان. ئىلگىركى مەرىپەتچىلىك روچى بۇ مەزگىلگە كەلگەندە سىياسى ئاڭنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن تىخمۇ بىيىغان قىسقىسى، ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسە قەشقەر تەۋەسىدىلا ئەمەس. بەلكى پۈتكۈل تارىم ۋادىسىدا يېڭىچە كەيپىيات بارلىققا كەلگەن. كىشلەر يېڭىلىق، تەرەققىيات، مەرىپەت ھەققىدىلا ئەمەس ۋەتەن ۋە

مىللەتنىڭ ئۈستىدىمۇ ئويلىشىدىنغان سۆزلىشىدىغان بولغان. ئۇ، ھۆسەيىنخان قۇتبىددىنشاھ تەجەللى، باھاۋۇدۇن باي، شەمسىدىن داموللام، سابىت ئابدۇلباقى كامالى، قۇتلۇق شەۋقى، ھاجى مۇھەممەد ئەلى قاتارلىق مەشھۇر مەرىپەت ئاشنالىرىنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ھەمدە بولۇشى نەتىجىسىدە يېڭى بىر ئەۋلاد پىداكار شاگىرتلارنى تەربىيلەپ چىققان مۇشۇ مەزگىلدە قەشقەردە «ياش قەشقەرلىكلەر» «نامىدا بىر تۈركۈم جەدىتچە روھتىكى زىيالىي بارلىققا كەلگەن. ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيىتى قەشەردە يېڭى جانلىنىش مەنزىرىسىنى پەيدا قىلغان. قاغىلىقتا تۇرۇپ قەشقەردىكى ئۆزگىرىشلەرگە يېقىدىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئاتاقلىق شائىر، ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى ھۆسەيىنخان قۇتبىددىنشاھ تەجەللى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قولىدا ئوقۇۋاتقان گۇملىق شاگىرتى ئابدۇجېلىلغا يازغان شېئرى مەكتۇبىدا «غازىنىڭ غەيرىتىدىن تۇغۇلغان غەۋغالارنى يېزىپ تۇرغىن» دەپ تاپىلىغان. بۇنىڭدىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەردىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھات پائالىيەتلىرىنىڭ ئەينى چاغدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىر قىزىق تېما بوپقالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەينى يىللاردا، يەنى 1920 ـ يىللارنىڭ بېشىدا بولشۋىزىم بىلەن بىرىتانىيە كېڭەيمىچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا بولغان سىڭىپ كىرىش قارا نىيىتى شىنجاڭنى ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىگە ئېلىش ئۇرۇنۇشلىرى قەشقەر ۋەزىيىتىنى ناھايىتى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرى ئۇلارنىڭ كۆتمىگەن يېرىدىن چىققان. 1924 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللام ھەر قايسى مەدرىسەدىكى تالىپلارنى تەشكىللەپ شۆبىت دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە قارشى نامايىش تەشكىللىگەن. 1936 ـ يىلى نەنجىڭدە نەشر قىلىنغان، زېڭ ۋېنۋۇ يازغان «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتىنى ئىدارە قىلىش تارىخى» دېگەن كىتابتا يېزىلىشچە، «مىگونىڭ 12 ـ يىلى قەشقەردىكى چوڭ مۆيتى ئابدۇقادىر داموللام خىرىستىيان كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭدا يامراپ كېتىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ مۇسۇلمانلارنى ئۇيغىتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىن ژۇرنال چىقىرىشقا ئىجازەت بېرىشنى تەلەپ قىلغان لېكىن ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلمىغان. ئابدۇقادىر داموللام تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى يېزىپ، تالىپلىرىغا ھەرقايسى مەسجىدكە

چاپلاشقا ئۇرۇنلاشتۇرغان .بۇنى ئوقۇغانلار ناھايىتى كۆپ بولغان. ئۇنۇمى چوڭ بولغان. مانا مۇشۇنداق ئىدىيۋى قوزغىتىش نەتىجىسىدە قەشقەردىكى ئوقۇغۇچىلار پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈشۈپ، شۇئار تۈۋلاپ كوچىلارنى ئايلانغان. پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈشكەن ئوقۇغۇچىلار مىسيونېرلارنىڭ تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان، باسما ماشىنلىرىنى پاچاقلىۋەتكەن. بۇ ئىش قەشقەرنى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەن. قەشقەردىكى ئەنگىلىيە كونسۇلخانىسى، شۋىت مىسيونېرلىرى ۋە سوۋېتلەر ئىتىپاقىنىڭ ئادەملىرى چۆچۈپ كەتكەن. «نامايىش كۆتۈرۈلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا قەشقەر دوتىيى ئابدۇقادىر داموللام، ماۋ ھاجىم، ياقۇپ ھاجىم باشلىق 30نى يېقىن كىشىنى 40كۈن ھەپسىگە سولاپ قويغان.» ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى ئىشنى ئۆزىنىڭ ئادەتلەنگەن ئۇسۇلى بويىچە ھەل قىلدىغانلىقى تۇغۇرلۇق ئۇلارغا ۋەدە بەرگەن .جۇڭگونىڭ فېئوداللىق مەدەنىيىتى ھەقىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن مۇتەپەككۇر ئەدىب لۇشۈن ئەپەندى جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىنى «ئادەمخور جەمئىيەت» دەپ ئاتىغان .ئۇ جۇڭگو فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ نېگىزلىك ئىللەتلىرى ھەقىدە توختىلىپ : «جۇڭگونىڭ كونا ئۆدۈمى شۇنداق، ئوقۇمىشلىق ئادەملەرنىڭ قۇرسىقىدا ئومۇمەن قانخورلۇق ئامىلىرى بولىدۇ. ئۇلار يولى ياتلارغا ھەر قاچان ئۆلۈم يولىنى راسلاپ قويىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن .جۇڭگو فېئوداللىقى جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى مەككار سىياسىئون ياڭ زېڭشىن ئادەمخورلۇقتا ئۇچىغا چىققان فېئودال مەنسەپدار ئىدى ئۇ : «مائارىپى يوق مىللەت دۆم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان قازاننىڭ ئاستىدىكى قوڭغۇزغا ئوخشايدۇ. جاھان مۇشۇ دەپ يۈرۈۋېرىدۇ. نادان ئادەمنى باشقۇرماق ئاسان، ئۇلارنى قويغا ئوخشاش خالىغان تەرەپكە ھەيدەپ كەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلارغا مائارىپنى بەرمەيمەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان ھەر قانداق ئىقتىدارلىق ۋە ئەقىللىق كىشىنى دەرھال نەزەربەندى قىلىمەن. بىر باھانە تېپىپ يوق قىلىمەن» دېگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئابدۇقادىر داموللامدىن ئىبارەت بۇ دانا ئىسلاھاتچىنى يوقىتىش مەقسىدىنى كالتە پەم، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان، مۇناپىق مىجەز شەخسىيەتچى بايلار بىلەن ھەسەتخور ئۆلىمالارنىڭ غالچىلىق قىلىپ ماسلىششى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغان.

قەتئىي ئىرادىلىك ـ مۇرەسسەسىز ۋەتەنپەرۋەر پىداكار يولباشچى، مۇتەپەككۇر ئىسلاھاتچى، ئوت يۈرەك جەدىتچى ئابدۇقادىر داموللام

1924ـ يىلى 14ـ ئاۋغۇست تاڭ سەھەردە قەشقەر شەھىرىدىكى ئۆيىدە ياللانغان قاتىل تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر خەلقى ئۆچۈن زۇر يۇقىتىش ھېساپلانغان بۇ قاتتىلىق پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا پۇر كەتكەن. قەشقەردىكى ئىلغارلىقتا مايىل كۈچلەر تۈركۈملەپ قولغا ئىلىنغان. بىرقىسمى تاشكەنت، ئەنجان، قاراقۇلغا، بىرقىسمى غۇلجىغا، يەنە بىر قىسمى شاڭخەي، تىيەنجىنگە قىچىپ قوتۇلغان. ئابدۇقادىر دامۇللامنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى سەۋەبىدىن قەشقەر خەلقى چەكسىز قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمگەن، قۇتلۇق شەۋقى، مەمتىئىلى ئەپەندى، شەمسىدىن دامۇللام قاتارلىق شائىرلار ئازابلىق ھىسياتى بىلەن مەرسىيەلەرنى يازغان، ئابدۇقادىر دامۇللامنىڭ ئىخلاسمەن شاگىرتلىرى ھەسرەتلىك قوشۇقلارنى توقۇشقان:

ئىتىڭ بەكمۇ چىرايلىق،
ئابدۇقادىر ئەمەسمۇ
خەلقىمىزگە يول باشلاپ،
ئۆمرىڭ ئۆتكەن ئەمەسمۇ.

دامولام ئۆلۈپ كەتتى،
تالىپلار يېتىم قالدى.
سەن ياشىغان بۇ يۇتتا،
شەيتانۇ رەجىم قالدى.

مۇللام شېھىت بولدى،
ياتار جايى بېھىش بولدى.
دامۇللامغا قەشقەرلىك،
كۆپ يىغلاپ بىھوش بولدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھازىرقى زامان ئىدىئولوگىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇل سالغان، جەدىتچىلىك ئىدىيەسىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئۇنۇملۇك يەتكۈزۈپ، تۇنجى ئىسلاھات ھەرىكىتىنى قوزغىغان بۇ ئۇلۇغ يولباشچىنىڭ سۈيقەستكە ئۇچىرىشى خەلقىمىزنىڭ مىللىي ھاياتىدىكى زىيىنى ھەقىقەتەنمۇ زۇر تارىخى تىرۇرلۇق ئىدى. بۇ زۇر يۇقىتىشنى گويا ئالىم ئابدۇشۇكۇر

مۇھەممەتئىمىن ئىيتقاندەك «كىشىنى ئەسىرلەپ ئويلاندۇردىغان ۋە ۋىجدان نەپرىتىنى قوزغايدىغان پاجىئە بولدى» دەپ خاراكتېرلەشكە بولىدۇ. بۇ پاجىئە بىزنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسىرلەپ ئويلاندۇردىكى، سەئىدىيە خانلىقىدىن كېيىن 300 يىللاپ داۋام قىلغان جاھالەت تۇتۇكلىرى ئىچىدە ئۆلۈم ئۇيقۇسىدا ئوخلاپ كەلگەن غاپىل خەلققە «بۇ ھالەتتە دائىم ئوخلىماق بەك —— يۇقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر !» دەپ تەخىرسىز ھىسسىياتتا تۈنجى بولۇپ جاراڭلىق خىتاب قىلغان ئەزىمەت ئابدۇقادىردامۇللام ئىدى كاللىسىدا زامانغا لايىق ھىچقانداق بىر ئاڭ چۈشەنچە يوق نادان خەلققە مەرىپەتچىلىك، مىللەتچىلىك ئىگىنى ئەڭ دەسلەپ سىڭدۈرگەن مۇنەۋۋەر ئالىم ئابدۇقادىر دامۇللام ئىدى ! ئابدۇقادىر دامۇللامنىڭ قەستلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ پاجىئە شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ۋىجدان نەپرىتىمىزنى قوزغايدۇكى، ئەسىرلەردىن بىرى نادانلىق، قاششاقلىق، چۈشكۈنلۈك، چىچىلاڭغۇلۇق ئىچىدە تىپىرلاپ كىلۋاتقان بىر خەلقنى سەگەكلىك بىلەن ياشاشقا ئۈندىگەن، يېڭىلىققا يىتەكلىگەن ئىنسانى قەدىر ـ قىممىتى بىلەن ياشاشقا دەۋەت قىلغان، ئادالەت ۋە سائادەت يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە چاقىرغان بىر دانا يولباشچىنى كاللىسى فىئۇدال ئاڭ ـ ئىدىيە بىلەن تولۇپ كەتكەن ئەكسىيەتچى مەنسەپدار ياڭ زېڭشىننىڭ كۆزىنى مىت قىلماستىن يوق قىلىۋەتكەنلىكىدۇر. بۇنداق قاباھەت قىلمىش فىئۇدال پادىشاھلىق شارئىتىدا كۆرۈلگەن بولسا، چۈشىنىشكە بولىسمۇ، «4 ـ ماي» دىن كېيىن جۇڭگونى قاپلىغان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى شارئىتىدا قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان نومۇسسىزلىق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ .بىزنىڭ ۋىجدان نەپرىتىمىزنى قوزغايدىغان يەنە بىر سەۋەپ شۇكى، ئابدۇقادىر دامۇللامدەك مۇنەۋۋەر بىر يولباشچىنى يوقۇتقان رەزىل دۈشمەنلەر ئىچىدە بىزنىڭ ھاماقەت قېرىنداشلىرىمىزنىڭمۇ بار بولغانلىقىدۇر. ئابدۇقادىر دامۇللامنىڭ تۆھپىسى ۋە ئىدىيەسىگە زامانىمىزدىكى تەتقىقاتچىلار يۇقىرى باھالارنى بىرىشتى. پىروفىسۇر ئازاد رەھمۇتۇللا سولتان ۋە جاڭ مىڭ، نۇرمۇھەممەت زامانلار تۈزگەن «20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابتا مۇنداق كۆرسەتلگەن : «ئابدۇقادىر دامۇللام مەشھۇر جامائەت ئەربابى ۋە مەرىپەت پائالىيەتچىسى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاسچىلىرىنىڭ بىرى. 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىلىپ بىرىلغان ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە مەرىپەت

ھەرىكىتىدە ئابدۇقادىر داموللام باشلامچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان، شۇنداقلا ئۇ ئۇيغۇر ئىدىيە مەدەنىيىتىنىڭ مەرىپەت ۋە ئەدەبىيات تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچقان»، «ئابدۇقادىر داموللام ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بىر نۇرلۇق چولپان ۋە يول ئاچقۇچى .ئۇيغۇر ھازىرقى ئەدەبىياتىدىكى جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزىمغا، نادانلىققا قارشى تۇرۇش، ئازادلىق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، تەرەققىيات، دېموكراتىيە تەلەپ قىلىش ئىدىيەسى ئابدۇقادىر داموللامدىن باشلانغان«.

مەنبە: شىنجاڭ مەدەنىيتى ژۇرنىلىنىڭ 2010-يىللىق - 5سانى

# «كروران» دۇچ كەلگەن 81 مۇشكۈلات

## ئەدەبىي ئاخبارات

## نۇرمۇھەممەت توختى

1 . «مىللىي بۇرژۇئازىيە»نىڭ ئىنىقلىمىسى

ئوتتۇرا مەكتەپتە سىياسەت دەرسى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچۇم «دەللال بۇرژۇئازىيە» نى باشقا يۇرت ۋە باشقا ئەللەردە ياسالغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى يۆتكەپ سېتىپ باي بولغانلار دەپ، «مىللىي بۇرژۇئازىيە»نى ئۆز يۇرتى ۋە ئۆز ئېلىدىكى خام ئەشيالارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا ئايلاندۇرۇپ باي بولغانلار دەپ چۈشەندۈرگەن. ماۋجۇشى جۇڭگو جەمئىيىتىنى سىنىپلارغا بۆلگەندە «دەللال بۇرژۇئازىيە»نى دۈشمەن قاتارىغا، «مىللىي بۇرژۇئازىيە»نى ئىتتىپاقداشلار قاتارىغا تىزغان. ئەگەر بىز ماۋجۇشىنىڭ نىمىشقا ئاشۇنداق ھۆكۈم قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىشقا كىرىشىپ كېتىدىغان بولساق، گەپ بەكلا ئۇزىراپ كېتىدۇ. بىزگە كېرىكى، پەقەت ئاشۇ ئىككى خىل «بۇرژۇئازىيە» توغرىسىدىكى ئېنىقلىمىلا خالاس. ۋاھالەنكى ھازىر ئېلىمىزدە «بۇرژۇئازىيە»يوق. ئۇلار ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ تۇرتكىسىدە «ھالال ئىشلەپ، ئۆز قان ـ تەرى بەدىلىگە باي بولغان» دەپ قارىلىدۇ. بۇ قاراش بويىچە ھازىرقى جۇڭگو بايلىرىنى «دەللال بۇرژۇئازىيە» ۋە «مىللىي بۇرژۇئازىيە» دەپ سىنىپلارغا ئايرىش خاتا بولىدۇ. ئەمما پارا يېمەي ياكى دۆلەت كارخانىلىرىنى ھۆددىگە ئېلىۋالماي تۇرۇپمۇ باي بولغانلارنى يۆتكەپ سېتىش سودىسى بىلەن باي بولغانلار ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ھەرىكىتى بىلەن باي بولغانلار دەپ ئايرىش خاتا بولۇشى ناتايىن.

ئەمەلىيەتتە ئالدىنقىسى دەللال سودىگەرلەر، كېيىنكىسى خۇسۇسىي كارخانىچىلاردۇر. بىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز ئۇچۇن ئېيتقاندا،

ئاز بولسىمۇ باي بولغانلار ئىچىدە ئاشۇ ئىككى خىل تەبىقە ھەر ھالدا مەۋجۇت. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، بۇرۇنقى رامكىلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەڭ دەسلەپ ئاتۇشلۇقلار دەللال سودىگەرلىك يولىغا قاراپ ماڭدى. باشقا يۇرتلۇقلار ئەگەشتى. كېيىنچە غۇلجىلىقلار ئېچىۋېتىلگەن چېگرا ئېغىزلىرىغا يېقىن بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، چېگرا ھالقىغان سودىغا تۇتۇش قىلىپ خەلقئارا دەللالغا ئايلاندى. بۇنىڭدىمۇ باشقا يۇرتلۇقلار ئەگەشتى. مەيلى ئىچكى دەللاللار ياكى خەلقئارا دەللاللار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى باشقىلارنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى پۇل قىلىپ بېرىش ئەۋزەللىكى بولسا، ئاردىن پايدا ئېلىپ مەبلەغ جۇغلاشتا ئىپادىلىنىدۇ.

خەلقنىڭ جىددىي ئېھتىياج، زۆرۈرىيىتىنى قامدىشى ئۇلارنىڭ تۆھپىسى، ئەمما خەلقنىڭ يەنە بىر ئېھتىياجى ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان خام ئەشيالارنى ئۆز جايىدا سانائەت مەھسۇلاتىغا ئايلاندۇرۇش ئارزۇسىغا سەل قارىغانلىقى دەللال سودىگەرلەرنىڭ يېتەرسىزلىكى ھېسابلىنىدۇ. ھازىرغىچە دەللال سودىگەرلىك بىلەن بېيىغانلاردىن بىرەرسىنىڭ دەللاللىقتىن ھالقىپ كارخانىچىلىققا يۈرۈش قىلىپ دەللال سودىگەرلىك بىلەن جۇغلىغان مەبلىغىگە تايىنىپ، ئۆز يېرىدىكى خام ئەشيالارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كارخانا قۇرغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىلمىدى ياكى بىز ئۇنداق خەۋەرنى ئاڭلىمىدۇق. ۋاھالەنكى، دۇنيانىڭ ئىشلىرى دەللال سودىگەرلەرنىڭ قولىغا قاراشلىق ئەمەس. ئۆز يۇرتىنىڭ، ئۆز خەلقى ئىشلەپ چىقارغان خام ئەشيالارنى يۇلغا ئايلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى خالايدىغان، ئۇلارنى سانائەت مەھسۇلاتىغا ئايلاندۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشنى ئويلايدىغان ئەزىمەتلەر ھەممە يەردىن تېپىلىدۇ. مانا بۇلار ئەنە شۇ دەللال سودىگەرلەرنىڭ قارشى تەرىپىدىكى مىللىي كارخانىچىلاردۇر.

مىللىي كارخانىلار جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا ۋە ئۇلار ئاز بولمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇنى بىز مەتبۇئاتلاردىن ۋە رادىئو ـ تېلېۋىزىيىلەردىكى مەھسۇلات ئېلانلىرىدىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. «ئارمان»، «ئامىنە»، «گۆھەر زېمىن»، «كرووران» ۋە باشقىلار شۇ جۈملىدىندۇر. بۇ يەردە شۇنى ئەسكە ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەتبۇئات ئادىلدۇر.

مەتبۇئاتلىرىمىزدا مىللىي كارخانىچىلار دائىم تونۇشتۇرۇلۇپ تۇرۇلدىكى، دەللال سودىگەرلەرنىڭ خەير - ئېھسانلىرىدىن باشقا پائالىيەتلىرى تىلغا ئېلىنمىدى. ئەكسىچە مىللىي كارخانىچىلار ئۇڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، پۇل تاپالماي ۋەيران بولغاندىمۇ، ھىسداشلىق سادالىرى ياڭراپ تۇردى. بۇنىڭ سەۋەبى دەللال سودىگەرلىك بىلەن كارخانىچىلىقنىڭ قىممىتىدە. ئالدىنقىسى گەرچە جىددىي ئېھتىياجنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا كەمسىتىلىشكە دۇچار. كېيىنكىسى بولسا، دائىم ۋە ھەر جايدا ئالقىشقا مۇيەسسەر. خەلقنىڭ كۆڭۈل رايى دېگەن مانا شۇنداق. بۇنى مەمۇرىي بۇيرۇق بىلەن ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. خەلقىمىزدە «پۇل تاپقۇچە، يۈز تاپ» دېگەن ماقال بار. دەللال سودىگەرلەرنىڭ شۇنچە پۇللۇق تۇرۇپمۇ ئابرۇيغا ئېرىشەلمەسلىكىدىكى سەۋەب كۆپ خىل بولۇشى مۇمكىن. قايسىبىر يىلى داڭلىق مۇقامچى ئابدۇللا مەجنۇن ئۇلارنى «پۇلدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق نامراتلار» قاتارىغا تىزغان. بەلكىم يۈز - ئابرۇي دېگەن پۇلغىلا باغلىق بولمىسا كېرەك. ۋاھالەنكى، دەللال سودىگەرلەرگە قارىتىلغان «دەللاللىق قىلىدۇ» ، «ئالدامچىلىق بىلەن پۇل تاپىدۇ» ، «پۇرسەتپەرەسلىك قىلىدۇ» دېگەن باھالار ئادىل بولۇشى ناتايىن. ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولماس. بىر كۇلا ھەممە قەلەندەرنىڭ بېشىغا خوپ كېلىۋەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بازار ئەھۋالىنى دەڭسەش، مال تاللاش، مال يۆتكەش جەريانىدا تارتقان جاپالىرى، بىر تىيىن ئۈچۈن كۆيۈپ - پىشىپ تالىشىشلىرى نەزەردىن ساقىت قىلىنسا، دىيانەتلىكلىرى نائىنساپلىرى بىلەن بىر تاياقتا ھەيدەلسە ئۇۋال بولىدۇ. ئەمما خەلقنىڭ مىللىي كارخانىچىلارغا بەرگەن باھالىرى ھېچقاچان خاتا بولۇپ باقمىدى. ئېزىچىل ھېسداشلىق ۋە قوللاش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ كەلدى. بۇ يەردە ئاشۇ پوزىتسىيە بىلەن تىلغا ئالماقچى بولغىنىمىز ئاشۇ مىللىي كارخانىچىلار ئېچىدىكى «خوتەن كروران گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى» ۋە ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى ياش يىگىت ئابدۇۋەلىدۇر.

2. يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماس

ئارزۇ ئېھتىياجنىڭ كۆڭۈلدىكى شولىسى. ئېھتىياج قانداق بولسا، ئارزۇ شۇنداق بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئوزۇقلىنىش، شەھۋەت، قەدىرلىنىش، مال -

مۇلۇك، سالامەتلىك، گۈزەللىك، مۇكەممەللىك قاتارلىق تۈپ ئېھتىياجلىرى ئۇنىڭ ئارزۇسىنى بەلگىلەيدۇ. ئوزۇقلىنىش، مال - مۇلۇك، سالامەتلىك قاتارلىق ئىپتىدائىي ئېھتىياجلىرى قانائەت تاپقان ئەھۋالدا قەدىرلىنىش، گۈزەللىك، مۇكەممەللىك قاتارلىق يۇقىرى ئېھتىياجلىرى ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتىدۇ ۋە شۇلارغا ئائىت ئارزۇلىرى كۆپىيىشكە باشلايدۇ. ستۇدېنت ئابدۇۋەلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا بۇنى ئېنىق ھېس قىلدى. قورسىقى تويغان، كىيىمى پۈتۈنلەشكەن ئۇرۇمچىلىكلەرنىڭ بولۇپمۇ ئۇرۇمچىدىكى خوتۇن قىزلارنىڭ گۈزەللىك ئېھتىياجلىرى ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتكەن، ئۇلار تەقى - تۇرقىنى، قانات - قۇيرۇقىنى تۈزەشكە كىرىشكەنىدى. كوچا - رەستىلەردە گىرىمخانا، ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرى قەدەممە بىر ئۇچراپ تۇراتتى. دۇكان، ماگىزىنلارنى چەت ئەلنىڭ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ پەرداز بۇيۇملىرى قاپلاپ كەتكەنىدى. ئەمما ئاشۇلار ئارىسىدا ئۇيغۇرلار ئىشلىگەن، ئۇيغۇرچە ماركىسى، ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرۈشى بار پاكىزلىق بۇيۇملىرى، گىرىم بۇيۇملىرى يوق ئىدى.

ئەمدىلا 20 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئابدۇۋەلى غەلىتىلىك ھېس قىلدى. مەۋجۇت ھالەت ئۈستىدىن ئۆكتە قوپۇش ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ گىرىم بۇيۇملىرى، ئۆز پاكىزلىق بۇيۇملىرىنىڭ يوقلۇقى ئۇنىڭ ئەقلىگە سىغمىدى. «نېمىشقا يوق؟» نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە خەلقىمىزدە ئاي يۈزلۈك، قۇياش كۆزلۈك ئانىلىرىمىزدا، سۇمبۇل چاچلىق، قىرىق كوكۇلۇلۇق ھەدە - سىڭىللىرىمىزدا، نوچىلىقتىن ئوت چىقىرىدىغان بوز يىگىتلىرىمىزدە گىرىم قىلىش مەدەنىيىتى شەكىللەنمىگەن بولغىدىمۇ؟ سىم بۇرۇتلۇق، بومبا ساقاللىق ئاتىلىرىمىز جەڭگە چىققان چاغلىرىدا ساقال - بۇرۇتلىرىنى نېمە بىلەن بويىغان بولغىدى؟ پاكىزلىقنى ئىمان جۈملىسىدىن ھېسابلايدىغان خەلقىمىزدە سوپۇن ئىشلىتىش ئومۇملاشمىغان بولغىمىدى؟ ئاشۇ ھورداق، ھامام، ھور مۇنچىلارنى كەشپ قىلغان بوۋىلىرىمىز ھور مۇنچىدا قايسى سوپۇننى ئىشلەتكەن بولغىدى؟ «ئاناڭنى ئاتاڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە» دېگەن تەمسىل بارغۇ بىزدە؟ نېمە بىلەن پەردازسىز كۆرسەتمىگەن بولغىدى؟ تىرناقلىرىنى، ھۆسن - چىرايىنى قانداق ئاسرىغان بولغىدى؟... ئابدۇۋەلى ئەنە شۇنداق ئويلايتتى. ئۆزىگە سوئاللار قوياتتى.

ئەمما سوئاللارنى يېشىشكە كۆپ ھەرەج كەتمىدى. نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى مۇشۇ مىللىي تۇركۇمنىڭ جىسمانىيىتىنى، تەقى ـ تۇرقىنى، ھۆسن ـ جامالىنى، قەلب ـ روھىنى ئەملەپ، قوغداپ كەلگەن ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمى ئۇنىڭغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەردى. تەتلىدە ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەن ئابدۇۋەلىگە خوتەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومىدىكى ئابلىمىت يۈسۈپ داموللا ھاجىم، خوۋا باھاۋىدىن ھاجىم، باقى ھاجىم قاتارلىق ئەللامىلەر سىيادانىنىڭ، ئۇسمىنىنىڭ، خېنىنىڭ، سۈرمىنىڭ، جىگدە يىلىمىنىڭ، تۇرلۇك مېغىزلارنىڭ، سۆت، قېتىقلارنىڭ، گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ، مۇشكى ـ ئەنبەرلەرنىڭ كارامىتىنى سۆزلەپ بەردى. ئوھوي! بار ئىكەن: چاچنى بوستان، قاشنى قىياق، كىرپىكنى ئوقيا، كۆزنى چولپان، لەۋنى جىنەستە، تىرناقنى ئوتقاش قىلغۇدەك خۇرۇچلار بار ئىكەن. تېرىنى، ھۆسن ـ جامالنى ئاققاشتەك سۈزۈك، ئالمىدەك رەڭدار، پاقلاننىڭ دۈمبە يېغىدەك يۇمران، يۇرەكتەك ئىسسىق قىلغۇچى خۇرۇچلار بار ئىكەن. ۋۇجۇدۇڭنى خۇش پۇراق كانىغا ئايلاندۇرغۇچى خوتەن قىزىل گۈلى، خوتەن مۇشكى ـ ئەنبىرى بار ئىكەن. گۇلاپلار، مەلھەملەر، مايلار بار ئىكەن. توقاچ سوپۇنلار، گۈلى سوپۇنلار بار ئىكەن...

تېۋىپ ئاخۇنۇملار ھېكايە قىلىشتى: ئەنبەرخان تۇتقۇن خانىش بولغاندىن كېيىن ئاستانىدە تۇرۇشنى خالىماپتۇ. سەۋەبى، ئۇنىڭغا ياقىدىغان، ئۇنى گۈزەللەشتۈرىدىغان، ئۇنى خۇش پۇراق قىلىدىغان ئاشۇ نەرسىلەر ئۇياقلاردا يوق ئىكەن. ئەنبەرخاننىڭ سولاقتىكى ۋۇجۇدى يەنىلا يىراقتىكى ئۆز ماكانىغا ئۇسمىزارلىقلارغا، جىگدىزارلىقلارغا، قىزىل گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۈلزارلىقلارغا تەلپۈنىدىكەن. شۇ ۋەجىدىن جىگدە كۆچۈرۈش يارلىقى چۈشۈرۈلۈپ «جىگدە يىغىلىقى» يۈز بېرىپتۇ. نەچچە مىڭ ئادەم ئۆلۈپتۇ....

مانا كۆردىڭىزمۇ؟ ھەدە ـ سىڭىللىرىمىز تۇتقۇن ـ قەپەسلەنگەن ھالەتتىمۇ ھۆسن تۈزەشنى، چاچ كوكۇلنى ئاسرىغۇچى جىگدە يىلىمىنى، خۇش پۇراق تارقاتقۇچى جىگدە چېچىكىنى ئۇنتۇماپتۇ. ئەمدى نېمە بولدى؟ گۇمران بولغان ئەۋلادلار ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتتىمۇ؟ ئاشۇ خۇرۇچلاردىن ھۆسن ئاسرىغۇچى، پاكىزلىغۇچى گۇلاپلار، مەلھەملەر، مايلار، توقاچ سوپۇنلار، گۈلى

سوپۇنلار ياساشنى ئۇنتۇشمىغان بولسىمۇ، ئۇنى سانائەت مەھسۇلاتىغا ئايلاندۇرۇپ بازارغا سېلىشنى ئويلاشماپتۇ. بازارلاردا ماگىزىن، دۇكانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز گىرىم بۇيۇملىرى، ئۆز پاكىزلىق بۇيۇملىرىنىڭ يوقلۇقى شۇ سەۋەبتىن ئىكەن...

ئابدۇۋەلىنىڭ يۈرىكىگە ئوت كەتتى. ھۆسن تۈزىگۈچى خۇرۇچلارنى كۆكتات بازىرىغا ئەكىلىپ ۋارقىراپ سېتىشنىڭ ئورنى يوق. تەييار مەھسۇلات بولسا خەلقىمىز ئۆز گىرىم بۇيۇملىرىمىز ۋە ئۆز پاكىزلىق بۇيۇملىرىمىزنى ئىشلەتسە، ئىشلىتىۋېتىپ ئۆزلۈك تۇيغۇسىنىڭ قايناملىرىدا ئۈزسە، ئاھ، بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل ئىش بولامتىمۇ؟ ئۆزىنىڭ ئۆزىگە يارىشىدۇ. چەت ئەلنىڭ جۇڭگوغا، ئىسسىق رايوننىڭ سوغۇق رايونغا، نەم رايوننىڭ قۇرغاق رايونغا يارىشارمۇ؟ «ئۆزىنىڭ ئۆزىگە يارىشىدۇ» دەپ بىكار ئېيتىشمىغان.

ئېھتىياج ئارزۇنى پەيدا قىلىدۇغۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە ئاستا ـ ئاستا ئۆز گىرىم بۇيۇملىرىمىزنى، ئۆز پاكىزلىق بۇيۇملىرىمىزنى ياساش، ئۇنى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىش ئارزۇسى باش كۆتۈردى. ئارزۇنىڭ ئىمكانىيەتلىكى ئارزۇ، ئىمكانىيەتسىزى خام خىيال. ئابدۇۋەلى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىشلىتىلىشچان خىمىيە ئوقۇۋاتقان بولغاچقا، سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىمكانىيەتكە ئىگە ئىدى. ئىمكانىيەتلىك ئارزۇ ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىپتىدائىي ئورمانغا تۇتاشقان ئوتتەك ئاستا ـ ئاستا ئۇلغىيىپ باردى....

ئەگەر بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە، مىللىي جىسمانىيىتىگە، قۇرغاق، سوغۇق، شامال ـ بورانلىق تەبىئىي شارائىتىغا ماس كېلىدىغان ئۇيغۇر گىرىم خۇرۇچلىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلاتىغا ئايلىنالمىغۇدەك بۇ ئەپسۇسلۇق ھالەتنى ئابدۇۋەلىلا ھېس قىلدى، تونۇپ يەتتى دېسەك، راست گەپ قىلمىغان بولىمىز. ئۆز ھۆسن ئاسراش، ھۆسن تۈزەش بۇيۇملىرىمىزنى ياساش، سانائەت مەھسۇلاتىغا ئايلاندۇرۇش، تۈركۈملەپ بازارغا سېلىش ئارزۇسى ئابدۇۋەلىنىڭلا قەلبىدە پەيدا بولدى دېسەك، بۇمۇ رېئاللىققا نىسبەتەن مۇشۇككە ئوخشاش كۆز يۇمۇۋالغانلىق بولىدۇ. ئاشۇ يىللاردا ئالىي مەكتەپلەر خىمىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىلىم بىلەن

توشۇپ كەتكەن كاللىلىرىدا بۇنداق پىكىرلەر، بۇنداق ئارزۇلار ئاللىقاچان پەيدا بولۇپ بولغان، تېخى ئۇلارنىڭ زاۋۇت قۇرۇشقا كېتەرلىك يۈز مىڭلاپ، مىليونلاپ سوممىدىكى مەبلەغ تەلەپ قىلىش دوكلاتلىرى مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ يېزىق شىرەسى ئۈستىگە يېتىپ بېرىپمۇ بولغانىدى.

ئوسما تەركىبلىرىنى ئىشلىتىپ چوڭ تىپتىكى كارخانىلار تەرپىدىن ئىشلەپ چىقىرىۋاتقان بولسىمۇ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تېبابىتى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىدىكى بايلىقلارنى قېزىش يېتەرلىك بولمايۋاتاتتى. پۇرسەتمۇ كەلگەنىدى. ئوقۇش پۇتتۈرۈش پراكتىكىسى ئۈچۈن ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پەن تەتقىقات ئاكادېمىيىسىگە تەقسىم قىلىندى. ئۇ يەردە ئەۋزەل شارائىت يېتەرلىك ئىدى. دوكتور ئۆمەرجان مۇئەللىمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ياش يىگىت سىيادانىنى خام ئەشيا قىلغان تۇنجى چاچ ئاسرىغۇچى، چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ ئەۋرىشكىسىنى ياساپ چىقتى. بارلىق دورا ياسىغۇچى تېبابەتچىلىك ئالىملىرى يېڭى دورىسىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆز جىسمانىيىتىدە سىناپ باققاندەك، ئۇمۇ چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆز چېچىدا سىناق قىلدى. چاچلار بىلەن تولا ئۇچرىشىپ چاچ باھالاش، سوپۇن باھالاش مۇتەخەسسىسىگە ئايلانغان ساتىراش ئۇستامنى باھالىغۇچى قىلدى. خۇرۇچلارنىڭ نىسبىتى يۈز قېتىم تەڭشەلگەندۇ. يۈز قېتىم تەجرىبە قىلىنغاندۇ. يۈز قېتىم قايتا ياسالغاندۇ ۋە ئابدۇۋەلىنىڭ ئۆز چېچىدا يۈز قېتىم سىناق قىلىنغاندۇ. ئاخىر ساتىراش ئۇستامنىڭ تەستىقىدىن ئۆتتى. تەستىق - باھالاشتىن ئۆتتۈش باشقا گەپ. ئەمەلىي نەتىجە بولسا يەنە باشقا گەپ. بىر خىل چاچ ئاسرىغۇچى سۇيۇقلۇقنىڭ ئۈنۈمىنى بىر قېتىمدىلا كۆرىمەن دەپ خام خىيال ئەيلىمەك. ئۇ دەرھال ئاغرىق توختىتىدىغان ئاسپىرىن ئەمەس. ئۈنۈم ئاستا - ئاستا يۈز بېرىدۇ. يۈز قېتىملاپ ئۆز چېچىدا قىلىنغان يۇيۇش سىنىقى جەريانىدا ئابدۇۋەلىنىڭ چېچى قاپقارا، قويۇق، تاللىرى توم، ئەۋرىشىملىكى كۈچلۈك، ئاسان تۆكۈلمەيدىغان ئەلا ھالەتكە ئېرىشتى. ئۈنۈم دېگەن مانا مۇشۇ، يەنە قانداق بولسا بولاتتى؟

مەھسۇلات ئەۋرىشكىسى سىناقتىن ئۆتتى. ئەمدى تۈركۈملەپ ئىشلەپ چىقىرىپ بازارغا سېلىشى كېرەك. زاۋۇت قۇرۇشقا پۇل قېنى؟ يېڭى مەھسۇلاتنى

بازار قويىنغا ئالارمۇ؟ چەت ئەلنىڭ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلىرى ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالارمۇ؟ سىتىۋالدىغان خېرىدار چىقارمۇ؟...

بازار بۆرە ۋە يولۋاسقا ئوخشايدۇ. ھەيۋەت ۋە چىرايلىق، ئۇنىڭ يۇمشاق تېرىسىنى سىلاپ بېقىشنى، ئۇنى قۇچاقلاپ ئەركىلىتىشنى كىم خالىمايدۇ؟ بۆرە، يولۋاسقا يېقىنلاشساڭ، ساڭا ئەركىلەپ قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ بېرىشىمۇ، سېنى ھاپ قىلىپ يەۋېتىشىمۇ، تالاپ، ئۇستۇېشىڭنى قان قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. ئالىي مەكتەپلەر خىمىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بازاردىكى ئاشۇ مەھسۇلاتلارنى ياسىيالايدىغان، تۇرۇقلۇق ئىككىلىنىپ، ئەنسىرەپ يۈرىشىدىكى، ئالدىدا يولۋاس، كەينىدە بۆرە باردەك قورقۇپ توختاپ قېلىشىدىكى سەۋەب شۇ. «كۆمسەم پىشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ؟» دەپ بىر نىيەتكە كېلەلمەسلىكىدىكى سەۋەب شۇ. ئەمما بىزنىڭ ئابدۇۋەلى ئۇنداق ئىشلارنى ئويلاپ يۈرمىدى. بەلكى ئۇنىڭ باغرىغا دادىل قەدەم باستى. «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ» دېگەن مانا شۇ.

3. بۇركۇت چۈجىسى قانات قاقتى

خەيرلىك سەپەرگە ئاتلانغان ئەزىمەت توسقۇنلار ئالدىدا چېكىنەمدۇ؟ داۋانغا دۇچ كەلگەن ئورۇق ئاتتەك قۇشقۇنغا ئولتۇرۇپ كېيىنگە داجىمدۇ؟ تاغ ـ داۋاندىن، تەگسىز جىلغا ۋە كېچىكسىز دەريالاردىن، بىپايان چۆل ۋە ئالۋاستى ماكان تۇتقان جاڭگاللاردىن قورققان كارۋان ئەمەس.
ئابدۇۋەلىنىڭ ئالدىنى بىرىنچى قەدەمدىلا مەبلەغ ئاتلىق داۋان توستى. تاغدەك يۆلەك بولىدىغان ئاتا ئاللىقاچان باقىي ئالەمگە كېتىپ قالغان، مېھرىبان ئانا مىڭ بىر جاپادا يىغىپ، تۆشەپ ئوقۇتتى. ئۇلاردا نەدىمۇ مەبلەغ بولسۇن؟ ئەل قاتارى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئاكىلار، ھەدىلەر ياردەم قىلالارمۇ؟ ئابدۇۋەلى ھەمكارلىشىش نىيىتىگە كەلدى. كىم بىلەن ھەمكارلىشىدۇ؟ ئەلۋەتتە پۇلى بار بايلار بىلەن ـ دە! ئۇلار مەبلەغ چىقارسۇن، ئابدۇۋەلى تېخنىكا چىقىرىدۇ.

دەللال سودىگەرلەر ئارىدىن پايدا ئېلىپ جۇغلىغان مەبلەغ بار. مەبلەغ سېلىشقا ئۇنارمۇ؟ ھەمكارلىششقا قىزىقارمۇ؟ ئابدۇۋەلى ئۇلارنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۆزى ياساپ چىققان ئەۋرىشكە چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى كۆيلەپ - پىشىپ تونۇشتۇردى. پىلانلىرىنى بايان قىلدى. ئۇلار تېخى مەكتەپ پۈتتۈرمىگەن ياش ستۇدېنتنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىدىمۇ ياكى ئاران جۇغلىغان پۇللىرىنىڭ بازار ئاتلىق يولۋاسنىڭ قارنىدا يوق بولۇپ كېتىشىدىن قورقتىمۇ؟ رەت قىلىندى. قەرز بېرىشنىمۇ، ھەمكارلىششنىمۇ رەت قىلدى. خېلى داڭلىق مىللىي سانائەتكە كۆڭۈل بۆلىدۇ، دەپ تەرىپلىنىۋاتقان بىرسىمۇ رەت قىلدى. دەللال دېگەن بەرىبىر دەللال ئىكەن. باشقىلارغا دەلاللىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى پۇل قىلىپ بېرىشتىن باشقىنى بىلمەيدىكەن. ئۇلارغا ئۈمىد باغلىغانلىق يىراقتىكى يۇلتۇزنىڭ نۇرىدا ئىسسىنىشنى ئويلىغاندەكلا بىر ئىش ئىكەن. ھەي ئىست...

يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئابدۇۋەلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خوتەنگە قايتىپ كەلدى. ئەمما ئۇنىڭ ئەس - يادى سىيادان، ئوسما، جىگدە يېلىمى، خېنىنى سانائەت مەھسۇلاتىغا ئايلاندۇرۇشتا ئىدى. ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان مەكتەپنىڭ مەسئۇللىرىغا ئۆزىنىڭ سىيادان چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ ئەۋرىشكىسىنى ئىشلەپ چىقارغانلىقىنى، مەكتەپ مەبلەغ چىقارسا، تۆركۆملەپ ئىشلەپ چىقىرىپ بازارغا سېلىش توغرىسىدا ئېيتىۋىدى، مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭغا گويا بىر ئالدامچىغا قارىغاندەك تىكىلىپ قارىدى. دېمىسىمۇ «سۈت ئىچىپ ئاغزى كۆيگەن كىشى قېتىقنىمۇ پۈۋلەپ ئىچەر» دېگەن گەپ بارغۇ. تېخى يېقىندىلا «مەكتەپ بىلەن بىرلىشىپ سوپۇن پاراشوكى ئىشلەپ چىقىرىمەن» دېگەن بىر نوچى مەكتەپنىڭ 200 مىڭ يۈەن پۇلىنى قارا قويغان، ئېلىپ قېچىپ كەتكەنىدى. ئەمدى يەنە بىرسى كېلىپ «چاچ سۇيۇقلۇقى ئىشلەپ چىقىرايلى، مەكتەپ مەبلەغ چىقارسۇن» دېسە، يىلان چېقىۋالغان مۇدىر ئارغامچىدىن ئۈركۈمەي قالامدۇ؟ رەت قىلىندى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

ئىشنىڭ پاكار بولسا ئېگىشىپ مېڭىش كېرەك. «يوتقانىغا قاراپ پۇت سۇنۇش»، «خالتىغا بېقىپ ئۇن تارتىش» دېگەن ئەنە شۇ. زاۋۇت قۇرغىلى مەبلەغ بولمىسا، ئىپتىدائىي ئۇسۇلدا قولدا ئىشلەش كېرەك. قانچىلىك

ئىشلىسەك، شۇنچىلىك سىتىپ پۇل تاپقاندا زامانىۋىلاشساڭمۇ بولىدۇغۇ. تۇخۇمدىن چىقماي تۇرۇپ قانات قېقىشنىڭ ھاجىتى يوق. بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن مېڭىش، بىر بالداق - بىر بالداقتىن ئۆرلەش لازىم....

ئابدۇۋەلى ئاشۇنداق قىلىش قارارىغا كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆيۈپ - پىششىلىرىغا ئىچ ئاغرىتىدىغان ئادەممۇ تېپىلدى. بېشىڭغا كۈن چۈشسە، بىرەر نەرسىگە موھتاج بولساڭ ئەڭ ئاۋۋال ئىچ ئاغرىتىدىغىنى، ئەڭ بۇرۇن ياردەم قولىنى سۇنىدىغىنى يەنىلا قېرىنداش. «ئاغرىپ باش ياستۇققا يەتسە ئۆز قېرىنداش ئۆزگىدۇر» دېيىلىدۇ ناخشىلاردا. بولۇپمۇ ئاچا - سىڭىل قېرىنداشلىرىنىڭ يۇمشاق كۆڭۈل كېلىدۇ. كۆيۈپ - پىششىلىرىڭغا قاراپ تۇرالمايدۇ. ئابدۇۋەلىنىڭ يۇمشاق كۆڭۈل ھەدىسى تىللاقىز ياردەم قولىنى ئۇزاتتى. يېمەي - كىيمەي يىغقان ئىككى مىڭ يۈەن پۇلىنى قەرز بېرىپ تۇردى. ئابدۇۋەلى يەنە دوست - بۇرادەرلىرىدىن ئىككى مىڭ يۈەن قەرز ئالدى. ئەمدى تۆت مىڭ يۈەن مەبلەغ بىلەن تەلەي سىناپ بېقىشقا بولاتتى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىقتىن مائاش ئېلىۋاتىدۇغۇ. ئەگەر ئىش قاملاشماي، بازار يەكلەپ قالسا، ئۇنىڭلىك قەرز دېگەننى تۆلەپ كېتىشكە بولاتتى. ئابدۇۋەلى بىر قازان، بىر چېلەك، بىر نوغۇچ، بىر مەش سېتىۋېلىپ ئىش باشلىدى. ئاكىلىرىمۇ قاراپ تۇرمىدى. ئۆزلىرى ئىشلەيدىغان 7 - ترانسپورت شىركىتىنىڭ بىر تاشلاندۇق مۇنچىسىنى سېخ قىلىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىپ بەردى. ئىش باشلاندى. دەسلەپكى مەھسۇلات تەييار بولدى. قاچىلاشقا قۇتا، قۇتا ئۈستىگە ئۈيغۇرچە چۈشەندۈرۈشلۈك ماركا كېرەك ئىدى. ئەمما ئىچكىرىدىكى ئاشۇ زاۋۇت 1000 دانە قۇتىنى ئىشلەپ يۈرمەيدىكەن. ئەڭ ئاز بولغاندا 20 مىڭ قۇتا زاكاز قىلىنسا ئاندىن ئىشلەيدىكەن. 20 مىڭ قۇتىنى سېتىۋېلىشقا نەدىمۇ پۇل بولسۇن؟ كۆپ يالۋۇرۇشقا، يېلىنىشقا توغرا كەلدى. ئۇلار ھەر ھالدا چېگرا رايونىدىكى كىچىك كارخانىنى قوللىدى. ئۈستىدە «سىيادان» دەپ ئۇيغۇرچە ماركىسى بار مىڭ دانە قۇتا ئاخىر يېتىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ «كروران گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى»نىڭ تۇنجى چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى «سىيادان» بازارغا سېلىندى.

ئۇيغۇرچە «سىيادان» دېگەن ماركىسى، ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرۈشلىرى بار، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز خام ئەشيالىرىدىن ئىشلەنگەن مىڭ قۇتا «سىيادان» ماركىلىق چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى بازارغا سېلىنىۋىدى، ماۋۇ كارمەتنى كۆرۈڭ! بىر ئايغا قالمايلا ھەممىسى سېتىلىپ بولدى. ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزىگە تونۇش خام ئەشيالاردا ئىشلەنگەن، ئۆزىگە ماس كېلىدىغان، ئۆز شارائىتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغىنىنى ئالىدىكەن. ئىزدەپ ـ سوراپ بەش دۇكان، ئون دۇكان نېرىسىغا بېرىپ سېتىۋالىدىكەن. قەشقەردىن، كۇچادىن، ئۈرۈمچىدىن توپ ئېلىپ ـ توپ تارقىتىدىغان خېرىدارلار يېتىپ كەلدى. ئەڭ ئاخىرقى ئىستېمالچى بىۋاستە ئىشلەتكۈچىنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلاڭ: «سىيادان» ياخشى ئىكەن. مانا كۆرۈڭ: نەچچە يۈز مىڭ يۈەن، نەچچە مىليون يۈەن بولمىسىمۇ ئىش پۈتتۈرگىلى بولىدىكەنغۇ؟ مەھسۇلاتىڭ ياخشى ۋە ئىشەنچلىك بولسا ئۆزۈڭگە ئىشەنسەڭ، ئىش يۈرۈشۈپ كېتىدىكەنغۇ؟ نەچچە مىليون مەبلەغ ئۈچۈن قايتا ـ قايتا دوكلات يېزىپ يۈرۈشلىرىڭ بىھۇدە. ئۈچۈش دېگەن كۆۈرۈكتىن تاقاقفا، تاقاقتىن ئۆگزىگە، ئۆگزىدىن پەغەزگە، پەغەزدىن كۆك ئاسمانغا بولىدۇ. كۆك ئاسمانغا چىقىۋېلىپ بىراقلا پەرۋاز قىلماقچى بولغانلار مولاقلاپ، پالاقلاپ يەرگە چۈشىدۇ. قۇرۇق قول ئىش باشلاپ كاتتا ئىگىلىك تىكلىگەن كارخانىچىلار، مىليونېر، مىلياردېرلارغا ئايلانغانلار كۆپچۇ بۇ دۇنيادا. مانا شۇلارنىڭ بىرسى ـ كۆز ئالدىمىزدىكى مىسال ئابدۇۋەلى.

قەشقەردىن، ئاقسۇ، كۇچادىن، قۇمۇل، تۇرپاندىن، ئۈرۈمچىدىن، قارامايدىن، غۇلجىدىن مال سېتىۋالىدىغان خېرىدارلار كېلىشكە باشلىۋىدى، ئىشلەپ چىقىرىشنى كېڭەيتكىلى بولمىدى. ئىشلەپ چىقىرىشنى كونا چېلەك، ئىپتىدائىي قازان بىلەن كېڭەيتكىلى بولمايدۇ. يېڭى، زامانىۋى ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش كېرەك. دەسلەپكى سېتىشلاردىن توپلانغان مەبلەغ بار ئىدى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلارمۇ ئەمدى ئابدۇۋەلىنىڭ كارامىتى بارلىقىغا ئىشەنگەنىدى. 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، شاڭخەيدىن چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ئىشلەپ چىقىرىدىغان زامانىۋى ئۈسكۈنە سېتىۋېلىندى. نېمىنى دەيمىز؟ ئاشۇ جەريانلارنىڭ ھەممىنى سۆزلەپ ئوقۇرمەنلەرنى زېرىكتۈرۈشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ كونا مۇنچىدا ئىشلەپ چىقىرىش ئېلىپ بېرىشلارنى، يېڭى ـ يېڭى ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىشلارنى، زاۋۇت قۇرۇش ئۈچۈن يەر تەلەپ قىلىپ

ماڭغان يوللارنى بايان قىلىشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ ۋاقىت ئىسراپ قىلىشنىڭ ئورنى يوق. غەلىبە شادلىقى، زەپەر تەنتەنىسى تۆكۈلگەن ئىسسىق قانلارنى ئۇنتۇلدۇردى. نۇرانە مەنزىل چەككەن جاپالارنى ئەستىن كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ۋىسال دەملىرىدە سېغىنىش پىراقىنى ئەسكە ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. مانا ئالدىمىزدا ئالتە مو قورۇ ـ جايغا 900 كۋادرات مېتىرلىق ئىشخانا بىنالىرى، ئىسسىتىش بىناسى ۋە ئامبارلارغا، چىرايلىق كۆكەرتىلگەن مەيدانلارغا، يېرىم مىليونلۇق زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىگە، يېرىم مىليونلۇق ئايلانما مەبلەغقە، بەش خىل تاۋار ماركا ھوقۇقىغا ئىگە «كرووران گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى» خوتەن شەھرىنىڭ شىمالىي قىسمىدا «توپچا» دېگەن مەھەللىدە 315 ـ نومۇرلۇق دۆلەت يولىنىڭ بويىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. نامرات، كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ 22 نەپەر ئوغۇل ـ قىزى ئىشلەپ يۈرۈپتۇ. شىنجاڭنىڭ ئون چوڭ شەھىرىدىكى ئون چوڭ سېتىش نۇقتىسى يۈرۈشۈپ تۇرۇپتۇ. مانا شۇ زاۋۇتنى نەۋقىران يىگىت ئابدۇۋەلى قۇرۇپ چىقتى. يېتەرلىك مەبلىغى، ئوبدانلا پايدىسى، خېلىلا ئىناۋىتى بار، كەڭ ئۈيغۇر خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن، شىنجاڭ تەۋەسىدە ئوبدانلا ئاتىقى بار زاۋۇت قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

### 4. توققۇز يەردە توققۇز مۇشكۈلات

گەپنى دېمەك ئاسان، ئۇنى بەلگىلەنگەن ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلەپ يازماقمۇ ئاسان، ئەمما ئەمەلىي ئىش قىلماق ئۇنداق ئاسان ئەمەس. بىر پۈتۈن كارخانا مېخانىزمىنى يۈرۈشتۈرمەك بولسا تېخىمۇ مۇشكۈل. بۇ ئاچارىيا شۇەنزاڭنىڭ نوم ئەكېلىش يولىدا دۇچ كەلگەن 81 مۇشكۈلاتىدىنمۇ مۇشكۈل.

*(1) چاچلارنىڭ ئۆلچىمى يوقلۇقى مۇشكۈلاتى.*

ئىنسانىيەتنىڭ چىچى چاچلىق سۈپىتى بىلەن ئوخشاشلىقتا ئىگە. بۇ خۇددى ئالللا ياراتقان ئادەملەر بىر پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ئادەمگە ئوخشىغىنىغا ئوخشاشلا ئىش. ئەمما ھەر بىر كونكرېت ئادەم بىر ـ بىرىگە چىراي ـ ھۆسنى، ئېگىز ـ پاكارلىقى، سېمىز ـ ئورۇقلۇقى، رەڭگى ـ

رۇخسارى، ئاجىز ـ كۈچلۈكلۈكى نۇقتىسىدىن ئوخشىمىغاندەك، ئادەملەرنىڭ چىچىمۇ يىرىك ـ يۇمشاقلىقى، توم ـ ئىنچىكىلىكى، ياغلىششچان ياكى قۇرغاقلىقى، كېپەكلىشىدىغان ياكى پاكىزلىقى نۇقتىسىدىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مانا مۇشۇ ئوخشىماسلىق چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىغا قارىتا ئوخشىمايدىغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. بۇ چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ئۈچۈنلا ئەمەس، يۈز يۇيۇش سوپۇنى، يۈز مېيى، چىش پاستىسى، تازىلاش سۇيۇقلۇقى ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. مەھسۇلاتنى بىر ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان قىلىپلا ئىشلىگىلى بولمايدۇ. ئۇنداق بولۇپ قالسا كۆپ ساندىكى خېرىدارلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. مانا مۇشۇ ئۆلچەمسىز ۋە ئوخشىمىغان تەلەپ ياش تەتقىقاتچى ئابدۇۋەلىنىڭ كېچە ـ كۈندۈز سوتكا ـ سوتكىلاپ تەجرىبىخانىدا ئولتۇرۇشىغا سەۋەب بولدى. خۇرۇچلارنى نەچچە يۈز خىل ئۇسۇلدا تەڭشىدى. قايتا ـ قايتا تەجرىبە قىلىشنى پەيدا قىلدى. ئۇ ئاشۇ ئوقۇۋاتقان چېغىدا، چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ دەسلەپكى ئەۋرىشكىسىنى ئىشلەپ چىقارغان چاغدا، ئۆزىنىڭ چىچىدىلا سىناق قىلغان ئەمەسمۇ. ئۆزى ياسىغان سۇيۇقلۇق بىلەن ئۆز چىچىنى يۇدۇرۇپ، ساتىراش ئۇستامنىڭ باھا ـ تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەن ئەمەسمۇ. ئەمما ئەمدى بۇ ئاقماي قالدى. بىر ئادەمنىڭ چاچ ئەھۋالىغىلا ماس كەلگەن بىلەن بولمايدىكەن. كۆپ ساندىكى ئادەمنىڭ چاچ ئەھۋالىغا ماس كېلىشى كېرەك ئىكەن. ئابدۇۋەلى خۇرۇچلارنى ئوخشاش بولمىغان نىسبەتلەردە تەڭشەپ، نەچچە ئون خىل ئەۋرىشكە مەھسۇلات تەييارلىدى. مەلۇم مەكتەپتىن 30 نەپەر ئوقۇغۇچى قىزنىڭ چاچلىرىنى يۇيۇپ، سىناق قىلىپ بېقىشقا تارقىتىپ بەردى. سىناق قىلىپ ئىشلەتكۈچىلەردىن پىكىر ئالدى. پىكىرلەرگە ئاساسەن خۇرۇچلارنىڭ نىسبىتىنى قايتا تەڭشەپ، يەنە ئەۋرىشكە چىقاردى، قايتا سىناق قىلدۇردى. تاكى 30 نەپەر سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتكۈچىنىڭ 20 ـ 25 نەپىرى ماقۇللىغۇچە قايتا ـ قايتا تەڭشىدى، قايتا ـ قايتا تەجرىبە قىلدى، قايتا ـ قايتا ئەۋرىشكە ئىشلىدى. 30 نەپەر سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتكۈچىنىڭ 80 پىرسەنتىدىن ئارتۇقراقى «چىچىمغا ماس كەلدى» دېگەن ئىنكاسنى بىلدۈرگەندە ئاندىن رەسمىي ئىشلەپ چىقىرىشقا، تۈركۈملەپ ئىشلەپ چىقىرىشقا كىرىشتى. «كىروران گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى» ئىشلەپ چىقارغان «سىيادان» ماركىلىق چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ بىرنەچچە خىل ۋە

بىرنەچچە خىل باھادا بازارغا سېلىنىشىدىكى سەۋەب مانا مۇشۇ يەردە. ھەر كىم چىپچىغا ماس كېلىدىغىنىنى تاللىسۇن. تۇنجى قېتىم «كرووران» مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغان ئىستېمالچى، ئۆز چىپچىغا ماس كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى قانداق بىلىدۇ؟ قانداق ئايرىيدۇ؟ تەجرىبە ئاستا - ئاستا جۇغلىنىدۇ. كارخانا باشقۇرۇشتا تېخىمۇ شۇنداق. ياش كارخانىچى ئابدۇۋەلى ئىستېمالچىلارنىڭ ئۆز ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى تاللىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن 2003 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ 200 گراملىق چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى قاچىلانغان رەسمىي مەھسۇلاتقا يۇمشاق سولياۋ خالتىغا قاچىلانغان ئالتە گراملىق چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى قېتىپ قويىدى. ئۇ چاچنى بىر قېتىم يۇيۇشقا ئازادە يېتىدۇ. ئەگەر ئاشۇ ئالتە گراملىقنى ئىشلەتكەندىن كېيىن ئۆز چىپچىغا ماس كەلگەنلىكىنى ھېس قىلسا، چوڭ قۇتىدىكى 200 گراملىق چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى داۋاملىق ئىشلەتسۇن. ماس كەلمىسە، قايتۇرسۇن. ئۇقتۇرۇش قىلىنغان ھەر قايسى سېتىش نۇقتىلىرى پۇلنى ياندۇرۇپ مەھسۇلاتنى قايتۇرۇۋالىدۇ.

چاچنىڭ ئۆلچەمسىزلىكى ۋە تەلەپنىڭ ئوخشىماسلىقى مۇشكۇلاتى دېگىنىمىز ئەنە شۇ. ئابدۇۋەلى خۇرۇچلارنى قايتا - قايتا تەڭشەش، قايتا - قايتا تەجرىبە قىلىش، قايتا - قايتا ئەۋرىشكە ئىشلەش، قايتا - قايتا سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىش ئارقىلىق بۇ مۇشكۇلاتنى يەڭدى.

*(2) ناتوغرا رىقابەت مۇشكۇلاتى.*

ئابدۇۋەلى گەرچە ياش بولسىمۇ، ئۇنىڭدا پەن - تېخنىكا تەتقىقاتچىسىغا خاس بىلىم ۋە ئىجتىھات بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پىششىق كارخانىچىغا خاس ئاڭ ۋە تەپەككۇرمۇ يېتەرلىك. ئۇ ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىشقا كىرىشىشتىن ئىلگىرىلا ئۆز مەھسۇلاتىنىڭ تاۋار ماركىسىنى تىزىمغا ئالدۇرغان. ماركا ئېڭى يېتەرلىك بولغاچقا بۇنىڭغا سەل قارىمىغانىدى. ئۇ ھازىرغىچە «كرووران»، «سىيادان»، «ئاق لالە»، «سۇمبۇل» ۋە «جىگدە»دىن ئىبارەت بەش خىل تاۋار ماركىسىنى تىزىمغا ئالدۇردى. بەش خىل ماركىدا 17 تۈرلۈك مەھسۇلات ئىشلەپ چىقاردى. ناتوغرا رىقابەت «سىيادان» ماركىلىق چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى ئىشلەپ چىقارغان

دەسلەپكى مەزگىللەردە يۈز بەردى. «سىيادان» چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى ئەمدىلا بازارغا سېلىۋىدى، باشقىلار ئۇنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بىلەن مەھسۇلات ئىشلەپ چىقاردى. يەنە بىر شىركەت بولسا كونا مەھسۇلات قۇتىسىنىڭ ئۈستىگە «يېڭى سىيادان» دېگەن ماركىنى چاپلىۋالدى.

ئابدۇۋەلىمۇ بوش كەلمىدى. ماركا ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن دەۋالاشتى.

ئابدۇۋەلى ئۇلارغا ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش بىلەن زەربە بېرىپ، «سىيادان» ماركىسىنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداپ قالدى.

*(3) ساختا مەھسۇلاتلار مۇشكۈلاتى.*

ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ رىقابەتلەشكۈچىسى بولىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭمۇ رىقابەتلەشكۈچىسى بولىدۇ. ئۇ شەيتان. ئاللا ئادەملەرنى ھىدايەتكە، دىيانەتكە باشلايدۇ. شەيتان بولسا گۇناھ ياكى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە ئېزىقتۇرىدۇ. ئاللاغا ئەگەشكىنى جىك ئادەم، شەيتانغا ئەگەشكىنى ساختا ئادەم. ئادەمنىڭ ساختىسى بولغان يەردە مەھسۇلاتنىڭ ساختىسى بولماي قالامدۇ؟ نوپۇس كۆپەيگەن، ئەمما ئادەم ئاز قالغان زاماندا...» دېگەندەك مەزمۇنلاردا يېزىلىدىغۇ ماقالىلەردە. ساختا ئادەم جىك ئادەمنىڭ دۈشمىنى بولغاندەك، ساختا مەھسۇلات جىك مەھسۇلاتنىڭ دۈشمىنى. ساختا ئادەم جىك ئادەمنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرگەندەك، ساختا مەھسۇلاتمۇ جىك مەھسۇلاتنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرىدۇ. «سىيادان»نىڭ ساختىسى 2000 ـ يىلى پەيدا بولدى. بۇ تېخى «كروران گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى» قۇرۇلغىنىغا بىر يىلمۇ بولمىغان، مەھسۇلاتلىرى ئەمدىلا بازارنى قاپلاۋاتقان چاغ ئىدى. قەشقەردىكى ماگىزىنلاردا قۇتىسى، ماركىسى «كروران»نىڭكىگە ئوپمۇئوخشاش، ئەمما ئىچىدىكى چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ئىنتايىن ناچار بولغان مەھسۇلات پەيدا بولدى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇنى پايدا ئېلىش ئۈچۈن ئانىسىنىمۇ سېتىۋېتىشتىن يانمايدىغان دەللال سودىگەرلەر پەيدا قىپتۇ. ئۇلار «سىيادان» ماركىلىق چاچ سۇيۇقلۇقىنىڭ ماركىسى ۋە قۇتىسىنى ئىچكىرىدىكى ساختا مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىدىغان زاۋۇتلارغا ئەۋەتىپ، شۇ ماركىدىكى ئەرزان مەھسۇلاتنى زاكاز قىپتۇ.

زەربىدارلىق بىلەن ئەكەلدۈرۈپ بازارغا ساپتۇ. ئىككى ـ ئۈچ يۈەنگە تەييار بولىدىغان ساختا «سىيادان»نى «كروران»نىڭ جىك مەھسۇلاتلىرىغا ئوخشاشلا 14 يۈەندىن سېتىپتۇ.

«كروران»نىڭ «كارخانا ئۆلچىمى»مۇ شۇنداق. ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمى سىناقتىن ئۆتكۈزگەن يەرلىك خۇرۇچلار تولۇق ۋە ئەڭ مۇۋاپىق نىسبەتتە ئىشلىتىلگەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئورۇنباسار خۇرۇچلارنى ئىشلىتىشمۇ قاتتىق چەكلەنگەن. ئابدۇۋەلى ساختا «سىيادان»نى خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ئانالىز قىلدى. مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭغا جىگدە يىلىمى، خېنە قاتارلىق خۇرۇچلار ئەسلا قېتىلمىغان، خۇرۇچ نىسبەتلىرىمۇ قالايمىقان ئىدى. ئاشۇ ساختا مەھسۇلاتنى سېتىۋالغان كىشىلەرنىڭ باھالىرىنى تىلغا ئېلىشقىمۇ نومۇس قىلاتتى كىشى. «سىيادانىنىڭ سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتتى يەي»، «سىيادانمۇ ئىككى ـ تۆت كۈندە بۇزۇلدى يەي»، «ئىچكىرىگە بۇيرۇتۇپ ياساتتۇرۇلغان ساختا مەھسۇلات ئىكەن»، «مىللىي تېبابەتنىڭ، ئەنئەنىۋى خۇرۇچلارنىڭ نامىنى سۇيىئىستىمال قىپتۇ يەي»... دېگەندەك سۆزلەر ساماندەك تولا ئىدى. بۇ تولىمۇ نومۇس قىلارلىق گەپلەر ئىدى. ئابدۇۋەلى ئەمدى «كروران»نىڭ ئىناۋىتىنى قوغداشقا ئاتلاندى. ئىستېمالچىلار جەمئىيەتلىرىنى، بازار باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى ياردەمگە چاقىردى. ساختا «سىيادان» يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈلدى، زەربە بېرىلدى. ئەمما ساختا مەھسۇلاتنى كۆيدۈرگىلى بولغان بىلەن ساختا مەھسۇلات بۇيرۇتقۇچى، ساختا مەھسۇلات ئىشلىگۈچى ساختا ئادەملەرنى تۈتۈپ بولغىلى بولمايدىكەن.

ئۇلار قىلىقلىرىنى توختاتمىدى. «كروران» مەھسۇلاتىنىڭ ساختىسى يەنە پات ـ پات پەيدا بولۇپ تۇردى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھازىرغىچە تۆت خىل ساختا «سىيادان» بازارغا كىردى. «سۇمبۇل»، «ئاق لالە»نىڭمۇ كىردى. ئابدۇۋەلى دائىم ھوشيار بولۇپ تۇرمىسا بولمايتتى. ساختا مەھسۇلاتلارنى بايقاش، پاش قىلىش، زەربە بېرىش ئۇلارنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنىڭ يەنە بىرىگە ئايلاندى. ناھايىتى ئەپسۇس، ساختا «سىيادان» قۇيرۇقىنى خادا قىلغان بىلەن، ساختا «ئاق لالە»، ساختا «سۇمبۇل» پەيدا بولماسمۇ؟ ساختا ئادەملەر توۋا قىلىپ دىيانەتلىك ئادەمگە ئايلىنارمۇ؟ مۇمكىنچىلىك بەك ئاز. قارىغاندا، بۇ مۇشكۈلات «كروران» ۋە ئابدۇۋەلىگە دائىم ۋە پات ـ پات دوقۇراپ تۇرىدىغان مۇشكۈلات ئوخشايدۇ.

بۇ يەردە ساختا مەھسۇلات نېمىشقا تەرەققىي تاپقان ئەللەردە يوق دېيەرلىك، بىزنىڭ جۇڭگودا بولسا شۇنچە كۆپ؟ دېڭىز بويى رايونلىرىدا ئاز، شىنجاڭدا كۆپ؟ دېگەن مەسىلە مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. بۇنىڭغا سەۋەب بولغان ئامىللار بەك جىق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن تۈپ ئاساستىن ئېيتقاندا پەقەت ئىككىلا. بىرى مەنىۋى ئامىل. يەنى، ئىنسانىي ئەخلاق مەسىلىسى. كېيىنكى چاغلاردا ئەنئەنىۋى ئەخلاق مەنسىتىلمىدى. لېكىن زامانىۋى ئەخلاق تۇرغۇزۇشمۇ ئىشقا ئاشمىدى. ئىدىيە ـ ئەخلاق مەسىلىسىدە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى. نەتىجىدە نە ياراتقۇچىدىن، نە ئەل ـ جامائەتتىن، نە قانۇن ـ تۈزۈمدىن تەپ تارتمايدىغان، نەپ دېسە ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ ئالدايدىغان بىر تۈركۈم ئەخلاقسىز، دىيانەتسىز، ئىنساپسىز كاززاپلار پەيدا بولدى. بۇ ساختا مەھسۇلاتلارنىڭ ئېلىمىزدە كۆپ پەيدا بولۇشىدىكى تۈپ ئامىل. شىنجاڭ رايونىدا دېڭىز بويىدىكى رايونلارغا قارىغاندا كۆپ سېتىلىشىدىكى سەۋەب، ماددىي ئامىلغا يەنى ئىقتىسادىي ئامىلغا چېتىلىدۇ. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن. ساختا مەھسۇلاتقا قارىغاندا جىك مەھسۇلاتنىڭ باھاسى يۇقىرى بولغانلىقتىن ئىستېمالچى 14 يۈەنلىك مەھسۇلاتنى ئەمەس، سەككىز يۈەنلىكنى سېتىۋالىدۇ. مانا بۇ شىنجاڭ رايونىدا ساختا مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپرەك بازار تېپىشىدىكى تۈپ سەۋەب. ئۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەرنىڭ ساختا مەھسۇلاتنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى، جىك مەھسۇلات بىلەن ساختا مەھسۇلاتنىڭ ئۆلۈمگە بولغان تونۇشى، دەللال سودىگەرلەرنىڭ ئىنسابى قاتارلىق ئامىللار بار. كېيىنكى بۇ ئامىللارغا قارىتا ئۈمىدۋار پوزىتسىيىدە بولۇشقا، ئىستېمالچىلارنىڭ راست ـ يالغاننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئۆسكەندە ساختا مەھسۇلاتلارنى قوغلىرۇقنى قىسىپ، چىققان يېرىگە كېتىدۇ، دەپ قاراشقا بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ مىللىي كارخانىچىلارنى يەنە ئۇزۇن مەزگىل قىينايدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ساختا مەھسۇلاتلارنىڭ ھۇجۇمى ئۇلارنى زىيان تارتىشقا ھەتتا ۋەيران بولۇشقا ئېلىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن. بۇ دائىم ھوشيار بولۇشقا تېگىشلىك مەسىلە.

*(4) «ئۆيىدىكى تويپاق ئۆي بولماس» مۇشكۇلاتى*

گىرىم بۇيۇملىرى سانائىتى دۇنيادا ئىنتايىن زور تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئارقىسىغا تاشلىغان ساھە بولۇپ، يۇقىرى تېخنىكا، زور مەبلەغ، زور كۆلەملەرگە ئىگە بولغان، مەھسۇلاتلىرى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىغان كارخانىلار ۋە شۇ كارخانىلارنىڭ تېخنىكا كىرگۈزۈشى بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىغا مەھسۇلاتلىرىنى يەتكۈچە تۆكمە قىلىپ سېتىۋاتقان جەنۇبىي دېڭىز رايونلىرى كارخانىلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مۇشۇ خىل شارائىتتا بازاردا كرروران مەھسۇلاتلىرىنىڭ بۆسۈپ كىرىپ ئۆز ئورنىنى تىكلىشى ئاسانغا توختىمىدى. شىنجاڭنىڭ قۇرغاق، سوغۇق شامال ـ بورانلىق تەبىئىي شارائىتىغا، ئاھالىلەرنىڭ جىسمانىي ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىشتەك بۇ ئەۋزەللىكنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئابدۇۋەلىنىڭ بىردىنبىر كوزىرى. لېكىن ئارقىمىزدا ئەتراپىمىزدىكى كىشلەرنىڭ كارخانىلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا، نەتىجىسىگە ئىشەنمەيدىغان، سىرتقا قارىغۇلارچە چوقۇنىدىغان خاھىشى ئېغىر. مۇشۇ خىل كۆز قاراشلارنىڭ ئىستېمالچىلاردا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇشى ئالدىدا ئابدۇۋەلى باش ئېگىپ قالمىدى.

«كرروران» ۋە ئابدۇۋەلى پىسخىكىمىزدىكى ئاشۇنداق «ئۆيدىكى توپاق ئۆي بولماس»لىق، ئۆز مەھسۇلاتلىرىمىزنى تۆۋەن كۆرۈش قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مەھسۇلات تەشۋىقاتىنى ئىزچىل ياخشى ئىشلىدى. مەھسۇلاتنى ئوراپ قاچىلاش سەۋىيىسىنى ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزدى. نەچچە مىڭ پارچە، نەچچە ئون مىڭ پارچە رەسىملىك مەھسۇلات چۈشەندۈرۈش ئېلان ۋەرەقلىرىنى ئىشلىتىپ تارقاتتى. ھەر يىلى يۈز مىڭ يۈەن خەجلەپ ئېلان فىلىملىرىنى ئىشلەتتى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ تارقىتىش ھەققى ئۈچۈن ھەر يىلى ئۈچ يۈز مىڭ يۈەندىن ھەق تۆلىدى. ئۆز مەھسۇلاتلىرىمىزنى ھەممە كىشىگە بىلدۈرۈشكە تىرىشتى. بۇلارنىڭ ئۈنۈمى ھەر ھالدا ياخشى بولدى. ئارىمىزدىكى چەت ئەلنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا چوقۇنىدىغانلار پەيدا قىلغان بۇ مۇشكۈلاتنى يەڭگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى شۇكى، «كرروران» داۋاملىق زەپەر مەنزىلىگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. كۈنسايىن روناق تاپماقتا.

*(5) ئورۇن سېتىۋېلىش مۇشكۈلاتى.*

ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئابدۇۋەلى «كرووران گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى»نى قۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئىككى ئىشقا يېتىشەلمەي قالدى. ئوقۇتقۇچىلىق دېگەن تولىمۇ ئالدىراش ۋە جاپالىق ئىش. زاۋۇت باشقۇرۇشمۇ شۇنداق. بىر ئادەم بىر ياقتىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، يەنە بىر ياقتىن زاۋۇت باشقۇرۇشقا، تېخنىك بولۇشقا، مال ساتقۇچى بولۇشقا قانداقمۇ يېتىشەلىسۇن؟ ئۇ مەكتەپتىن رۇخسەت سورىدى. مەكتەپمۇ رۇخسەت بەردى. بۇ ئوبدان بولغانىدى. ئەمما ئىككىنچى يىلى مەكتەپ تەرەپ ئابدۇۋەلىنىڭ ئىشقا چۈشۈشىنى ئۈقتۇردى. بۇ «كرووران» راسا روناق تېپىۋاتقان چاغ ئىدى. ئابدۇۋەلى ئىشقا چۈشسە زاۋۇت توختاپ قالاتتى. ئابدۇۋەلى شتاتنى ساقلاپ بېرىش ۋاقتىنى ئۇزارتىشنى ئىلتىماس قىلىۋىدى، مەكتەپ قوشۇلمىدى. ھەتتا ئابدۇۋەلى شتات ساقلاپ بېرىش ھەققىنى كۆپەيتىپ تاپشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرسىمۇ ئۇنىمىدى. مەكتەپ بىلەن بىرلىشىپ زاۋۇت بىناسى سېلىشنى، بىرلىكتە باشقۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىۋىدى، بۇمۇ رەت قىلىندى. ئابدۇۋەلى يا زاۋۇتتا تۇرۇشى، يا شتاتنى تاللىشى كېرەك ئىدى. ئوتتۇرىدىكى يول رەت قىلىندى. ئابدۇۋەلى ئاران ئېرىشكەن تۆمۈر تاۋاقتىن شتاتتىن ۋاز كەچتى. شتاتسىزلىق ئېلىمىزدە تالاي نەرسىلەردىن ھەتتا ئىستىقبالىدىن مەھرۇم بولۇش مەنىسىگە ئىگە. ئەمما ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى دەۋردە ئۇنچىۋالا بولۇپمۇ كەتمەيدىكەن. يېڭى دەۋردە ئىستىقبال دېگەنمۇ يېڭى مەزمۇنغا ئىگە بوپتۇ. ئابدۇۋەلى شتاتتىن ئايرىلىپ قالغان بىلەن زاۋۇتقا ئىگە بولدى. خوجايىنغا ئايلاندى. بۇرۇنقى زاماندىكى مىللىي بۇرژۇئازىيىگە تەڭداش مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولدى. بۇنى قانداقمۇ تالاي نەرسىلەردىن مەھرۇم بولۇش دېگىلى بولسۇن؟مەركەز خۇسۇسىي ئىگىلىكنى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ مۇھىم تولۇقلىمىسى دەپ ئېتىراپ قىلغان، ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەھۋالدىمۇ، بەزى كاللىسى 60 ـ يىللارنىڭ ئەندىزىسى بىلەن توشۇپ كەتكەن كىشىلەر خۇسۇسىي ئىگىلىككە، خۇسۇسىي كارخانىلارغا بولغان يەكلەش خاھىشىنى ئۆزگەرتكىنى يوق. مانا بۇ خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ يولىدا دائىم قىزىل چىراغ يېنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. «كرووران» بۇ خىل «تەتۈر قىيناش»نىڭ دەردىنى ئاز تارتقىنى يوق. كارخانا قۇرۇش ئۈچۈن يەر سېتىۋالىدىغان چاغدا تارتتى. 30 مىڭ يۈەنگە، 40 مىڭ يۈەنگە ئالغىلى بولىدىغان بىر مو يەرنى 50 مىڭ يۈەندىن ئېلىشقا مەجبۇر

بولدى. بىر يىلدىن ئارتۇق يول ماڭدى. تالاي دەرۋازا، تالاي ئىشىكلەرگە دوقۇرىدى. ھېلىمۇ تەلەيگە «توپچا» مەھەللە كومىتېتى قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانىكەن. شەھەر باشلىقى يەر سېتىپ قەرز تۆلەشكە بۇيرۇپتۇ. بولمىسا ئۈچ مو يەرنى قانداق ئالاتتى؟ قانچىلىك يول ماڭاتتى؟ باشقا 3000 مو يەرنى ۋالىي تەستىقلىغان ھالەتتىمۇ، ئىش بېجىرگۈچىلەر نېمىشقا ئارقىغا تارتىدۇ؟ «ئەتە... ئەتە...»، «مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى» دېيىشلەر « تەتۈر قىيناش» ئەمەسمۇ؟ «كروران» ۋە ئابدۇۋەلى ئاشۇ «تەتۈر قىيناش»لار نەتىجىسىدە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئالىدىغان چاغدا قىينالدى. مەركەزنىڭ نامرات رايونلاردىكى كارخانىلاردىن باج ۋە سېپەت ھەققىنى كېمەيتىپ ئېلىش سىياستى بار تۇرۇقلۇق يەنە ئاشۇرۇپ تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. ئۆلچەم باشقۇرۇش تارماقلىرىغىمۇ تۆلىمىسىمۇ بولىدىغان ھەقلەرنى تۆلىدى. سەھىيە تەكشۈرۈشلەرنى، ئامانلىق ساقلاش ھەقلىرىنى يەنە تالاي ئورگانلارنىڭ قەدەم تەشرىپلىرىنى ئاۋارىگەرچىلىك كەلتۈرمىدى دەپ ھېچكىم ئېيتالمايدۇ ...

يەنە نېمىسىنى دەيمىز؟ «تەتۈر قىيناش»لارغا دۇچار بولىدىغىنى «كروران» ۋە ئابدۇۋەلىلا ئەمەسقۇ. خۇسۇسىي كارخانىلار ساھەسىلا ئەمەسقۇ. ھەممە يەردە «تەتۈر قىيناش»لار بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ كىشىلەر چىداپ كېلىۋاتىدۇ. «كروران» بىلەن ئابدۇۋەلىمۇ چىدىسۇن! سۈرۈشتۈرسەك، «كروران»لىكلەر بىر قېتىممۇ پارا بېرىپ باقماپتۇ. ھېچ يەردە ھېچكىمگە پارا بەرمەپتۇ. پارا بەرمەي تۇرۇپ شۇنچىۋالا رەسمىيەتلەرنى، يەرلەرنى، ئىشلارنى ھەل قىپتۇ. بۇ ئوڭاي ئەمەس. قارىغاندا، «تەتۈر قىيناش»لار توغرىسىدا بەكلا ۋايساپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوقتەك قىلىدۇ. پارا بەرمەي تۇرۇپ سۈنئۇۋۇكۇڭ باشلىغان ئاچارىيا شۆەنزاڭنىڭ نوم ئەكېلىش ئەترىتى مۈشكۈلاتلارنى يېڭىپ ساكلار يۇرتىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندەك ئالغا باسقانىكەن. ئۇلار دۇچ كەلگەن مۈشكۈلاتلارنىڭمۇ كارى چاغلىقتەك قىلىدۇ...

*(6) ھەسەتخورلۇق مۈشكۈلاتى.*
*(7) تەشۋىقات ۋە ئېلان مۈشكۈلاتى.*
*(8) داۋاملىق تەرەققىي قىلىش ۋە يېڭى مەھسۇلاتلار ئۆتكىلى مۈشكۈلاتى.*

*(9) سېتىش يوللىرى ۋە شىنجاڭ رايونىدىن ھالقىپ چىقىش مۇشكۇلاتى.*
*(10) تەننەرخ ۋە باھا رىقابىتى مۇشكۇلاتى.*
*(11) ئىختىساسلىقلارغا ئېرىشىش ۋە مەلىكىلىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەش مۇشكۇلاتى.*
*......(12)*

ئەگەر بىز راستتىنلا «كروران» ۋە ئابدۇۋەلى دۇچ كەلگەن مۇشكۇلاتلارنى بىرنى قالدۇرماي ساناشقا چۈشىدىغان بولساق، خۇددى سۇنۇۋۇكۇڭ ۋە شۇەنزاڭ دۇچ كەلگەندەك توققۇز يەردە توققۇز سەكسەن بىر مۇشكۇلاتنى بىرمۇ بىر كۆرسىتىپ بېرەلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما بۇنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ ناھايىتى، مەسىلە پەقەت بىر. خۇلاسە، يەكۈنمۇ بىر. «كروران» قايتماس كارۋاندەك مەنزىلگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. زاۋۇت تۆت ياشقا توشۇپ قىرانلىق مەزگىلگە قەدەم قويدى. ئۇنىڭ كېيىنكى يولى ئۇزۇن ۋە پارلاق. تىلىكىمىز شۇكى، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن دۇچ كېلىدىغان مۇشكۇلاتلار ئازراق بولغاي! مۇشكۇلاتلار توپلىشىپ «كروران»نىڭ كۆز يېشىنى ئۇلغايتىۋەتمىگەي!

5. «كروران»غا كۆز تەگمىسۇن

بۇ باب خۇلاسە. ئالىي مەكتەپنى ئەمدىلا پۈتتۈرگەن، يېشى 03غا يەتمىگەن بىر ئوغلان 4000 يۈەن بىلەن ئىش باشلاپ تۆت يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە «كروران گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى»دىن ئىبارەت مۇكەممەل ھۈنەر سىستېمىسى، ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى، سېتىش سىستېمىسىغا ئىگە كارخانىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ ئەلۋەتتە ئاپىرىن، ھەشقاللا ئېيتىشقا تېگىشلىك ئىش. «كروران»نىڭ كۈندىلىك، ئايلىق، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى قانچە؟ تۆت يىلدا قانچىلىك پۇل تاپتى؟ يېڭى مەھسۇلاتلار پىلانى قانداق؟ بۇ مەسىلىلەر مەخپىيەتلىك بولۇشى مۇمكىن. رىقابەت دەۋرىدە ھەر بىر كارخانا ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئوبدان ساقلىمىسا، ئۇنى ئوغرىلاپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان تەييارغا ھەييارلار قەدەمدە بىر تېپىلىپ تۇرىدۇ. باشقا ئاۋارىگەرچىلىكلەرمۇ يۈز بېرىدۇ. شۇڭا مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كېرەك. ئەمما بىز ئۇلارنىڭ مۇشۇ بىر يىلدىلا مەلۇم بىر باش سېتىش ئۇقتىسىدىكى ۋاكالەتچىنى 97 مىڭ يۈەنلىك ئېسىل پىكاپ بىلەن مۇكاپاتلىغانلىقى، ھەر

يىلى ئېلان ـ تەشۋىقات ئۈچۈنلا يېرىم مىليوندەك پۇل سەرپ قىلىدىغانلىقى، ئىشچىلىرىنىڭ ئىش ھەققىنىڭ خېلىلا يۇقىرىلىقى (بەش يۈز يۈەندىن ئارتۇق ئىكەن)، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ تامامەن ئاپتوماتلاشقانلىقى، ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئېسىللىقى، ئىشخانىلىرىنىڭ ئالىي دەرىجىدە بېزەلگەنلىكى، تۆت يىلدا دۆلەتكە 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق باج تۆلىگەنلىكى .... قاتارلىقلارغا قاراپلا، ئۇلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى ۋە تاپقان پايدىسىنىمۇ مۆلچەرلىيەلەيمىز.

4000 يۈەن بىلەن ئىش باشلاپ بىر يېرىم مىليونلۇق مۈقىم مۈلۈككە، يېرىم مىليونلۇق ئايلانما مەبلەغكە ئىگە بولۇش ئاز ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى بىلەن ئىشقا ئاشىدىغان ئىش ئەمەس. «كروران» باھا قوغلاشمىغان، مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىدىن كۆپ ئارتۇق قىلمىغان ئەھۋالدا خېلى ئوبدان ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقانىكەن، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى خېلىلا كۆپ بولغان بولىدۇ. بىز «كروران»نى پالانى نامراتقا ئۇنداق ياردەم قىلدى، پوكۇنى مەكتەپكە ئۇنداق ئىئانە قىلدى دېگەن داۋراڭلىرىمىز بىلەن ئابدۇۋەلىنىڭ ساخاۋەت يولىدا تاپقان ساۋابىنى يوققا چىقىرىشنى خالىمايمىز. ئەمما «ساخاۋەت قانچە مەخپىي بولسا شۇنچە ياخشى. ئەگەر ھەممە يەردە سۆزلىنىپ يۈرسە، ئۇ مىننەتكە ئايلىنىدۇكى، ساۋابى يوقىلىپلا قالماستىن ئەكسىچە گۇناھقا سەۋەب بولىدۇ». بۇ ئانىسىنىڭ ئابدۇۋەلىگە قىلغان نەسىھىتى. ئابدۇۋەلى مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىغا قوشۇلىدىغان بىر خىل خۇرۇچنىڭ بازاردا ھەر كىلوگرامى ئىككى مىڭ يۈەنلىكلىرىمۇ، بىر يۈز يىگىرمە يۈەنلىكلىرىمۇ بار ئىكەن. روشەنكى، ئادەمگە قىممىتى جىڭ، ئەرزىنى ساختا مال تەسىراتى بېرىدۇ. ئابدۇۋەلى ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىناۋىتى نۇقتىسىدىن قىممەترەك بولسىمۇ جىڭ مال تەسىراتى بېرىدىغان خۇرۇچنى ئىشلىتىش تەرەپدارى ئىكەن. ئاكىلىرى بولسا ئىنساپ ۋە دىيانەت نۇقتىسىدىن چوقۇم جىڭ خۇرۇچنى ئىشلىتىشنى تاپىلاپ تۇرىدىكەن. ئورۇنباسار خۇرۇچلارنى ئەمەس، چوقۇم ئەسلى خۇرۇچنى ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىدىكەن... يۇقىرىقىلاردىن بىز ئابدۇۋەلىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قەلبىدىكى پاكىزلىقنىلا ئەمەس، بەلكى «كروران» مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىزچىل ئىناۋەت ساقلاپ

كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتقا سەۋەب بولغان روھىي ئىچكى ئامىللارنىمۇ كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

باشتىكى گېپىمىزگە كەلسەك، قەلبىدە پاكىزلىق ھۆكۈم سۈرگەن ئائىلە ساخاۋەتنى دائىم ئۆزىگە ھەمراھ قىلىدۇ. بۇ ھەممە يەردە سۆزلەپ، داۋراڭ سېلىپ يۈرۈش بىلەن مۇناسىۋەتسىز. يۇقىرىدا «كروران» ۋە ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى ئابدۇۋەلىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. ئەسلى مەقسەتمۇ ئۆز كارخانىلىرىمىز ۋە ئۆز كارخانىچىلىرىمىزنى تونۇشتۇرۇش. كۆپچىلىككە بىلدۈرۈش ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش. ۋاھالەنكى، سۆز تاللاشتا چولتىلىقىمىز سەۋەبلىك ئوقۇرمەنلەردە ماختىغاندەك، كۆپتۈرگەندەك تەسرات قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا ئوقۇرمەنلەر كەچۈرگەي ۋە ماختاش ئىبارىلىرىنى ئۆتۈپ كېتىپ، «كروران»غا بولغان تونۇشىنلا ساقلاپ قالغاي.

«ئاينىڭمۇ دېغى بار». «كروران» تېخى مۇكەممەللىشىپ، تاكامۇللىشىپ قىرانغا يېتىپ بولغىنى يوق. بىز زىيارىتىمىز جەريانىدا ئابدۇۋەلىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدۇقكى، «كروران» زامانىۋى كارخانىلارنىڭ قاتتىق شەرت (زاۋۇت كۆلىمى، ئۈسكۈنىلەر ئەلالىقى، تېخنىكا، ھۈنەر - سەنئەت قاتارلىق ئوبيېكتىپ شەرت)لىرىدە بىرقەدەر مۇكەممەللىككە ئىگە بولغان بولساقمۇ، لېكىن يۇمشاق شەرت (خادىملار تەربىيىلىنىشى، باشقۇرۇش ئۇسۇلى، تېخنىكا يېڭىلاش ئىزچىللىقى قاتارلىق سۇبيېكتىپ شەرت)لىرىدە خېلىلا كەينىدە ئىكەن. 22 نەپەر ئىشچى ئىچىدە مۇنتىزىم تەربىيىلەنگەن ئىشچىدىن بىرسىمۇ يوق ئىكەن. ئۇلار پەقەت تۆت يىللىق ئەمەلىيەت جەريانىدا ئاستا - ئاستا مەشغۇلات تەرتىپلىرىنى ئىگىلەپ كەپتۇ. زاۋۇت باشلىقىمۇ، باش تېخنىكىمۇ، لابىرانتىمۇ، خام ئەشيا سېتىۋالغۇچىمۇ، تەييار مەھسۇلاتنى سېتىش ئۇقتىسىغا ماڭدۇرغۇچىمۇ ئابدۇۋەلى ئىكەن. بازار ئەھۋالىنى تەكشۈرگۈچىمۇ، ئىستېمالچىلارنىڭ ئىنكاسىنى خۇلاسىلىگۈچىمۇ ئابدۇۋەلى ئىكەن...

بىز پاراڭلىشىپ، ئابدۇۋەلى كاماندىرويكىغا چىقىپ كەتسە، يېڭى تېخنىكا، ھۈنەر ئۆگەنگىلى كۇرسلارغا بارماقچى بولسا ۋە ياكى تاسادىپىي ئاغرىپ يېتىپ قالسا، زاۋۇت ئىشلىرى نېمە بولىدۇ؟ بىز زاۋۇتتا بىرمۇ كومپيۇتېر كۆرمىدۇق. ئابدۇۋەلىنىڭ ھەدىسى كاسسىر ئىكەن. ئاكىلىرى

ياردەملىشىۋېتىپتۇ. بۇ ئەھۋال ئادەمدە ناتۇرال ئائىلە ئىگىلىكى تەسىراتى پەيدا قىلماي قالارمۇ؟... بۇلارنى ئابدۇۋەلىمۇ ھېس قىپتۇ. زاۋۇت باشلىقى، سېتىش خادىمى، بازار ئەھۋالىنى تەكشۈرگۈچى، كومپيۇتېردا ماركا، ئېلان لايىھىلىگۈچى ... دېگەندەك ئىختىساسلىق خادىملارنى ئىزدەپ يۈرۈپتۇ. مەقسىتى: تەجرىبىلىك، پىشقان خادىملارنى قوبۇل قىلىش ئىكەن. بىلىش كېرەككى، ئابدۇۋەلىگە تەجرىبىلىك، پىشقان خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان مەكتەپ يوق. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن شۇنچە كۆپ ئوقۇغۇچى ئىش كۆتۈپ تۇرۇۋېتۇغۇ؟ ئاشۇلاردىن قوبۇل قىلىش، ئاستا ـ ئاستا يېتىشتۈرۈش، پىشۇرۇش، تەجرىبىگە ئىگە قىلىش كېرەك. كۆرگەن كىتاب، ماتېرىياللىرىمىزدىن قارىغاندا، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ، داڭلىق كارخانىلارنىڭ تۇتقان يولىمۇ شۇ. سەن ئۆزۈڭ يېتىشتۈرمىسەڭ، ئىختىساسلىق خادىمنى باشقىلار يېتىشتۈرۈپ بەرمەيدۇ ...

قايسىدۇر بىر ماتېرىيالدىن 20 ياشتا ساغلام بولالمىساڭ، 30 ياشتا دۇنيا قاراش تۇرغۇزالمىساڭ، 40 ياشتا باي بولالمىساڭ، 50 ياشتا ئەقىل تاپالمىساڭ، 60 ياشتا ئارىق (ئويغاق)لىق ماقامىغا يېتەلمىسەڭ دۇنيادىن قۇرۇق قول يانغان بولىسەن، دېگەن گەپلەرنى ئوقۇغانلىقىم يادىمدا. قارىغاندا، ئابدۇۋەلى 30 ياشقا بارماي تۇرۇپلا ئالدىنقى ئۈچ نۇسرەتكە ئېرىشكەندەك قىلىدۇ. كېيىنكى ئىككى نۇسرەتمۇ ئۇنىڭغا نېسىپ بولغاي، «كروران» ۋە ئابدۇۋەلىگە كۆز تەگمىسۇن!

# ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئۇيغۇر روھىيىتى تەتقىقاتى»

## ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

ئىنسانىنىڭ ھاياتىنىيرگىننىشلىك ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشنىڭ يولى تولا، ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەشەددىيسى ـئىنسانىنپەقەت ئۆزىنىلا ئويلاش، ئۆز شەخسىيىتىگە چوقۇنۇش، ئۆزىدە مەنىۋىيەتىنىڭ ھەر قانداق دولقۇنىنىبەرپا قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ سىرلىق ھاياتىنى قورساقىنىڭ غېمىدە يۈرۈش ھەمدە ۋاقىتنى بىكارغائۆتكۈزۈش دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇش. شۇنداقلا بۇنىڭغا مەجبورى كۆندۈرۈشتىن ئىبارەت.

--م. ئى. سالتىكوۋ ـ شېدرىن



ئىنسانىيەت مەنىۋى كامالىتىنىڭ تويۇنۇشى ئالدى بىلەن، ئۆز روھىيەت قۇرۇلمىسىنىڭىپگىلىنىشى، ئۆزىدىكى يۇشۇرۇن ئىقتىدارلارنىڭ ئاشكارلىنىپ مەنىۋىيتى ئۇچۇن خىزمەت قىلشىنىتەلەپ قىلىدۇ، ئىنسانىنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ قانداق بولۇشى، تەقدىرىنىڭ قانداقبولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ھەر قانداق مىللەت ئۆز خەلقىنىڭ روھىيىتىنىساپلاشتۇرۇش، گۈزەل ئارزۇ ـئىستەكلەرگە تولدۇرۇش، ئالغا

ئىنتىلىش روھىنى ئۇرغۇتۇش، رىقابەتئېڭىنى كۈچەيتىش، تەرەققىياتقا يۈزلەندۈرۈشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئابدۇشۇكۇرمۇھەممەتئىمىن ئۈيغۇرلارنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىغا دائىر تەتقىقاتىنى ئەڭ بۇرۇن باشلىغانۋە يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇپ ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتەكى ئەمگىكى خېلىيۇقىرى سالماقنى ئېگىلەيدۇ. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭروھىيىتىدىكى نۇقسانلارنى بايقاش ۋە ئېچىپتاشلاش جەھەتتە كۆپلىگەن ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ "مىللى مەدەنىيەتراۋاجلىنىشىدىكى بىر مۇھىم قانۇنىيەت "، "ھەسەتخورلىقنىڭ ئۇن چوڭ كاساپىتى"، "ئەنئەنىۋى ئاڭ ۋەزامانىۋى ئاڭ"، "تارىخ ھەققىدە ئويلۇنۇش - مىللەتلەرتەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى"، " ياشلار ۋە ئېتقىدار قىممىتى"، "ئوخشمايدىغان ئىككىخىلمىللىئويغۇنۇش"، "ھەشەمەتخورلۇقۋە قۇرۇق شۆھرەت"، "مىللى مائارىپ ۋە نەزەرىيىۋتەپەككۇر" ، "كىلاستىكمەدەنىيەت ۋەنەزەرىيىۋى تەپەككۇر" ، "ياتلاشقان ئىنسسانۋە ياتلاشقان ئەقلىپاراسەت " ، "ھەسەتخۇرلۇقھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار"، "مىللەتنىڭ بىرلىك ھەمدەملىكى ۋەيۈرتۈۋازلىق يەملىكى" ، " روھنى ساغلاملاشتۇرۇش مىللەتنىگۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى" ، "ھازىرقى جاھان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكىپاجىئەلىكزىدىيەت"، " مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئۆزىنى بىلىشى ۋەسوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۈچ بۇرجىكى"، " كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ "، "تىل قۇدرىتى تىلپەزىلىيىتى بىلەن" ، "يېپەك يولىدىكى يېڭى سەھىپە ۋەتۆگە قوش روھى"، "ئەنئەنىۋى ئاڭ گۇگۇمدىكى ئۇيقۇ ، زامانىۋئاڭ سەھەردىكى ئويغۇنۇش"، "روھىيەت ۋەمەدەنىيەت ..... " قاتارلىق ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، بۇ جەھەتتىكبوشلۇققا ئۇل سالدى.

ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ روھسىيەت قۇرۇلمىسى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرى ھەققىدە توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ" .مەن ئۇيغۇرمەن، ئۆز خەلقىمنى سۆيىمەن، ئۇنىڭ ماكان سەتھىدە تۇرغان قىياپىتىنى كۇرۇش ئۇچۇن، قەدىم زاماندىن ھازىرغىچە ، ھەتتا كەلگۇسى يىللارغىچە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلدىم . مۇھاكىلىملەر يۇرگۇزدۇم. مەن بۇنى باشقىلارنىڭ بايقىۋىلىشى ئۇچۇن ئەمەس ، بەلكى >ئاششقىنىڭ تەڭرى بىلەن قوشۇلۇشى < دەك ، سۆز سۇبىكتىمنى خەلقىمنىڭ ماكان، زامان قاپلاپ تۇرغان ھەقىقى قىياپىتى ئارقىلىق ئۇبىكتىلاشتۇرۇش ئۇچۇن ئىزدەندىم. دەرىد ۋە

ھالاۋەتلىرىم ئەنە شۇ ئۆزلۈك ئاڭ بۇلىقىدىن فونتان بۇلۇپ چىققان ! بۇ ماڭا پوئېزىيە ھۇزۇرى، ھەيكەلتاراشلىق زوقى ۋە مۇزىكا لەززىتى بولدى . ئەلۋەتتە، خەلقىمىنىڭ ئالىيجاناپ خىسلەت ۋە مۇۋەپپىقىيەت ھېكمەتلىرىدىن سۆيىنىمەن . خۇددى ئاق دىل سەبىيلەردەك ئاسمانغا تەلپىكىمنى ئېتىپ سەكرىگۈم ۋاقىرىغۇم كېلىدۇ. نىمە چارە، خەلقىم ئۆزىنى چىرمىۋالغان ئىللەتلەردىن خالىي ئەمەس. ئۇ خۇددى ئافىنا ئىبادەتخانىسى ئالدىدا بەھەيۋەت يىلان ئوراپ ئالغان مۇيسىپىتراكۇكۇنغا ۋە ياكى ئاياغ تەرىپى تاش بىلىققا ئايلانغان قىزغا ئوخشاش، ئۆز ئىللەتلىرى تەرىپىدىن ماتالغان . بەلكى ناتوغرىدۇر، مېنىڭچە يېپەك يولى خاراپلاشقانلىق بېكىنمە ئىگىلىك ، گادايلىق ۋە نادانلىق تۈپەيلى ھاسىل بولغان مەنىۋى ئىللەت خەلقىمىزدىكىبۇتكۇل ئاجىزلىق، ئۈگۈشسىزلىق، كېلىشمەسلىكنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت.

قېلىن تارىخى چۆكمە ھاسىل قىلغان مىنىڭ ، سېنىڭ ، ئۇنىڭ ھەتتا ئاتا ـ ئانام ، يىتەكچىم، قەلەمكەش ئۇستازىم، ساھىبجامال دىلبىرىمنىڭ روھىيىتىدىن، ئۇلارنىڭ ئوماق پەرزەنتىنىڭ روھىيىتىگە >مايلىق قۇرۇت <تەك ئۆملەپ تۇرغان بۇئىللەتنى كورمەسلىك، ماھىيەتتە ئۆز خەلقىگە قىلىنغان ۋاپاسىزلىق ئەمەسمۇ؟... مەن تارىخچىلىرىمىزنىڭ ئۆلگەن جەسەتلەردىن كورە تىرىك مىللەتكە كوپرەك كوڭۇل بۆلىشىنى، مائارىپچىلىرىمىزنىڭ كىتاپ ۋە خىمىك ئانالىزلىرىدىن كورە رىئال تۇرمۇشقا قىزغىن خەيرىخاھلىق قىلىشىنى، يازغۇچى شائىر، ئەنزارچىلىرىمىزنىڭ كۇندىلىك ۋەقەلىلىرى چاتمىسىغا يۇشۇرۇنغان ئەسىر ـ ئەسىرلىك چىنىلىق قاتلىمىغا چوكىشىنى، ئۇلارنىڭ سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن پاراخۇتلار بۇلىشىدىن كورە، سۇ ئاستى كېمىلىرىدەك زىمىن باغلىرى ئۈستىدە مۇتەپەككۇرانە پىكىر يۈرگۈزىشىنى ، بىيىۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ قولىغا كىرگۈزگىنى پاخال، قولدىن بېرىپ قويغىنى جەۋھىرات بولۇپ قالماسلىقىنى پايدا زىيان مىزانى قىلىشلىرىنى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ئاشلىق، دان، پولات، نېفت ھەققىدە ئېيتىشقانلىق پىكىر يۈرگۈزۈشى بىلەن بىللە، مىللەتنىڭ ئۇرۇقى، سۆڭەك قوۋرىغىسى، قەلبى ۋە قېنى ئۈستىدە تەخىرسىز تەپەككۇر قىلىشىنى، ئىللەت پاتقىقىغاچۆشۈپ قالغان ياش نوتا گۇل گىياھلارنىڭ ئۆز ئۆزىنى تونۇپ، مىللەت كىلەچىكىنى نەزەردەتۇتۇپ، ئۆزىنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرىشىنى ئۈمۈد قىلىمەن. ”

يىپەك يولى خاراپلىشىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۆزلىرىنىڭ

كوپلىگەن مەدەنىيەت ئىختىرالىرى ئارقىلىق پۈتكۈل دۇنيا ئەھلىنىڭ دىققىتىنى تارتقان قەدىمى مەدەنىيەتلىك خەلق ـ ئۇيغۇرلار تارىختا ئۇزۇن سەلتەنەت سۈرۈپ، باشقائەل خەلقلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان «ئۆزگىچە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» نى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنىدى، ئەپسۇس، "بىز ئەجداتلىرىمىزنىڭ جەسۇرلىقىنى ئارىسلان، پەرۋازىنىلاچىن قىلىپ، شۆھرىتىنى ئىپاردەك تاراتقان ۋە ئەزىز دىيارىمىز باغرىدا خۇددى ئۇنچە مارجانلىق دەريادەك نەچچە مىڭ يىل ئاققان قەدىمكى يىپەك يولىنى قۇم بارخانلىرى تەكتىگە كۆمۈپ قويۇپ، نىمىدىن ئايرىلىپ نىمىگە دۇچ كەلگەنلىكلىرىمىزنى ئاڭقىرالماي، مانابەش ئەسىرنى ئۆتكۈزىۋەتتۇق " مۇشۇنداق تېڭىرقاش ئەسلىدىن ياتلىشىش، ۋارىسلىق قىلىشقا تازا ئەھمىيەت بەرمەسلىكىمىز سەۋەپلىك، بىشىمىزغا نۇرغۇنكۈلپەتلەر كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بىز بۇ ھەقتە ئىنچىكىلىك، ئەتراپلىق ئويلانماي، روھىيىتىمىز ياتلىششىشقا قاراپ يۈزلەندۇق، روھىيىتىمىزدىكى ناچار ئىللەتلەر كۈندىن كۈنگە كوپىيىشكە يۈزلەندى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىتا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئىلللەتلىرىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە يىغىنچاقلىدى:
("يىپەك يولدىكى توققۇز ھېكمەت" كىتاۋىدىكى " ياغاچئاياغ قاداپ گەۋدە كورسۈتۈش"، "ھايۋانى ھەۋەسخورلۇق "، " ھېلىگەرلىك " دىگەنىيەرگىچە قارالسۇن).

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيەتقۇرۇلمىسىغا دائىر تەتقىقاتى يوقىرىقىدەك كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانبولۇپ، تۆۋەندە بىز تىپىك قىلىپ بىر قانچە تۈر ھەققىدە توختۇلۇپ ئۆتىمىز:

## ھەسەتخورلۇق

بۇ دۇنيادا كىم ھەسەتخورلاردىن قۇتۇلالىغان؟ كىمكى ئۆز ۋەتەنداشلىرى نەزىرىدە يوقىرى يۈكسەكلىكتە تۇرسا، شۇنچىلىك چوڭ ئورۇننى ئىگەللىسە، ئۇ شۇنچە ھەسەتخورلارغا نىشان بولىدۇ. ئۇنىڭ يۈزىگە قانچىلىغان بوھتانلار ئوكيانى چىچىلىدۇ.
ژ . ئامارو

ئىنسانىيەت مەنىيۋىيىتىنىڭ يۈكسىلىشى بىر ئادەم ۋە ياكى بىر سىنىپنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ . ئۇ ، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشى ئاستىدا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ، بۇ ئۇلۇغۋار ئىشنى روياپقا چىقىرىشتا ئەلۋەتتە ئاڭ جەھەتتىن ئويغانغان، ئىدىيىسى تۇراقلىق، كۈرەش نىشانى ئېنىق كىشىلەر يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ.

ئەمما ئۇلار بىزدە شۇنچە كۆپمۇ؟ ياق ؟ ئۇلار بىزدە بارماق بىلەن سانىغۇچىلىكلا چىقىدۇ، ئەنە شۇنداق سان جەھەتتىن تۆۋەن سالماقنى ئىگىلەيدىغان مەرىپەتپەرۋەر كىشىلىرىمىزنىڭ زادى قانچىلىك قەدرىگە يەتتۇق؟ بۇ جەھەتتە يۈرەكلىك سۆزلەشكە ھەقلىق ئەمەسمىز، چۈنكى بىز ئۆز قوۋمىمىزدىن بولغان ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، لۇتپۇللا مۇتەللىپتەك كۆپلىگەن مەرىپەت سۆيەر ئوغلانلىرىمىزنى رەشك، ھەسەت تۇپەيلى ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتەردۇق ئەمەسمۇ ؟ ئۇلار كىملەر ؟ بىزچۇ؟ ئۇلارمۇ ئۇيغۇر، بىزمۇ ھەم شۇنداق.........

ھەممىگە مەلۇم، ئۇيغۇرلار مەركىزى ئاسيا ئىنسان تۈركۈملىرىدىن ھاسىل بولغان قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەردىن بىرى . ئۇلار تۈركى تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر ئىچىدە ئاق تەنلىك ۋە قىسمەن سېرىق تەنلىك ئېرىقلىرىنى بىرلەشتۈرگەن، يايلاق مەدەنىيىتى بىلەن بوستان مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرگەن، يەرلىك تىجارەت بىلەن خەلقئارا يىپەك يولى سودا ئالاقىلىرىنى بىرلەشتۈرگەن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەنىيازما كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى بىرلەشتۈرگەن، كۆپ قېتىم سەلتەنەت سۈرگەن مەشئەلچى مىللەت بولغان بولۇپ، ئېرامىزدىن ئىلگىرىكى ۋە يېقىنقى دەۋرىمىزگىچە بولغان ئارلىقتىكى تارىخىمىزنى ۋاراقلايدىغان بولساق ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئاجايىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق بەدىئى ئىستىداتىنى كورىۋالالايمىز. ئۇلار پەن مەدەنىيەت تەرەققى قىلمىغان ۋارىۋارلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرىۋاتقان ئەنە شۇ ئىپتىدائىي دەۋرلەردە بىر- بىرىگە ھەمدەم بولۇپ ئورتاق بەخت- سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشقان ئىدى. شۇ سەۋەپلىك ئۇلار ئۆز ئۆزۈۋقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار "ئۇيۇشماق"، " بىرلەشمەك " دىگەندەك مەنىلەرنى بېرىدىغان ئۇيغۇر ئىبارىسىنى ئىتوتىم (مىللەت نامى ) قىلىپ، تارىختا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرالىغان .مۇبادا ئۇلار

ھازىرقى ئەۋلاتلارغا ئۇخشاش "ھەسەتخورلۇق" بوھرانىغا گىرىپتار بولغان بولسا، يۇقۇرىقىدەك تەرىپلەشكە لايىق كىلەرمىدى؟.

ھەسەتخورلۇق ـ مىللەتنى خارابلاشتۇرىدىغان خەتەرلىك ئىللەت

نادانلىقتىن ئۈچ بىخ ئۈسۈپ چىققان ،ئۇلار : قارا نىيەت ، ساختا شۆھرەت ۋە ھاكاۋۇرلۇق.
___شۇپىنخائۇئېر

نادانلىقنىڭ مەرىپەتكە زىتلىقى ھەممىگە ئايان . نادانلىقنىڭ ئىككى خىل تارىخىي شەكلى مەۋجۇت :بۇنىڭ بىرى، مەرىپەت ( سۇئىلىزاتسىيە (تىن ئىلگىرىكى نادانلىق ( ۋارۋارلىق) ، ئىپتىدائىي ئىنسان گۇروھىدىكىنادانلىق ۋە قىيپالىڭاچ نادانلىق . بۇنىڭ ئىككىنچىسى ، بىكىنمە ھالەتتىكى جەمئىيەتچەمبىرىكىدىكى نادانلىق ، ساختا شۆھرەت بىلەن كىيىندۈرۈلگەن نادانلىق ، ھەسەتخورلۇقۋەسۇەسىسى بىلەن تولغان نادانلىق.

ئەقىلنى رەت قىلىش ( ئىراتسىئونالىلىق ) بۇ ئىككى خىل نادانلىقنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى . ۋەھالەنكى ، ئەقىل ، پەقەتلا ئەقىل ئىنسانىنىڭغەيرى ھايۋانىي ئەۋزەللىكى ۋە ئىنسانىي تاكامۇللىشىش مۇمكىنلىكىنى تەشكىل قىلغان . ئەقىلنىرەت قىلغان ، نادانلىققا چۆكۈپ كېتىۋەرگەن مىللەتنىڭ ئارقىدا قېلىش، پارچىلىنىش ، تۇزۇۋېكېتىشتىن ئىبارەت « ھالاكەت تىرىلوگىيسى » نىڭ ھەر بىر باسقۇچىغا ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەترەوھىي كېسەللىك سىڭگەن. ھەسەتخورلۇقنىڭ بىرتۇتۇپ يەتكەن »كۆرۈنۈش « لىرى مۇنداق:

بىرىنچى ، قارانىيەتلىكۋە قۇلى يەتمەسلىك ___ ھەسەتخورلۇقنىڭ باشلىنىشىدىن ئىبارەت .ئۇمۇمەن ، بىلىمنى پەزىلەت كۈرىسى ۋە كامالەت كۈرىسىغا يەتكۈزمىگەن ئاتالمىش « ئۆلىما ـ زىيالى » لار ئۆز مىللىتىدىن ھەقىقى تەپەككۇر ۋە بىلىم ئىگىلىرىنىڭ چىقىشىنىكۆرەلمەيدۇ.

ئابدۇقادىر بىدىلھەسەتخورلۇقنىڭ قارانىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى مۇنداق سۆككەن:

دىلى ھەسەتكە تولغانئىچى قارا،
دائىم پاك ئادەمگەچاپلايدۇ يالا.

تۇرۇسقا ئېسىپ كۆر ئاپئاقپاختىنى ،
جىمى ئىس چاپلىشار شۇئاق پاختىغا

سەئىدى شىرازىھەسەتخورلۇقتىكى قارانىيەتنىڭ قولى قىسقا ، تىرىشماس ، قابىلىيەتسىز ، نامەرت ئادەملەرقەلبىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇنداق پاش قىلغان :

قولى قىسقا ھەسەتخورقىلار غەيۋەت ، يوق ئامال ،
ئەگەر ئۇدۇل يۇلۇقساڭبولۇر تىلى كالۋا ـ لال.

ھەم قۇلى قىسقا ـ ناقابىل ، ھەم قارانىيەت ـ غەيۋەتخور بۇلۇش بىر خىل زىدىيەتچان روھىي كېسەللىك بولۇپ، ئىبلىس تەسۋىرىگە ئوخشايدۇ . ناقابىل بولغان ئىكەن قابىل بۇلۇشقا تىرىششى ، قابىل بۇلالمىسا ، قابىللارنى قوللىشى لازىم بولغان نۇرمال روھىي ھالەتنىڭ زىدىيەتچان روھىي كېسەللىككە ئايلانغانلىقىنى ھەسەتخور قەلبىنىڭ ئىبلىسلىقى ئەمەسمۇ ؟ ئىككىنجى ، ئۆزگىنىكەسلەپ ، ئۆز شېخىنى كۆتۈرۈش ھەسەتخورلۇقنىڭ مۇھىم ئالامىتىدىن ئىبارەت . مىللەتىنىڭنادان ھەسەتخورلىرى دۇنيادا قانداق يېڭىلىقلارنىڭ بولغانلىقى، قانداق كىتاپلارنىڭيېزىلغانلىقى، قانداق كەشپىياتلارنىڭ مەيدانغا چىققانلىقى بىلەن كارى بولماي ، ئۆز مىللىتىدەبىر يېڭىلىق باش كۆتۈرسىلا «يۈرىكى يارا ، يۈزى قارا » بۇلۇپ كېتىشىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ « باردۇر» ناملىق غەزىلىدە، مىللىتىمىزدىكى بۇ ئىللەتنى مۇنداق سۆككەن :

تەئاۋۇنۇ ـ تەناسۇر ئورنىغابىزلەردە بىر ئادەت ،
يېڭى باشنىكۆتەرگەننى ئۇرۇپ يېقىتقانىمىز باردۇر
قىزىل كۆزلۈك ، كۆرەلمەسلىكۆيا ئۆزى قىلالماسلىق ،
قىلاي دەپ باغلىسابەلنى تۆمەن بوھتانىمىز باردۇر.

ھەسەتخورلۇقنىڭ شۇنداق بىر تىپى باركى ، ئۇلار ئۆزلىرى ئۇچىرىغان بەختىسىزلىكنى « ئەڭ ياخشى ئالىمەكتەپ» (بىلىنىسكىي ) دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىنئەقلىي ۋە ۋىجدانىي خۇلاسە چىقارماستىن ، «سۇنغان ئاقسۇڭەكلەر» چە ئەسەبىي قىساسكارلىق پسىخىك كېسەللىگى بىلەن ئالدىن كەتكەنلەرنىڭ غەيۋىتىنىقىلىپ، ئورۇسىنى كولاپ، شېخىنى كېسىپ، ئاسان يول بىلەن « قەھرىمان » لىق مۇنبىرىگە چىقىشنىقەستلەيدۇ . بۇنداق

كىشىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقى ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان تەرسالىقبىلەن تەنها ياكى تۈركۈم بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ . بۇنى « قىساسكارلارچە ھەسەتخورلۇق » دىگەن نام ئاستىدا ئەيىبلەش لازىم .كامالىددىن بىنايى:

ھەسەت ھەممە ئىللەت ، نوقسانىدىن يامان ،
ئەسەت ئەھلى بارچە ياماندىنيامان
دىسە ، ناسىر خۇسراۋمۇنداق يىزغاندى :
بىرىلمىگەيسەنھەسەتكە زىنھار ،
ھەسەتنىڭ چىكى يوق ، تۈگەنچىمىقدار .

ئۈچىنجى، پىتنەتۇغدۇرۇپ، تۆھمەت قىلىش ھەسەتخورلۇقنىڭ ئاسان چىلىقىدىغان شەكلىدىن ئىبارەت . ھەسەتخورلۇقنىڭقورالى پىتنە بىلەن تۆھمەت ئىكەنلىكى شۈبھىسىز ، بۇنى ئۇلار جىنايى بىلەن« سىپستىش » دەپ ئاتىشىدۇ . تۇرمۇشنى ئالدىغىلى، خەلقنى پۈتۈن بىر تارىخى جەرياندا قايمۇقتۇرغىلى بولمايدۇ . قەيسەر ئىرادىلىك كىشىلەر ئۆز ئەجرى بىلەن ھەمىشە ياشناپ تۇرۇۋېرىدۇ. « سىپستقۇچىلارنىڭ سىپسىپ كېتىشى » مانا بۇ پاك ۋە ناپاكلىق كۈرىشىدىكى بىر ھەقىقەت . مانابۇ تارىخنىڭ نۇرانە يۆنىلىشى . ئەگەر مۇنداق بولمىغاندا تەكرىمۇ بولمىغان ، ھەقىقەتمۇبولمىغان ، تارىخمۇ بولمىغان ، ئىستىقبالمۇ بولمىغان ، ئىشەنچ ۋە ئالىي ھىممەتمۇبولمىغان بولاتتى!

بىزنىڭ ھەسەتخور پىتنە ـ تۆھمەتچىلىرىمىز « ئاقنى قارا قىلىش » ، « ئۆزى گۇناھ قىلىپ ، باشقىنى گۇناھكاركۆرسىتىش» ، « ئوغرى ئوغرىنى تۇت دەپ ۋاقىراش » ، « باشقىلار نامىدا قارا خەت يېزىش» ، « بىر ئادەمگە ئىككى خىل تون كەيگۈزۈش » ، « كىچىسى ئادەم ئۆلتۈرۈپ ، كۈندۈزى ھازىداربولۇش » قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىۋېرىدۇ . باشقىلار نامىدا خەت يازغانلەر ئىچىدە ئاياللىكىشى سۈرىتىگە كىرىۋېلىپ خەت يېزىش، تۆۋەننى قۇترىتىپ قويۇپ ئۆزى قازى بولۇۋېلىش ، ئولتۇرۇش ـ سورۇنلاردا ئاشكارە پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىش ، پىتنە ـ ئىغۋانى چەت ئەلگە كېڭەيتىشقاتارلىق ھادىسىلەرنى كۆرۈپ مىللىتىمىز ئىچىدە بۇ جەھەتتىكى « ماھارەت » نىڭدۇنياۋى سەۋيە ياراتقانلىقىدىن ئەپسۇسلانماي تۇرالمىدىم.

تۆتىنچى ، گۇروھۋازلىق قىلىپ ، باشقىلارنى چەتكە قېقىش

ھەسەتخورلۇقنىڭ تۈركۈملەشكەن شەكلىدىن ئىبارەت. ھەسەتخورلۇق ئەسلىدە زەھەرلىك چاياندەك نەرسە بولسىمۇ ، ئۆزىنىمۇ كۆيدۈرىدىغان، باشقىلارنىمۇكۆيدۈرىدىغان خۇسۇمەتلىك ئوت بولسىمۇ ، ھەسەتخورلار تۈركۈملىشىپ، چاياندىن پىل پەيداقىلىشقا ماقۇل بولۇشىدۇ . ئۇلار مەلۇم ھۇقۇق ياكى تەسىر كۈچى بولمىسا ، بىر ئىشنىباشقا ئىلىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكتىن تۈركۈملىشىدىغان بولدى . ئەممابۇ تۈركۈمنىڭ ھەر بىر ھەسەتخور ئەزاسى ھەمىشە ئۆز تۈركۈمىدىن يۇز ئۆرۈشكە تەييار ، بىۋاپاكىشىلەردىن ئىبارەت . ھەسەتخورلۇق گۇرۇھلىرى ئىككى شەر ئاستىدا ، يەنى قۇدرەتلىكمۇخالىپلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ، قۇللارچە دەرىجىلىك بويسۇنۇش مۇناسىۋەت تەرتىپىبويىچىلا ساقلىنىپ تۇرۇشى مۇمكىن . ھاپىز شىرازى مۇنداق دىگەنىدى:

كەت يامانلار سۆھبىتىدىن ، ئىزدىسەڭ گەر ياخشى نام ،
بەدنىيەتلىك ئول ئەقىلسىزلىققائىسپاتتۇر تامام.

بەشنجى ، خەلقنىپارچىلاش ، مىللەتنى خانىۋەيران قىلىش——— ھەسەتخورلۇقنىڭ ھەرىكەت نىشانىسى ۋە تارىخى جىنايىتىدىن ئىبارەت . ھەسەتخورلۇق شۇنداق كىسەلكى، بىرىنجىدىن ، ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ؛ ئىككىنجىدىن يۇقتۇرۇۋالغان كىشىلەرنى ھلاك قىلىدۇ ؛ ئۈچىنجىدىن ، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى تارقاقلاشتۇرۇپ ، روھىي ئۇيۇشتۇرغۇچى ئاقىل كىشىلەرنىڭ ئابروي ـ نۇپۇزىنى داۋاملىق قىرقىپ ، مىللەتنى ھالاك قىلىشنىڭ جەريانىنى تېزلەشتۈرىدۇ. ھەسەتخورنىڭ تەپەككۇرى ، ھېسسىياتى ، تىلى ، قەلىمى خۇنۇكلۇك بىلەن تولغاچقا ، تىنىقى ۋە يۈرەك سوقۇشى ھەمىشە ھەسەت زەھىرى ، بوھتان ئوتى ۋە قورقۇش تەشۋىشىدە تۇرىدۇ ، ئۇنىڭ پىسخىك كىسىلى جىسمانىي ئاجىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .
ھەسەتخورلۇقنى يۇقتۇرغان كىشى ئۆزىگەيارىشا « جەڭگاھ » ئىچىۋالغان يەنە بىر ھەسەتخوردۇر . ھەسەتخورلۇق تەرىپىدىن چىرمىۋېلىنغان مىللەت گەرچە تىل بىرلىكى بىلەن بىرلىشىپ تۇرسىمۇ ، قەلبى پارچىلانغان مىللەتتىن ئىبارەت . قەلبى پارچىلانغان مىللەتنىڭ تىلى بۇ قەلبىنى پارچىلاشقا خىزمەت قىلىشتىن باشلاپ ، بۇ مىللەتنى ھالاك قىلىش بىلەن ئۆزىنىمۇ ھالاك قىلىدىغان تىل بولماي نىمە؟ روشەنكى ، تىلنىتاشقى پوست ، قەلبنى ئىچكى

ئۆزەك قىلغان مىللى ئۇيۇشمىنىڭ ھەسەتخورلۇق ئىچىدە تەمتىرىشى ھالاكەت ھالقىسىنىڭ ئالامىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ، خالاس .گۈللەنگەن مىللەتنىڭ ھايات يولى ئىسپاتلىدىكى ، مىللەتكە يېمەك - ئىچمەك ، ئۆي - ماكاندىن باشقا مۇھىمى مىللى روھىيەت لازىم . بۇ مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچ مەنبەسى بولغان ئېتىقاد، مىللى ئەنئەنە ، يېڭىلىقىقا ئىنتىلىش ، مەنىۋى يېتەكچىلىك نۇپۇزى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . مۇنداق بىناكارلىقنى بۇزۇۋېتىش ھالاكەت ، تۈزەشتىن گۈللىنىش كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئاددى ، ئەمما بىزدە ئەستىن چىقىرىلغان ھەقىقەت . مەنىۋى قەھرىمانلىق ۋە غايىۋى يولباشچىلىق لېگىندىلىرىنى ياراتقان خەلقنىڭ بىردىنلا ھەسەتخورلۇق ئۇچقۇنلىرى بىلەن بەنىت بولۇشىنىڭ تەكتىدەتارىخ نېمىنى پىچىرلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىش مۇشكۇل ئەمەسمۇ ! گېرتسىن :« ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىش زېرەكلىكنىڭ ۋە دانىشمەنلىكنىڭ باشلىنىشىدۇر » دېگەنىدى . ھەقىقەتنى سۆيىدىغان قەلب نۇرانە قەلب ، خەلقىمىزنىڭ تارىخي ئىستىقبالىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانقەلب ، مۇنداق قەلب ھەقىقەتنى ھۆرمەت قىلىدۇ ، ئۇنىڭغا جان پىدا قىلىدۇ.

ھەسەتخورلۇقنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچىرىغانلارغا كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى ، بۇ ئۇلار ئۇچۇن تېخىمۇ قەيسەرخاراكتېر يېتىشتۈرىدىغان شۇىرغان سىنىقى ! ھىراكلىت توغرا ئېيتىدۇ :« ساڭا شۇنىڭ ئۇچۇن رەشك قىلىشىدۇكى ، سېنىڭ زوقلانغۇچىلىرىڭ ھەقىقەتەن تولىمۇ نۇرغۇن«!

مەنپەئەتدارلىق ئەخلاقىۋە مەجبۇرىيەت ئەخلاقى

زىمىننى قاپلىغان مۇقەررەر يۈزلىنىش

ئۈچىنجى مىڭ يىللارغا يۈزلىنىۋاتقان كىشىلىك جەمئىيەت، ئارقا-ئارقىدىن بىر قاتار غايەت كاتتا ئۆزگىرىشلەرگە دۇچ كەلمەكتە .ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرىقانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تارىخ ئۆزىنىڭ كامالەتكە قاراپ ئىلگىرلەش مەنتىقىسى بويىچە ئىلگىرلىمەكتە. ئۇ ئۆز سەۋىيىسىنى مۇئەييەن مىقدار سەۋىيىسىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ سۈپەت ماھىيەتلىرىنى روشەنلەشتۈرگۈسى.

جۇڭگو بازار ئىگىلىكىگە قاراپ يۈزلەنمەكتە .ئىسلاھاتنى

چۈشقۈرلاشتۇرۇش، سىرتقا ئېشىشنى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، بازار پۇل مۇئامىلە ئېگىنىڭ يېڭى قىممەت قارىشى ۋە يېڭى پائالىيەت سەزگۈرلىكىگە ئۆتۈش، نۆۋەتتىكى ئاساسى تارىخى ئېقىم بولۇپ گەۋدىلەنمەكتە.

خەلقارادا مۇستەقىل ياكى بىرلەشكەن ئىقتىسادى گەۋدىلەرنىڭ يېڭى ئىقتىسادى پائالىيەتلىرى؛ قاتناش لىنىيەلىرى ۋە ئېغىز- پورت، ئايرۇپورتلارنىڭ كۆپىيىشى؛ بىر ئۆلچەملىك خەلقارا تاموژنا بېجى تەلىپىنىڭ ئۇستۇلىكىگە ئېرىشىشى؛ كارخانا ۋە شىركەتلەرنىڭ خەلقئارا سۈپەت ئۆلچىمىنى تەقدىر بەلگۈلىگۈچى ئامىل قىلىشقا مەجبۇر بولۇشى؛ خەلقارا بازار، كىرىدىت، پۇل مۇئامىلە تورىنىڭ يەر يۈزىنى تۇتاش قاپلاپ كېلىۋاتقانلىقى دۇنياۋى ئاساسى ئىقتىسادى ئۆركەشىنى شەكىللەندۈرمەكتە.

نۆۋەتتە، ئىقتىسادنى چىقىش يۇلى دەپ قاراش ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللىمەكتە. ئەگەر، ئىقتىساد ئىنسانىيەت تارىخنىڭ پۈتۈن جەريانلىرى بىردەك ئىسپاتلىغان ھەقىقەتتىن داجىپ، روھىيەتتىن، يەنى ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق، ئىقتىساد ۋە كۆپ قىرلىق گارمۇنىيە ھەم مۇۋازىنەتتىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇ مولچەرلىگۈسىز ئېغىر ئاپەتلەرنى كەلتۈرىشى مۇمكىن.

## ئىككى مەدىنىيەت ۋە تارىخنىڭ دىئالىكتىكىسى

ئىنسانىيەت تارىخى ماددى مەدىنىيەتتىن مەنىۋى مەدىنىيەتنى يارىتىش، مەنىۋى مەدىنىيەت ئارقىلىق ماددى مەنىۋىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش تارىخىدىن ئىبارەت. مەيلى رەسمى لەۋھە تەرىقىسىدە ئېغىزغا ئېلىنغان بولسۇن - بولمىسۇن، ئىككى خىل مەدىنيەتتىن نۇقۇل بىرى بىلەنلا كىشىلىك تۇرمۇشنى تەمىن ئېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئىككى خىل مەدىنيەت ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتمۇ بولىدۇ . ئۇ بەزىدە تۇتۇق بەزىدە روشەن، بەزىدە ھەتتا پاجىئەلىك ھالەتكە كۆتۈرىلىدۇ . ھازىرقى زامان جاھان مەدىنيەت تۈزۈلمىسىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت ئۇنىڭ تىپىك بىر مىسالى . بىر خىل كونا ئىقتىسادى تۈزۈلمە ۋە جاھالەتتىن يېڭى ئىقتىسادى تۈزۈلمە ۋە مەرىپەتكە ئۆتۈشتە، ئومۇمەن ئۈچ خىل سەۋەپ تۈپەيلى بۇ ئىككى خىل مەدىنيەت ئارىسىدا زىددىيەت روشەن گەۋدىلىنىشى مۇمكىن. بىرىنچى، يېڭى - كونا ئىقتىسادى تۈزۈلمە ۋە ھالەتنىڭ بىر خىل زىددىيەتنى ھەل قىلىپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى خىل شەكلىنى

پەيداقلىشى؛ ئىككىنجى، ئۆتۈش مەزگىلىدىكى داۋالغۇشلار تۈپەيلى ئىككى خىل مەدىنىيەت زىددىيىتىنىڭ جىددىيلىشىشى؛ ئۈچىنجى، كىشىلەرنىڭ تارىخى تەجرىبە ۋە قانۇنىيەتلەردىن چەتنىگەن سوبىكتىپ قىزىپ كېتىشلىرى ۋە كونترول ئىقتىدارىنى ۋاختىدا ئىشقا سالالماسلىقىدىن ئىبارەت . نەتىجىدە كەڭ ئاۋام قەلبىدە ئاڭقاراش، ئىستىل، پوزىتسىيە، مۇھاكىمە، ئەدەپ - ئەخلاق، ئېتىقات ۋە چارە تەدبىرجەھەتلەردە بىر قاتار نورماللىسىزلىق، ھەتتا بۇزۇلۇش، چىرىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىدۇ بەزىدە ماددى مەدىنىيەت، ۋەمەنىۋى مەدىنىيەتتىكى تەكشىسىزلىك، مەسىلەن نۇقۇل ھالدا ماددى تاپاۋەتنى ياكى نۇقۇل قانۇنى جازالاشنى مىقدارى جەھەتتە ئۈتۈۋۈق - نەتىجە دەپ قاراش ۋە ئەكىس ھالدا بۇ جەھەتتە ئۈمىتسىزلىككە بېرىلىدىغان ئەھۋاللار خېلى كەڭتاشا ھاۋاغا ئايلىنىدۇ . رېئال تۇرمۇشىمىزدا، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىمىزدە كۆرۈلىۋاتقان بەزى بىنورمال ئەھۋاللار بىرنى پاكىتقا ئىگە قىلىدۇ .مەسىلەن، ياشلاردىكى يۇقىرى ئىستىمال قىزغىنلىقى، ھورمەتسىزلىك، ئوقۇغۇچىلاردىكى ياسانچۇقلۇق، ئۆيۈن تاماشىغا بېرىلىپ كېتىپ كۇڭۇل قويۇپ ئوقۇماسلىق، ئۇقۇتقۇچىلارغا ئۇقۇتۇش، ئىلمى تەتقىقات سىرتىدىكى كىرىم بېسىمى، ئۇلار دۇچار بولۇۋاتقان ھورمەتسىزلىك ۋە كەمسىتىشلەر، نەشرىياتچىلىق قىيىنچىلىغى، نەشر ئەپكارلىرىدىكى ئىقتىسادى ئۇنۇم قوغلۇشۇپ، سەلبى خاھىشتىكى باسما بۇيۇملىرىنىڭ يامراپ كېتىشى، دوست تارتىشلار، داۋالىنىش قىيىنچىلىغى، ” ئېتى ئۇلۇغ سۇپۇرىسى قۇرۇق ”دورىلارنىڭ كوپلىگى، سەھىيە ئەخلاقىدىكى نورماللىسىزلىق، ئائىلىلەردىكى ماددى پاراۋانلىقنى ئۈلچەم قىلىپ، قايتا تەشكىللىنىش خاھىشى، كوپ قىرلىق سىرتتا بېرىلىش ھادىسى، كىرىم - چىقىم ئالدىدا تەمتىرەپ قېلىش روھىيىتى ۋەھاكازالار... بۇ خىل ئىجتىمائى ۋە مەنىۋى بۇزۇلۇشنىڭ بىر قىسمى.

قارىغاندا ماددى پاراۋانلىق قوغلىشىش، مەنىۋى تۇرمۇشنى تۇلۇقلاشقا سەل قاراش، ماددى مەدىنىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز -ئۆزىنى نەزەردە تۇتالماسلىق، ماددى مەدىنىيەت رىقابىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش، ئۇنىڭ نېگىزى بولغان مائارىپ رىقابىتىگە ئاخىرقى ساھە قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش، رېئاللىقنى كۆرۈپ، تەجرىبە ساۋاقلارنى ۋە يىراقنى كۇرەلمەسلىك ھادىسىلىرىنى بىر ۋاقىراپلا ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتلىقلا مەۋجۇت بۇلۇپ

تۇرىدىغان ھادىسە بولۇپ، بىر مەزگىل ئەۋجىرەپ كەتسىمۇ، لېكىن بەربىر تۈزۈلۈشكە يۈزلىنىدىغان ھادىسە . تارىخ ـ ئىككى خىل مەدەنىيەتنى ئارقاق ۋە ئۆرۈشقىلىپ تۇقۇلىدىغان ئۈزۈن ھىكايە. ئۇنىڭدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ئەبەدىيلىك ئابىدىلىرى بولۇشى ناتايىن.

ئىككى مەدەنىيلىك مۇۋازىنىتى ۋە ئىجتىمائىي بەخت تارىختا مۇئەييەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي گۈللىنىش باشلىنىشى بىلەن ئەخلاقىي بۇزۇلۇش يۈز بەرگەن تىپىك مىساللار كوپ بولغان .مەسىلەن گۈللەنگەن چۇنچىيۇ دەۋرىدىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق چۈشكۈنلۈكى كوڭ فۇزىنىڭ ئەخلاق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى، چۇ يۇەنىنىڭ نەزمىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. قەدىمقى گىرىتسىيەدىكى ئەخلاقىي كۆڭۈلسىزلىكلەر سوقرات ۋە ئەپلاتۇننىڭ ئېتىكا ۋە مائارىپ قاراشلىرىنى شەكىللەندۈرگەن . ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى مەنىۋى بۇزۇلۇش " مىڭ بىر كېچە " ھىكايىلىرىدەئۇز ئىپادىسىنى تاپقان . قاراخانىلار دەۋرىدە يېزىلغان داستان " قۇتادغۇبىلىك " تەزامانىنىڭ بۇزۇقلىغى ھەسرەتلىك مىسرالار بىلەن بايان قىلىنغان . ياۋرۇپا مەرىپەتچىلىك ھەركىتى دەۋرىدىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى بولغان مونتىسكيۇ ئۆزى غايىۋى جەمىيەت سۈپىتىدە تەشەببۇس قىلغان بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىدە يۈز بەرگەن مەنىۋى چۈشكۈنلۈكتىن پەرياد چەككەن . بۇ نوقتىنى ماۋزىدۇڭ " مانا بۇشۇنداق جاھان " دىگەن مىسراغا يىغىنچاقلىغان.

بۇ ماددىي مەدەنىيەت گۈللىنىشكە باشلىغاندا مەنىۋى مەدەنىيەت ئوخشىمىغان دەرىجىدە زەربىگە، ئېتىبارسىز مۇئەمىلىگە، ھەتتا دەپسەندىگە ئۇچراش مۇمكىنلىگىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ يېرىمى، قالغان يېرىمى شۇكى ماددىي مەدەنىيەت ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللىگەن تەكىپۇكسىز ئەھۋال ئۇمۇميۈزلۈك زىلزىلە قوزغايدۇ، يېڭى پىكىر، يېڭى ئىدىيە، يېڭى تەلىمات، يېڭى تۈزۈملەر مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ زىلزىلە يالغۇز جامائەت پىكرىدىلا ئەمەس، يەنە ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئىككىنجى قەدەمدىكى داۋاملىق ئىلگىرلىشى تەقەززالىرىدىمۇ، ماددىتەقسىمات، بازار ۋە پۈتۈن جەمىيەت دائىمى ھاياتى ئېھتىياجلىرىدىنمۇ مەيدانغا كىلىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى سەر خىل مۇتەپەككۇرلار مۇشۇنداق ئۆتكۈر زىددىيەت ۋە تەقەززالىق ئىچىدە ئۆز تەلىماتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن . زامانىنىڭ مەنىۋى ئاتموسفىراسى ھامان ساپلىشىدىغانلىقى بىزنى ئىشەندۈرسىمۇ، ئەمما ئۇنتۇلغۇسىز ئېغىر بەدەل

دېغى تارىخ بەتلىرىدە يالداما بولۇپ قالىدۇ. ياشلار تولا ھاللاردا ئىجتىمائى كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ. ھازىر ئامرىكا، ياۋروپا ئەللىرىدە يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان ئەخلاق تەشەببۇسلىرى، مەدىنىيەت ئارقىلىق تىزگىنلەش تەۋسىيلىرى، كوك فوزىنىڭ ئىنسانپەرۋەر ئەخلاق تەلىماتىنغا قارىتا قىزىقىش، ئىسلاھ قىلىنغان ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرى بۈنىڭ مىسالى.

بىلىش كېرەككى، ئىنسانىيەت ماددى بايلىق ئىشلەپچىقارغان بىرىنجى كۈندىن باشلاپلا، ئۇنى ئاك شەكلىگە، مەنىۋى شەكلىگە ئايلاندۇرغان. ئىنسانىيەت باي بولۇشنى ئەمەس، بەختلىك بولۇشنى ماھىيەتلىك ئىستەك قىلغان، بايلىقمۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەقىل- ئىدراك، بىلىم ۋە ئەخلاقنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. ئامرىكىلىق ئالىم ھېنرى مورگان توغرا ئېيتقان: " ئىنسانىيەت ئالدى بىلەن مەدىنىيەتنىڭ ھەممە ئامىللىرىغا ئېرىشكەندىلا، ئاندىن مەدىنىيەتلىك ھالەتكە يېتەلەيدۇ) . "قەدىمقى جەمىيەت ئۇيغۇرچە 55 ـ بەت ) . ئىبنىسىن توغرا ئېيتىدۇ: "بايلىقنى تېپىشىپتۇ، ئەقىل ئىدراكنى يوقىتىشىپتۇ !ئەجەبا، يوقاتقان نەرسىسى بىلەن تاپقان نەرسىسىنىڭ قىممىتى باراۋەرمىدۇ ؟ " ( "ھېكمەت " ئۆزبېكچە، 20 ـ بەت )

بەخت — كامالەتلىك ئىجتىمائى تۇرمۇش تېپىدىن ئىبارەت. ئۇ، ھەرگىزمۇ بىر پۇتلۇق ئالتۇن قوزۇق ئەمەس.

ئەدەپ بىلەن مەنپەئەتكە ئېرىشىش ۋە ئەخلاقىبلەن نەپسنى تىزگىنلەش

ئۆمۈر بويى ئۇقۇتقۇچىلىق قىلغان مەشھۇر مۇتەپەككۇر كوك فوزى: "بېيىماقنى تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ " ، ئەمما " ئادىل بولمىغان بايلىق ۋە موتىۋەرلىكمىنىڭچە بولۇتتۇر" ، " ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەپكە قايت، كامىل ئىنسانبول، پايدا مەنپەئەتنى كۆرگەندە ئەخلاقى بۇرچنى ئويلا، تەرىقەت بىلەن ئالەمگە مەنپەئەت يەتكۈز" دېگەنىدى.

بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەنگەن مۇھىتتا، بېيىش ۋە ماددى مەنپەئەتكە ئېرىشىش يوللۇق . ھەتتا ئۇمۇمى خەلق پاراۋانلىقىغا پايدىلىق. ئاچلىق ۋە نامراتلىق گىردابىدا ئەسىرلەردىن بېرى ئازاپلانغان جۇڭگولۇقلارنىڭ قۇرساقنى توق، كىيىمنى پۈتۈن قىلىپ بولۇپ، ئىقتىسادتا قەد كۆتۈرۈشى،

كۈچلۈك ۋە باي دۆلەت قۇرۇپ چىقىشى نوۋەتتىكى تارىخنىڭ تەقەززاسى. جۇڭگو تارىخىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇنداق زور ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش، ئۆز ئاساسى ۋە ئۆز سۈرئىتىگە كۆرە بىر قاتار داۋالغۇشلارنى پەيدا قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، بۇنىڭ ھەممىسى يوللۇق ياكى خالىي بولغۇسىز دىگەنلىك ئەمەس ئەلۋەتتە.

ئەدەپ بىلەن مەنپەئەتكە ئېرىشىش دىگەنلىك، مەنپەئەتدارلىق ئەخلاقى پىرىنسىپى بولۇپ، ئۇ ئەخلاق بىلەن مەنپەئەت ئۆتنۇمگە ئېرىشىشنى نەزەردە تۇتىدۇ. بۇنىڭدا ئەمىلى مەنپەئەت بىلەن ئەخلاقى قائىدە بىرلەشكەن بولىدۇ. ئەخلاق بىلەن نەپسنى تىزگىنلەش، ئەدەپ بىلەن مەنپەئەتكە ئېرىششتىكى ھەقىقى ئىقتىدارغا قارىتىلغان . بۇنداق تىزگىنلەش ئىقتىدارى بولمىغاندا، ئەدەپ بىلەن مەنپەئەتكە ئېرىشىش مۇمكىن بولمايدۇ. ئەخلاق بىلەن نەپسنى تىزگىنلەشنىڭ ئاساسى مەجبۇرىيەت ئەخلاقىدىن ئىبارەت. بۇنداق مەجبۇرىيەت ئەخلاقى لازىم تېپىلغاندا ھېچقانداق مەنپەئەتنى نەزەردە تۇتمايدىغان، شەرت قىلمايدىغان، ئالىجاناپ ئىنسانى ئەخلاقتۇر. مەسىلە دەل مۇشۇ ھەقىقى ۋە ئەمەلى تۈپكى ئەخلاقنىڭ ماددى رىغبەت ۋە ئىقتىسادى مەنپەئەت ئالدىدا قانداق ھالەتتە تۇرۇشىدا! بۇ، دۆلەت، ھاكىمىيەت ۋە مەمۇرىيەت ئورگانلىرى بىلەن خەلقنىڭ، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئىقتىسادى مۇناسىۋىتىدە؛ ھەر قايسى شەھەر، يېزا بازار كارخانىلىرى ياكى كوپىراتىپلىرى مۇناسىۋىتىدە؛ ئاساسى نەزىرىيە بىلىملىرى تەتقىقاتى بىلەن تېز ئۆتنۈمدار تېخنىكىلىق تۈرلەر مۇناسىۋىتىدە؛ ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى بىلەن خام ئەشيا مەنبەلىرىنىڭ ناسىۋىتىدە؛ مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ساتقۇچىلار بىلەن ئىستىمالچىلار مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، ھەر بىر ساھە ۋە ئائىلە، شەخسلەر مۇناسىۋىتىدە، جۇملىدىن مائارىپ ساھەسىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى - 2 (ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيتى) ناملىق كىتابتىن ئېلىندى

# ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تارىخ

# ھەققىدە ئېيتقانلىرى

- مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 80يىللىق خاتىرىسىگە

ئىنسانىيەت ئۆز تارىخىنىڭ مەلۇم قىسمىلىرىنى ئۇنتۇغان.شۇ سەۋەپلىك ئەپسانە ياكى تارىخىي مۇئەمما تەتقىقاتچىلىرى بۇ بوشلۇقنى ئۆز تەخمىنلىرى بىلەن تولۇقلاشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە.

بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى،بىر پۈتۈن تارىخنى ئۇنتۇپ كېتىش ۋە ئۇنى قايتا بىلىپ ئېلىش زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلالماسلىق!ئەگەر غەيرىي،زوراۋان كۈچلەر تەرىپىدىن تۈپتىن بۇرمىلانغان تارىخنى ئۆز تارىخى دەپ قاراشقا مۇپتىلا بولغۇچىلار توغرىسىدا سۆز قىلىشقا توغرا كەلگەندە،ئېيتىش مۇمكىنكى،بۇ كەلگۈسى ئۈچۈن تارىخ يارىتىش ئىستىقبالىدىن مەھرۇم بولغان ۋە بىھوشلۇق ئۇيقۇسىدا ياتقان مىللەتنىڭ پاجىئەسىدۇر.بۇنداق مىسلىسىز پاجىئەگە غەرق بولغان ۋە ئۇنى نورمال تۇرمۇش رىجىسى دەپ بىلىشكە كۆنگەن مىللەت ھەمىشە ئۆز تارىخلىرى بىلەن مەرىپەت مەشئەلچىلىرى پاجىئەلىك دەپنە قىلىنغان لەھەت تۈپرىقى ئۈستىدە ئەمەل-مەنسەپ،يۇرتۋازلىق ۋە تۇرمۇش ھەشەمىتى ھاۋاسىدا قامغاقتەك دومىلاپ يىللارنى ئۆتكۈزۈشتىن باشقا ھېچ نەرسىگە قادىر ئەمەستۇر

-《قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا》دىن

※ ※ ※

تارىخ باشتىنلا قىيا تاشلارغا،تۇرمۇش روزنىغارلىرىغا ئۆز ئۇچۇرىنى قالدۇرۇپ كەلگەن،بۇ يېزىقسىز ئىپادىدىن ئىبارەت.يېزىق بىلەن ئىپادىلەش، ئەگەر ئۆز تارىخچىسى،ئۆز سالنامىچىسى چىنلىق بىلەن يازغان بولماستىن، باشقا خەلقلەر ۋە ئوردىلار تارىخچىلىرى يازغان تارىخ مەنبەلىرى بولىدىكەن كۆپ ھاللاردا كەمسىتىش، ئاكىلغانلىرى بويىچە يېزىش، قىسمەنلىكنى ئومۇملىق ئورنىغا دەسسىتىشتەك بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ئابستراكىتلىق ئىللەتلەردىن خالىي بولالمايدۇ. ئۇ پەقەت تەنقىدىي پايدىلىنىش ئوبيېكتى بولالايدۇ،خالاس.تارىخنى تارىخنىڭ چۆكمە ئۇچۇر تىزمىسى ۋە مىللەتنىڭ فولكلور-ئېتنىك مەدەنىيەت تىپى ئىۋالىيۇتسىيىسى (تەدرىجىي تەرەققىياتى) بويىچە ئىزاھلاش، ئەڭ ساغلام، ئۆز گەۋدىسى ئارقىلىق ئۆزىنى چۈشەندۈرۈش لاياقىتىگە ئىگە ھەقىقىي تارىخ تەتقىقاتىدۇر.

-《قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا》دىن

※ ※ ※

ئۇنتۇلغان ۋە يادىغا ئېلىشقا ئىدرىكى يەتمىگەن تارىخ،بىر يۇمىلاپلا ھاقارەتلەنگەن ۋە《ئىدارە قىلىش تاكتىكىسى》نىڭ پۇت قويۇش تاختىسى بولغان تارىخقا ئايلىنىپ قالغان!مېنىڭچە،تارىخ تەتقىقاتىنىڭ ھەقىقىي ۋەزىپىسى ۋە نۇرانە مەسئۇلىيىتى كۆمۈلگەن تارىخنى تېخىمۇ كۆمۈپ تاشلاش،ئېچىلىپ قالغان قىسمىنى بۇرمىلاش ئەمەس،بەلكى ئۇنى ئۆز ھەقىقىتى،سالاھىيىتى بىلەن يورۇق دۇنياغا ئېلىپ چىقىشتۇر.

-《قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا》دىن

※ ※ ※

تارىخ-ئىنسانىيەت پائالىيىتى ۋە بىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇغ ھېكايىتى. ئۇنىڭ ھادىسىلىرى چىرىگەن تەنىدەك ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ،ئۇنىڭ ماھىيەتلىرى

ئۆلمەس روھتەك مەڭگۈ كېيىنكى تارىخنىڭ ئۇلىنى تۈزۈپ،كېيىنكى ئەۋلادلار روھىيىتىنى چېنىقتۇرىدۇ.

-《قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا》دىن

※ ※ ※

ھەر قانداق مىللەت مىللىي تارىخىنى،ۋەتەن تارىخىنى بىلىش ۋە بۇنىڭدىن ئىپتىخارلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە.بۇ تولىمۇ نورمال ئىنسانپەرۋەرلىككە ئۇيغۇن ئىنسانىي ھوقۇق قارشىدۇر.ھەر قانداق ۋاستىلەر بىلەن بۇ ھوقۇقنى بوغماق،ھاقارەتلىمەك ۋە بۇرمىلىماق زېمىن كېڭەيمىچىلىكى ۋە مىللىي شوۋىنىزىم ئالامىتى بولۇپ،ئومۇمىيلىق جەھەتتە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ۋە مەدەنىيەتكە زىت زوراۋانلىقتۇر. مىللەتلەرنى مىللەتلەرگە، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بىر-بىرگە قارشى قويۇش بىلەن مىللەتلەرنى، ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىق ۋە مەدەنىيەت تۆركۈملۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى،بۇلاردىن تەبئىي يوسۇندا كېلىپ چىقىدىغان ھوقۇقىي مۇمكىنلىكلىرىنى ئىنكار قىلىش ۋىجدانسىزلىق،ئادالەتسىزلىك ۋە قەستكارلىق ھېسابلىنىشى لازىم.

-《قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا》دىن

※ ※ ※

تارىخ ئالدى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق كۈرەشلىرى تارىخى بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋىي مەدەنىيەت يارىتىش تارىخىدىن ئىبارەت. ئىنسانىيەت ئۆز تارىخىنى تاكى يېزىق بىلەن ئىپادىلىگەنگىچە بولغان ئۇزاق زامانلار داۋامىدا تاش ۋە مېتالدىن،كاش ۋە ئۇستىخاندىن ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى،تۇرمۇش بۇيۇملىرى، جۇملىدىن ئەڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە سەنئەت يادىكارلىقلىرىغا《يېزىپ》قالدۇرغان.

مەلۇمكى، ئىنسان ئۇچۇر قالدۇرغۇچى زاتتۇر.ئەگەر بىز،يېزىقنى ئۇچۇر دەپ قارىغىنىمىزدا، ئۇچۇرنىڭ ئىنسانىيەت بىلەن بىللە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى،كىشلىك تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر قەدىمى ئەگەر ئۇ ساقلىنىپ قالغان بولسا،ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ

بىۋاستە، بىرىنچى قول،ئەمەلىي ۋە كونكرېت چۈكمىلىرى ھەر قانداق تارىخچىنىڭ،بولۇپمۇ ئوردا تارىخچىلىرىنىڭ ھەرپ بىلەن يازغان تارىخىدىن چىنراق ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە. بۇ ھەقتە بىز مۇنداق قارايمىز:

بىرىنچىدىن،تارىخنى ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇنى ياراتقان خەلقنىڭ تارىخ ئىزى، تارىخ چۈكمىلىرى،تارىخ ئۇچۇرىنى ئاساس قىلىپ مۇھاكىمە قىلىش كېرەك.ئۇ،باشقا ۋاستىلىك، يازما مەلۇماتلارنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى ئۆلچەيدىغان مىزان.

ئىككىنچىدىن، تارىخنىڭ ئۇچۇرى ئۇنى ياراتقان خەلقنىڭ تۇرمۇش-كەچۈرمىشلىرىدەك ئىزچىللىقتا،سىستېمىلىقتا،مەنتىقىلىقتا ۋە ئەنئەنىۋىلىكتە ئىگە.ياسالما《پاكىت》لار ياتلىقى،ياسالمىلىقى،تەنھا ۋە تاسادىپىيلىقى بىلەن سىگمەيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئۇچۇر تارىخ ھىسابلىنىدىكەن، ھەممە خەلقنىڭ تارىخى ئوخشاشلا تولىمۇ قەدىمىدۇر.يازما تارىخىي مەنبەلەر يېتەرلىك توپلىنىشى، يېزىقتىن ئىلگىرىكى يېزىق ئورنىدا ئىشلىتىلگەن تامغا-بەلگىلەر روشەنلەشتۈرلۈشى، پۈتۈن ئۇچۇر تارىخى ئېتىبارغا ئېلىنىشى لازىم.

-《قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا》دىن

※ ※ ※

ئىنسانىيەت تارىخى ھەممىدىن ئىلگىرى ھۆكۈمرانلار ياكى سەلتەنەتلەر تارىخى بولماستىن، بەلكى خەلق تارىخى ۋە مەدەنىيەتلەر تارىخىدىن ئىبارەت. تارىخ ھەمىشە ئۆزىنىڭ《ئەۋزەللىكىنى تاللاش》،《ھەقىقەتنى دەلىللەش》، 《يورۇقلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش》،《ئىنسانىيەتنى تاۋلاش》پرىنسىپلىرىنى بىزگە ئۇقتۇرۇپ كەلدى.تەكرار ئېيتىش كېرەككى،گەرچە تارىخ سەھنىسىدە ھەر قانداق ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن بولسىمۇ،كىشىلىك تارىخى ئەقىلگە سىغدۇرۇپ بولماس ۋەقەلىكلەر بىلەن ئۆز يۈزىنى تىرنىلىۋالغان ئەسەبىي مەجنۇنغا ئوخشاپ قالغان ھالەتتە يەنە داۋام قىلىدىغان

بولسمۇ،ئۇنىڭ ئاخىرقى ۋە ئاساسىي پرىنسىپى يەنىلا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۆمۈر قانۇنىيەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ـ«قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا»دىن

※ ※ ※

بىز تارىخقا قانچىكى ئىچكىرلەپ نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا،تارىخنىڭ بىز مۆلچەرلىگەندىن تېخىمۇ يىراق،باي ۋە رەڭدارلىقىنى ھېس قىلىمىز.

ـ«قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا»دىن

※ ※ ※

قەدىمكى تارىخ تەتقىقاتىدا خەلق فولكلورى، ئەپسانە، رىۋايەت، قەھرىمانلىق ئېپوسى،جۈملىدىن ئىپتىدائىي ئېتىقاد،قىيا رەسىملىرى، ئانتروپولوگىيلىك تەتقىقاتلار،ئارخېئولوگىيلىك قېزىلمىلارنىڭ رولى چوڭ. ئېيتىش كېرەككى،قەدىمكى خەلق فولكلور خەزىنىسى ئەپسانە،ئاساسسىز دەپ قارىلىپ ھازىرغىچە چەتكە قېقىلىپ كەلدى.ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى،تارىخ بىرىنچىدىن خەلقنىڭ تارىخى،تارىخ خەلق ياراتقان مەدەنىيەت شەكىللىرىنىڭ ئۈچۈر تارىخى،بۇنداق فولكلور مەدەنىيىتى خەلق تارىخىنىڭ مەلۇم قىسمىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ.ئىككىنچىدىن،تارىخ بىز مۆلچەرلىگەندىن تېخىمۇ قەدىمى،تېخىمۇ ھەرىكەتچان بولۇپ،ھەممىنى ئارخېئولوگىيلىك ۋە يازما مەنبە بويىچە ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ.

ـ«قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا»دىن

※ ※ ※

تارىخ ئەلۋەتتە ئۆتۈپ كەتتى.مىللەتلەر تەركىبى بىلەن زېمىنلارنىڭ مىللىي ئىگىلىكىدىمۇ كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولدى.ئەمما،بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر مىللىي مەدەنىيەت تىپى ۋە چەمبىرىنى تېخىمۇ خاسلاشتۇردى.بۇ مەدەنىيەت تىپىدا زېمىن كۆز قارىشى،مىللەت ـ قەبىلىلەر قارىشى،تارىخ قارىشى،غايىۋى

كەلگۈسى قاراشلىرى مۇجەسسەملەندى.مۇشۇ مەدەنىيەت تىپلىرى ئۆزگەرمىگەن شارائىتتىكى ئىجتىمائىي ـ سىياسىي گورۇھلارغا نەزەر سالساق،ئۇلار قانداق ناملار بىلەن ئاتىلىپ،ئۆز ـ ئارا قانلىق جەڭلەر قىلمىسۇن،ئۇلارنىڭ باشقا مەدەنىيەت تىپى ۋە مەدەنىيەت چەمبىرىگە بولغان زېمىن،مىللەت،تارىخ ۋە غايىۋى جەمئىيەت قاراشلىرى رىجىسى ئۆزگەرمەيدۇ.بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمىغان《گۆدەك چال》لار نۇرغۇن.مەن مۇشۇ ئىلمىي ھەقىقەت نۇقتىسىدىنلا بۇ ئەجدادلىرىمىز زېمىنلىرى يەرمەنكىسىنى يايماقچىمەن.بۇ ھەر ئىككى تەرەپكىمۇ،پۈتۈن ئۇچىنچى تەرەپ ئىنسانىيەتكىمۇ مەنپەئەتلىك تەپەككۇر ئىلھامىدۇر.

ـ《قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا》دىن

※ ※ ※

تارىخ ـ ئۆز قەھرىمانلىرىنى ياراتقاندەك،تارىخىي قەھرىمانلار ئۆزىنىڭ تارىخىي ھېكايىلىرىنى يارىتىدۇ.بۇ تارىخىي تەقەززا(پۇرسەت) بىلەن تارىخىي قەھرىمانىنىڭ ھەر بىر تارىخ ياراتقۇچى خەلق تەقدىرى ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇرۇش ـ ئۆز تىنچلىقلىرىنى ھازىرلىغاندەك،تىنچلىقمۇ ئۇرۇش ئاتلىرىنى سەمرىتىپ،يېڭى جەڭ سەھنىسىنى ھازىرلايدۇ.

ـ《قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا》دىن

※ ※ ※

ھەقىقىي تارىخ ئىلمىنىڭ خىزمىتى پادىشاھلار تىزىملىكى بىلەن تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى يوقىتىش بولماستىن،بەلكى تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ئارقىلىق پادىشاھلار تىزىملىكىنى تاللاشتۇر.

ـ《قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا》دىن

※ ※ ※

تارىخ ئىنفورماتسىيلىك چۆكمىدىن ئىبارەت.ئۆتمۈش ئىزنا، تامغا، بەلگە، رەسىم،فىگورا،سىمۋول،دەپىنە بۇيۇملىرى قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۆز ئۇچۇرىنى قويۇپ كەتكەن.

ئۇچۇر دەۋرىدىكى تارىخي تەتقىقات ھېرودوت ۋە سىماچيەندىن تارتىپ باشلانغان يازما بايان ئۇسۇلىنىڭ دەل ئەمەسلىكىنى كۆرستىش بىلەن بىللە،تارىخنى سۆزلەيدىغان،ئەمما تارىخي بۇيۇملارنى پەرق قىلالمايدىغان تارىخ تەتقىقاتىدىن پەرقلىق ھالدا،تارىخنى ئۇنىڭ ئۆز ئىزناسى ۋە يادنامىلىرى ئارقىلىق،باشقىچە ئېيتقاندا،ئۇنىڭ ئۇچۇر چۆكمىسى ئارقىلىق ئىزاھلاش لازىملىقىنى شەرت قىلىدۇ.

ـ «يېپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى»دىن

※ ※ ※

شۇنى ئېيتىش كېرەككى،ھەرىكەتچان تارىخنى تۇرغۇن ئىبارىلەر بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس.بىرەر ئېتنىك تۈركۈم ئۆزىنىڭ ئېتنوگېنىز(قان تۈركۈمى) نى نىسبىي مۇقىم ساقلىغان ھالدا،كۆچۈپ-يۆتكىلىپ يۈرۈش ۋە مەھكۇملۇق تۇپەيلىدىن ئۆز تىلىنى باشقا تىلغا ئايلاندۇرۇشى،ئۆز نامىنى باشقا ئېتنونىمغا(مىللەت نامىغا) يۆتكىشى مۇمكىن.پەقەت ھەرىكەتچان تارىخ ئاساسىدىكى ئانتروپولوگىيىلىك تەتقىقات ئارقىلىقلا بۇ جەھەتتىكى تۈگۈنلەرنى ئېچىش مۇمكىن.

ـ «يېپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى»دىن

※ ※ ※

مىللىي مەدەنىيەت تارىخنى ئىنقىلاشتا تىل ئوبيېكتى،رىۋايەت ۋە يازما تارىخي مەنبەلەر ئوبيېكتى، ئېتنوگېنىز ئوبيېكتى،سۆڭەك ۋە قىياپەت

ئوبيېكتى بىلەن بىللە كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ئوبيېكتى ئۇستىدىكى تەتقىقات غايەت مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

-《يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى》دىن

※ ※ ※

رىۋايەتلەرنىڭ،جۇملىدىن يازما مەنبەلەرنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى چوڭلۇقىدا گۇمان يوق.ئەمما،يازما مەنبەلەرنى بىر-بىرىگە زىت قىلىپ قويۇش،بىر-بىرىدىن ئۈزۈپ قويۇش،بىر-بىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ تەكرارلاپ تۇرۇش،سىرتتىن تۇرۇپ يېزىش قاتارلىق بىر قاتار ئالامەتلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ھالدا تەتقىق قىلىش كېرەك.تەتقىقات خاھىشىمۇ بۇ يەردە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.ۋاھالەنكى،بىرەر مىللەت،مىللەتلەر تۈركۈمىنىڭ پۈتۈن تارىخنى چەتئەل مۇئەللىپلىرىنىڭ ياكى بىر زامانىدىكى ئۆز تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەنلا تەلتۆكۈس روشەنلەشتۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ.يەنە كۆپلىگەن
ئارخېئولوگىيىلىك،ئېتنوگرافىيىلىك،فولكلورلۇق،ئانتروپولوگىيىلىك
ئوبيېكتلار ئۇستىدىكى تەكرار تەتقىقات نەتىجىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

-《يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى》دىن

※ ※ ※

مەن ئويلايمەنكى،مەدەنىيەت،ھەتتاكى مەنىۋى مەدەنىيەت سىرتلاشقان، ماددىيلاشقان تارىخى نەتىجىلەر چۆكمىسى بولۇپ،مەدەنىيەت،جۇملىدىن سەنئەت تارىخى بۇ چۆكمىنىڭ ئوبرازلىق تارىخي قاتلىمىدىن ئىبارەت. باشقىچە ئېيتقاندا،تارىخ،شۇنىڭدەك مەدەنىيەت تارىخى پاكىتلىق ئۇچۇر تارىخى سىستېمىسى بولۇپ،تارىخنى《ھېچقانداق يات قوشۇمچىسىز》 (ئېنگېلسنىڭ سۆزى) ئەينەن يېزىشنىڭ توغرا يولى تارىخي ماتېرىيالىزم ئاساسىدا،تارىخنى ئۇچۇر سىستېمىسى دەپ چۈشىنىپ،تارىخنى ئۇنىڭ ئۆز ئۇچۇرى بىلەن ئىزاھلاش بولۇشى لازىم.

زامانىنىڭ ئىنفورماتسىيە دەۋرىگە قاراپ تېز سۈرئەتتە كىرىپ بېرىشى بىلەن تارىخىي تېمىلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتمۇ ئىلگىرىكى گەپ بىلەن بايان قىلىشتەك قۇرۇق،جانسىز ۋە ئەۋرىشىم ھالەتكە خاتىمە بېرىپ،تارىخنى تارىخنىڭ ئۆز سىگنالى،ئۆز تامغىسى،ئۆز ئىزناسى،ئۆز ئۇچۇرى،ئۆز قىياپىتى بويىچە ئىزاھلاشنىڭ يېڭى بايان قىلىش شەكلىگە يۆتكىلىشى مۇقەررەر.بۇ خىل يېڭىچە تەتقىقات تېپى تارىختىن سۆزلەيدىغان ۋە ئۆزى سۆزلىگەن تارىخنىڭ ماددىي يادىكارلىقلىرىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان تارىخ تەتقىقاتىدىكى «مەدرىسۋازلىق » ئىستىلىنى ئاياغلاشتۇرىدۇ،ئەلۋەتتە.

-«يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى»دىن

※ ※ ※

تارىخ-ئۆتتى-كەتتى ھېكايىتى ئەمەس،ئۇ ماھىيەتلەر جەمغىرلەنگەن خەزىنە.

-«يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى»دىن

※ ※ ※

تارىخ «زامان» كاتېگورىيىسى جەھەتتىن پۈتۈنلەي«ئۆتكەن»،«ئۆتمۈشكە ئايلانغان» نەرسە ئەمەس،بەلكى ئۇنىڭ بىر قىسمى «ھادىسە»، «ھېكايە»، «ئەراز(ئاكسىيدېنسىيە» شەكلىدە ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ.ئۇنىڭدىن ئىزنا، خاتىرە،تامغا،چۆكمە قالىدۇ؛ئۇنىڭ يەنە بىر قىسمى- «ماھىيەت»، «تەجرىبە»،«ھېكمەت»،«مەدەنىيەت»،«جەۋھەر(سۇبىستانسىيە)»شەكلىدە داۋاملىق ياشايدۇ،رېئاللىق ۋە كەلگۈسىنىڭ خۇرۇچى،مەدەنىيەت فوندى،ئەنئەنىۋى بايلىقى،بىلىم جۇغلانمىسى بولۇپ قالىدۇ.بۇنىڭدىن گېنېزىس تىرىك بولىدۇ، ئۇ «گېن»،«خلوروفىل»،«مولېكۇلا»غا ئوخشاش كېيىنكى دەۋردە ياشايدۇ دىگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ.مېنىڭچە،مىللىي مەدەنىيەتتە «گېنېتىكىلىق ئىقتىدار»بولىدۇ،بۇنى مەدەنىيەت مورگانىزمى، مېندېلىزمى دېيىشلىرى مۇمكىن،تارىخ بۇنداق«ئۆز قېلىپى بويىچە دائىم گېنېزىسلىق پەيدا بولۇش جەريانى»نىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلىدى.قانداق

تىپتىكى ئېتنىك مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرماقچى بولساق،ئۇنىڭ ئىرسىي ئىقتىدارىغا《گورمون》،《كاتالىز》سىلىشىش،ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇشىش،ئۇنىڭ گېنىتىكىلىق مۇھىتىنى ھازىرلىشىش لازىم،بۇ ئاددىي ھەقىقەت.

－《يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى》دىن

※ ※ ※

تارىخ－تولىمۇ نازۇك ۋە قايتا－قايتا تاسقاپ تۇردىغان ئەگلەك!مىليون تىللا ياكى مىليون قوشۇن بىلەنمۇ تارىخنى ئالدىغىلى ياكى قورقۇتقىلى بولمايدۇ.

－《يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت》دىن

※ ※ ※

تارىخ تەلىماتلارنى نۇقۇل مەنتىقىدىن،پىكرەن پەلسەپىدىنلا ئەمەس،يەنە روھىيەت تۈزۈلمىسى ۋە روھىيەت تارىخىدىن ئىزدەش لازىملىقىنى كۆرسەتتى.

تارىخ تەلىماتلارنى زىددىيەتلىك نۇقتىدىنلا ئەمەس،بىرلىك نۇقتىسىدىن－《ۋەھدەت》 نۇقتىسىدىن ئىزدەش لازىملىقىنى،باشقىچە ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنى دىن،ئىرىق، مىللەت، رايون، مەدەنىيەت تىپلىرى بويىچە سۇنئىي يوسۇندا پارچىلىۋېتىدىغان ئۆلچەم－قائىدىلەرنى بۇزغان 《مۇجەسسەم تەپەككۇر》 ئېگىزلىكىدە تۇرۇپ ئىزدەش لازىملىقىنى كۆرسەتتى.

تارىخ تەلىماتلارنى قانداقتۇر ھەقىقىي ئادەمنىڭ ھەقىقىي ماھىيەتلىرىدىن تاشقىرى،جانلىق ئادەمگە سىرتتىن تېڭىلىدىغان جانسىز نەرسە شەكلىدە ئەمەس،دەل بۇنىڭ ئەكسىچە كىشىلىكنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئالەمنىڭ سىر－قانۇنىيەتلىرى گامۇنىيسى ئاساسىدا ئىزدەش لازىملىقىنى،ئۇنى ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ئۆسۈپ چىققان ۋە ئادەمنىڭ پىكىر－ھېسياتلىرىنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا يىلتىز تارتقان ئادەم ھەققىدىكى تەلىمات سۈپىتىدە مۇھاكىمە قىلىش لازىملىقىنى كۆرسەتتى.ئويلاپ

كۆرۈلگەچكە،ئالەم ۋە ئادەم ھەققىدىكى تەلىماتتىن تاشقىرى تارىخ يەنە نېمىنى تەن ئېلىشى مۇمكىن؟!

-《يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت》دىن

※ ※ ※

تارىخ،جۈملىدىن تەپەككۇر تارىخى ئۆتمۈشنىڭ بىردىنبىر،ئورگىنال رېئاللىقى بولۇپ،ئۇ بىزنىڭ خاھىشىمىز ۋە ئىرادىمىزدىن خالىي،ئۇنىڭغا بېقىنمايدىغان تارىخىي ھادىسىدىن ئىبارەت.بىزنىڭ ئۇنى تەتقىق قىلىش ۋە ئەينەن ئىزاھلاش مەجبۇرىيىتىمىز باركى،ھەرگىزمۇ ئۇنى قايتا قۇراشتۇرۇپ تەسۋىرلەش ھوقۇقىمىز يوق.تارىخنىڭ ئەڭ ئاچچىق مەسخىرىسى ئۆز ئۆتمۈشىنى بۇرمىلاشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىپ يۈرۈشكە نېسىپ قىلىنغان!

-《ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى》دىن

※ ※ ※

تارىخ-زامان خاراكتېرلىك كاتېگورىيە سۈپىتىدە بىر ئومۇملاشقان پۈتۈنلەي《ئۆلگەن》،《ئۆتمۈشكە ئايلانغان》،《مۇزېيغا كىرگەن، تۈگىگەن》 قۇدرەتسىز نەرسە ئەمەس،تارىخنىڭ بىر قىسمى ۋەقەلىك ياكى ھادىسىلىق شەكلى بىلەن ئۆتمۈش ھالىتىدە چۆكمە ھاسىل قىلىدۇ،تارىخنىڭ يەنە بىر قىسمى تەجرىبە،مەدەنىيەت،ئاڭ شەكلىدە پۈتۈنلەي ئۆز ۋەقە-ھادىسىلىرى بىلەن بىللە ئۆتمۈش ھالىتىدە چۆكمە ھاسىل قىلىپ قالماستىن،بەلكى بۈگۈنكى،ئەتىكى رېئاللىقنىڭ جېنى، روھى، خۇرۇچى، ئۇلى، تەركىبىي قىسمى، ئەنئەنىۋى داۋامى سۈپىتىدە ياشايدۇ. بۇ يەردە ھەققەتەن تارىخى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت《ئىرسىيەت》ھادىسىسى مەۋجۇد.بۇ ھادىسىدە خۇددى بىئولوگىيىلىك 《قېلىپ》قا ئوخشاش ئېتنولوگىيىلىك مەدەنىيەت《قېلىپ》لىرى كىشىنى ئىزدىنىشكە سالىدۇ.

-《ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى》دىن

※ ※ ※

تارىخ ئىككى جەرياندىن ئىبارەت.ئۆتمۈشكە نىسبەتەن ئۇ بىر 《خەزىنە》 بولۇپ، ھادىسىلەر بىلەن ماھىيەتلەرگە تولغان؛ئۇنىڭ ھېكمەتلىك جاۋاھىرلىرى نۇرغۇن. كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۇ بىر《بىناكارلىق》بولۇپ،ئۇ مىللەتنىڭ كەلگۈسى تارىخنى يارىتىشنى،مىللەتنى ھازىرقى زامان مىللەتلىرى قاتارىدا تاكامۇللاشتۇرۇش يوللىرىنى ئىزدەشنى نىشانلىغان.ئەگەر بۇ ئىككى نۇقتا تۇرغۇزۇلمىغان ۋە بىرلەشتۈرۈلمىگەندە ھەقىقىي تارىخنىڭ بولۇشى،ھەقىقىي تارىخچىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ـ《ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى》دىن

※ ※ ※

بىلىش لازىمكى،تارىخ ـ ئىنسانىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ بىرەر مىللەت،بىرەر رايون ـ دۆلەتتىن ھالقىغان مۇجەسسەم توقۇلمىسىدىن ئىبارەت.تارىخنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بولغان بىردەكلىك،ۋارىسلىق،سېنكىرىتىك راۋاجلىنىش قانۇنىيىتى تارىخنىڭ بىكىنمە ئەمەس،ئوچۇق،ھاكىمۇتلەق ئەمەس، گۇمانىيلىق ـ ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقلىق خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن. تارىخ ئالەم بىرلىكى ۋە ھەركىتىنىڭ ئىنسانىيەت پائالىيىتىدىكى ئىپادىسى بولۇپ،تەبىئەت بىلەن كىشىلىك جەمئىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن دىئالېكتىكىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.تارىخنى ئۆزۈۋېلىش،تارىخنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۇنىڭ ئومۇم ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ـ شۇناسلىق خاراكتېرىگە قارشى قويۇش،《يىپەك يولى》تارىخىغا ئۇنداق ياكى بۇنداق《مەدەنىيەت مەركەزچىلىكى》ياكى بېكىنمىچىلىكى پىسخولوگىيىسى بويىچە مۇئامىلە قىلىشنى مىللىي ئىپتىخار ياكى مىللىي بۇرچ ھېسابلاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سۈيلىزاتسىيىگە،ئىلىمگە ۋە ئەقىلگە زىت.

ـ《ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى》دىن

※ ※ ※

ئېيتىش كېرەككى،تارىخچىلار ھازىرغىچە ئۆتمۈشنى نۇقۇل،تەكرارلانماس كەچۈرمىش دەپ قاراپ كەلدى.بۇنداق قاراش تارىختا قانداق ئىش قىلىنسا،ئۇ

شۇنداق ئىش بولۇپ قالىدۇ،قانداق نەتىجە ياكى مۇۋاپىقىيەت قازىنىلسا،ئۇ شۇنداق بولۇپ قالىدۇ دېگەن تارىخىي قاراشقا ئېلىپ كەلدى.تارىخ ھەققىدىكى پەلسەپىلىك قايتا كۆزىتىش شۇنى كۆرسەتتىكى،تارىخ ئۆزىنىڭ ھادىسىلىرى،كۆرۈنىشلىرى،ۋەقەلىرى نۇقتىسىدىن ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ؛ئۇ ئۆتمۈش سۈپىتىدە زامان ۋە ۋەقەلىك سالاھىيىتىدىن ئايرىلىدۇ؛ ئۇ ئۆتمۈش سۈپىتىدە باھالىنىدۇ ۋە قايتا باھالىنىدۇ.ئىنسانىيەت ھەر بىر سىۋىلىزاتسىيە ئىگىزلىكىدە ئۆزى ياكى بىر قىسمىنىڭ ئىش-ھەرىكەت تارىخىنى،ھەتتا مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن،دەبدەبىلىك تارىخى ھادىسىلەرنى قايتىدىن تەنقىدىي،يۇمىرىستىك باھالايدۇ.تارىخ يەنە ئۆز ماھىيىتى، روھىيىتى، كامالەتكە-ئەۋزەللىككە ئىنتىلىشى،داۋاملىق تېخىمۇ كەڭ چەمبەردىكى ئويغىنىشى،بىلىم ۋە تەجرىبىلىرى نۇقتىسىدىن ئۆتمۈشكە ئايلانماس ۋە ئۇ ئەبەدىلئەبەد ھاياتتۇر.ئۇ ئۆتمۈش تارىخ روھىيىتىنى رېئاللىقتا ۋە كەلگۈسى تارىخ جەريانلىرىدا داۋاملاشتۇرىدۇ.

-《ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى》دىن

※ ※ ※

روشەنكى،تارىخ تەنقىدىي جەرياندىن،تۇرمۇشنى،تۇرمۇش مۇھىتىنى ئىنسان ماھىيەتلىرىگە داۋاملىق ماسلاشتۇرۇپ بېرىش ۋە بۇ ماھىيەتلەر بىلەن ئۇنى داۋاملىق باھالاپ،ئۆزگەرتىپ بېرىش جەرياندىن ئىبارەت.

-《ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى》دىن

※ ※ ※

تارىخ،تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا،ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.ئۇ،بىر تەرەپتىن پىلاتون ۋە گېگېل ئېيتقان مۇتلەق ئىدىيەنىڭ راۋاجلىنىش تارىخى، ئىبدىئال چۈشەنچىنىڭ 《تىرىئادە》 (تېزىس،ئانتى تېزىس، سىنتىز) تارىخى ئەمەس؛ يەنە بىر تەرەپتىن، نۇقۇل سىياسىي ھاكىمىيەتلەر، قوراللىق جەڭلەر تارىخى ۋە قەھرىمانلارنىڭ پائالىيەت كۆرسىتىش تارىخى ئەمەس. ئەلۋەتتە ، كۆپلۈك بېشارەت ۋە ھادىسىلەر خۇددى

شۇنداقتەك قىلسمۇ،ماھىيەتتە تارىخ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇش تارىخىدىن ئىبارەت.

ئېيتىش كېرەككى،ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تولىمۇ ئاز،ئالاھىدە بىر قىسمى-قىيا سىزىملىرى،ئەلئېھراملار، قەلئە-سېپىل،تاشكېمىرلەر ئەسىرلەپ ساقلانسىمۇ،يېمەك-ئېچمەك،كىيىم-كېچەك،تۇرمۇش روزىغارلىرى ناھايىتى تېز سەرپىياتقا ئايلىنىپ كېتىدۇ.پەقەت مەنىۋى مەدەنىيەتلا،ئىدېئولوگىيە ۋە بىلىم شەكلىگە كىرگەن مەدەنىيەتلا تولىمۇ ئۇزاق،ھەتتا ئىنسانىيەت بىلەن بىللە ياشايدۇ.ھەقىقىي تارىخ،ئېچىۋېتىلگەن تارىخ،ئىنسانىيەتكە يۇزلەنگەن تارىخ ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەت تارىخى بولماي مۇمكىن ئەمەس. مەدەنىيەتكە يۈزلەنمىگەن سىياسىيون پەقەت خوجىدار سىياسىيون، ئوخشاشلا، مەدەنىيەت تارىخىغا يۈزلەنمىگەن تارىخشۇناس پەقەت سالنامىچىدۇر، خالاس.

-《ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى》دىن

※ ※ ※

تارىخ تەتقىقاتى، تىگى-تەكتىدىن، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى ئىكەنلىكىنى تارىخشۇناسلار بارغانسىرى كۆپرەك چۈشەنمەكتە. تارىخنى مۇھىمى پادىشاھ-ۋەزىر-سەركەردىلەر شەجەرىسى دەپ قارايدىغان تارىخ تەتقىقاتى-سىياسىي باشقۇرۇش تارىخى سۈپىتىدە تارىخشۇناسلىقنىڭ كىچىك بىر تارمىقى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

-《ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى》دىن

※ ※ ※

تارىخ-ۋاقىت (زامان) كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇپ،ئۇ كەڭ مەنىدە خاتىرىگە ئايلانغان ئۆتمۈش بىلەن ئۆتمۈشكە ئايلىنىۋاتقان پائالىيەتنىڭ رېئاللىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تارىخ-ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ ئۆتمۈشكە ئايلىنىۋاتقان رېئال ۋە راۋان ئېقىمى بولۇپ،توختىغان تارىخ ۋە ئۆتمۈشكە ئايلانمايدىغان رېئال پائالىيەت مەۋجۇد ئەمەس.

تارىخ-ئىنسانىيەتنىڭ جىسمانىي،ئىجتىمائىي،ئەقلىي كامالىتىنىڭ راۋاجلىنىش جەريانىدىن ئىبارەت.تارىخنى ئارقىغا،جاھالەتكە بۇراش مۇمكىن ئەمەس.چىنلىق،ياخشىلىق،گۈزەللىكنىڭ ساختىلىق،قەبىھلىك،خۇنۇكلۇك ئۈستىدىن،نۇرانىلىقنىڭ قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غەلبە قىلىشىنى توسۇپ قالالايدىغان ھەر قانداق كۈچنىڭ مەيدانغا كېلىشى مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس.

-《ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى》دىن

※ ※ ※

تارىخ-بىزنىڭ بارلىقىمىز.بارلىق بىلىملەر-تەبىئەت پەنلىرى،جەمئىيەت پەنلىرى،پەلسەپە پەنلىرى،سەنئەت دۇردانىلىرى تارىخنىڭ پەرزەنتىدىن ئىبارەت.تارىخنى بىلىش ھەر بىر تارىخىي ئەۋلادنىڭ ئۇلۇغ مەجبۇرىيىتى.تارىخنى بىلمەي تۇرۇپ ھەر قايسى پەنلەرنى بىلىش،تۇرمۇش ۋە ھايات يولىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس.

تارىخنى بىلىش-ئەۋلادنىڭ ئەجداددىن خەۋەر تېپىشى ۋە تارىخنى ئۈزۈلۈپ قالمىغان جانلىق ئېقىم سۈپىتىدە كۆزىتىشى بولۇپ،تولىمۇ يىراق تارىخىي ھادىسىلەرنى پەقەت ۋاستىلىك يوسۇندا بىلىش مۇمكىن.

-《ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى》دىن

# چەتئەللىكلەر نەزىرىدىكى قەشقەر

## ئاپتور: ئابابەكرى ئابدۇرەشىد

قەشقەر ـ ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى، يىپەك يولىدا پارلىغان نۇرلۇق مەرۋايىت، ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمى شەھەر. تارىخ ۋادىسىدا ياشىغۇچى تۈركىي ۋە باشقا مىللەتلەر خېلى قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ياشاپ مول ۋە رەڭدار بولغان شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۈيۈك خاقانىيە خانلىقى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ قورۇلغان. خاقانىيە سۇلالىسى ئاز كەم 400 يىل سەلتەنەت سۈرۈش جەريانىدا، قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، قوشنا ئەللەر مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغان 11 ـ ئەسىردە بارلىققا كەلگەن دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ۋەكىل خاراكتېردىكى ئىككى پارچە شانلىق ئەسەر « قۇتادغۇ بىلىك» ۋە « تۈركىي تىللار دىۋانى» قەشقەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، « تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى قەشقەرلىك. « قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئۆلمەس ئەسەرنى قەشقەردە ئىجاد قىلغان ۋە قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن.

قەشقەر رايونى قەدىمدە جەنۇبىي ۋە شىمالىي يىپەك يولىنىڭ قوشۇلۇش نوقتىسىدا بولغاچقا، ئۇ يالغۇز شەرق بىلەن غەرب سودا ئىشلىرىدا مۇھىم بولغان زۆرۈر جاي بولۇپلا قالماستىن، شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولۇپ، دۇنيادىكى تۆرلۈك مەدەنىيەتلەر ۋە نام ـ ئاتىقى بار بىر قانچە چوڭ دىن بۇ زېمىندا ئۇچراشقان. شۇ تۈپەيلى چەتئەللىك بەزى ئالىملار بۇ رايوننى ناھايىتى كىلىشتۈرۈپ « خەلقئارا مەدەنىيەتنىڭ ئاچىلى» دەپ سۈپەتلىگەن.

ۋاھالەنكى، سەئىدىيە خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، خىلمۇ-خىل ئىچكى-تاشقى نىزالار ۋە چوڭ كىچىك يىغىلىقلار تۇپەيلى، قەشقەر تارىختىكى ئۇلۇغ سەلتەنىتىنى يۇقۇتۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن. ئۇزاق تارىخى جەريان ۋە زور بەدەللەر ئاستىدا يارىتىلغان شانلىق مەدەنىيەت ھاسىلاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ۋەيران قىلىنىپ، ئەمەلدار، بەگ-تۆرىلەر نام-ئەمەل ۋە مال-دۇنيا كويىدا تۈگىمەس جېگى-جېدەللەر بىلەن بەنت بولغان بولسا، ئاۋام نادانلىق ۋە نامراتلىققا مەھكۇم بولۇپ، قارا تەقدىرنىڭ قۇل قىلىشىغا مۇپتىلا بولغان. قەشقەر جۇملىدىن پۈتكۈل ئۇيغۇر ئاتالغان خەلق دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغان، دۇنيا تەرەپىدىن تاشلىۋېتىلگەن، يېتىم ۋە بىكىنمە ھالەتتە ئۈچ ئەسىردىن ئارتۇق داۋاملاشقان غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان ئىدى.

1876-يىلى رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن پرژىۋالىسكى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدا لوپنۇرلۇقلارنىڭ جاھاندىن بىخەۋەر ھالەتتىكى ئىپتىدائىي تۇرمۇش مۇھىتىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالىدۇ. ئۇ قومۇشتىن ياسالغان ساتمىلاردا بەخىرامان ياشايدىغان، بېلىقچىلىق ۋە قۇشۇمچە ئوۋچىلىققا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان، سىرتقى دۇنيا بىلەن پۈتۈنلەي ئالاقىسى ئۈزۈلگەن بۇ كىشىلەر بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى ئاسمان- زېمىن پەرقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ ھەمدە ئۆز خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ماددىي تۇرمۇش جەھەتتىنلا نامرات بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە روھى دۇنيا ۋە مەنىۋىي تۇرمۇش جەھەتتىمۇ ئاجايىپ زەئىپلىك ئىچىدە ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى بىلىملىرى ۋە ئاڭ- سېزىمى پەقەت ئەتراپىدىكى تار مۇھىت بىلەنلا چەكلىنىدىكەن، سىرتقى دۇنياغا نىسبەتەن ھېچقانداق تەسىراتى ۋە چۈشەنچىسى يوق ئىكەن. قېيىق، قارماق، تور، بېلىق، قومۇش ۋە چەكسىز قۇملۇق ... مانا بۇلار ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى ئىكەن. بۇنداق بىكىك مۇھىت ئىچىدىكى ئىمتاس ھايات ئۇلارنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقە ئېھتىياجىنى يوقىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىنىمۇ يوق قىلىۋېتىدىكەن. ئۇلار توغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلگىچە بولغان ئارلىقتا كۆز ئالدىدىكى قومۇشلۇق كۆلدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە ئۈمىد باغلىمايدىكەن. ئۇلار ئۈچۈن تاشقى دۇنيانىڭ

مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىكەن. نامراتلىق، ئاچ- زارلىق ۋە رەھىمسىز تەبىئەت بىلەن توختاۋسىز رەۋىشتە كۈرەش قىلىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە بىر خىل جاھىللىق، ئىچىگە تىنىپ كەتكەن سوكۇت ۋە ئۆتكەن كۈنگە شۈكۈر قىلىش پسىخىكىسى شەكىللەنگەن. ئۇلارنىڭ سۇلغۇن چىرايىدىن كۈلكە- تەبەسسۇمنى كۆرۈش ناھايىتى تەس ئىكەن»(2).

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ زور تۈركۈمدىكى چەتئەللىك سەيياھلار ئۇزاق ۋاقىت بېكىنمە ھالەتتە دۇنيادىن خالى قالغان مەركىزى ئاسىيا رايونىغا، جۈملىدىن تارىم ۋادىسىغا زور قىزىقىش ئىچىدە نەزىرىنى تىكتى. يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە بارلىققا كېلىپ، قۇم ئاستىغا غەرق بولۇپ ئىزدىرەكسىز غايىپ بولغان قەدىمكى مەدەنىيە ئىزلىرىنى ۋە ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان سىرلىرىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن، كەڭ كۆلەملىك ئېكىپېدىتسىيە ئېلىپ بېرىپ، ئارقا-ئارقىدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ سىرلىق قوۋۇقىنى چېكىشكە باشلىدى. ھالبۇكى، « مەركىزى ئاسىيانىڭ، جۈملىدىن تارىم ۋادىسىنىڭ ياۋروپاغا بەرگەن تۇنجى تەسراتى قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن قەدىمكى پارلاق مەدەنىيەتلا ئەمەس، بەلكى مۇشۇ مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق رېئاللىقى ئىدى. مانا بۇ ياۋروپا دەۋر پاراۋۇزىنى ھەيدەپ ئالغا كەتكەن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىرىمىدا جاھان ئۆزگىرىشلىرىدىن بىخەۋەر قالغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ رېئال كۆرۈنىشى ئىدى. بۇ يەردە تارىخ گويا بىر ئىزدا توختاپ قالغاندەك، ۋاقىت ئۆز قىممىتىنى يوقاتقاندەك، شۇنداقلا دۇنيادىكى يېڭىلىقلارنىڭ بۇ يەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك بىرخىل دۆملەنمە ھالەتتىكى بۇرۇقتۇرما كەيپىيات ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى»(3).

دەرۋەقە، چەتئەللىك سەيياھلار تارىم قوۋۇقىنى چېكىشتىن ئىلگىرى، بۇ مۇقەددەس دىيارلار ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كېلىش بەسى مۇشكۈل بولغان، ياتلار تولىمۇ ئاز قەدەم باسقان ياكى قەدەم بېسىشى مۇمكىن بولمايدىغان بېكىك بىر رايون ئىدى. تارىم ئويمانلىقىدا يارىتىلغان پارلاق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى يىپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشى بىلەن ئاستا- ئاستا قۇم بارخانلىرى

ئاستىغا كۆمۈلۈپ، ئەينى دەۋردە بارچە ئەل كىشىلىرىگە كەڭ قۇچاق ئاچقان بۇ سېخى زېمىننىڭ قاينام- تاشقىنلىقىغا تولغان ئاۋات مەنزىرىسى ئەبەدىي يوقالغان ئىدى.

قەشقەر تارىمنىڭ يۈرىكى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىمنىڭ غېرىپلىقى، بېكىكلىكىدىن مۇستەسنا بولالمىدى. سەيياھلار كارۋانلىرى قەدىمىنىڭ يېتىشى بىلەن تارىختىكى سەلتەنىتىنى يوقاتقان، ئۇنتۇلغان «قەدىمى ماكان»___ قەشقەرنى كىشىلەر قايتىدىن ئەسكە ئېلىشتى. ئاز بولمىغان سەيياھلار، تەۋەككۈلچىلەر، دىن تارقاتقۇچىلار، جاھانكەزدىلەر ۋە ھۆكۈمەت ئەلچىلىرى ئارقا-ئارقىدىن بۇ مۇقەددەس زېمىنغا قەدەم باستى. قەشقەر بەزىدە تەۋەككۈلچىلەرنىڭ تەلەي سىناش مەيدانى بولسا، بەزىدە « ئەجنەبىلەرنىڭ شەرقتىكى جەننىتى» بولدى، يەنە بەزىدە رەقىبلەرنىڭ تىركىشىش سورۇنىغا ئايلاندى. ھەرخىل كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئوخشاش بولمىغان ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. چەتئەللىك سەيياھلار بۇ دىيارنى تەكشۈردى، تەتقىق قىلدى شۇنداقلا قەشقەر ھەققىدە مۇھىم بولغان خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇردى. سەيياھلارنىڭ قەشقەرگە كىرىشى ئەڭ دەسلەپتە ئىتالىيلىك ساياھەتچى ماركوپولودىن باشلانغان بولسا، چوقان ۋەلىخانوف، كوروپاتكىن، روبېرت شاۋ، سۋېن ھېدىن، كاتارىن ماكارتىنىي، گۇننار يارىڭ، نوشىرۋان يائوشىۋ... قاتارلىقلارمۇ ئۆز مۇددىئاسى بويىچە قەشقەر سەپىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، قەشقەر تارىخى، سىياسى-ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ئەھۋالى ۋە ئاۋامنىڭ تۇرمۇشى...قاتارلىق جەھەتلەردىن خىلى ئەتراپلىق تونۇش-تەسىراتقا ئىگە بولغان ئىدى.

## سەككىز ئەسىر ئىلگىرىكى قەشقەرنىڭ بايانى

1271-يىلى ئىتالىيلىك ماركوپولو ۋېنىتسىيىدىن يولغا چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق 1275-يىلى 5-ئايدا قوبلەي خاننىڭ ئوردىسى خانبالىق (بېيجىڭ) قا يېتىپ بارىدۇ ھەمدە بۇيەردە بىرقانچە يىللار تۇرغاندىن كېيىن ۋەتىنىگە قايتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق مەشھۇر

ئەسرىدە ئەينى دەۋردىكى قەشقەر شەھرى ۋە ئاھالىسىنىڭ سودا ـ تىجارىتى ھەققىدە مونۇلارنى يازىدۇ: «ئاخىر بىز قەشقەر (kashgar, kashcar) دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدۇق، رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ يەر قەدىمكى زاماندا بىر مۇستەقىل پادىشاھلىق دۆلەت ئىكەن. لېكىن ھازىر ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنىغا ئېلىنىپتۇ. ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. بۇ يەرنىڭ زېمىنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، شەھەر ـ راباتلىرى ۋە قەلئە ـ قورغانلىرى كۆپ ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ئەڭ مۇھىم شەھەر ھېسابلىنىدىكەن. خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە تىلى بىلەن سۆزلىشىدىكەن.ئۇلار سودا ـ تىجارەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. بولۇپمۇ توقۇمىچىلىق خېلى تەرەققى قىلغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ چىرايلىق باغلىرى، مېۋىزارلىقلىرى ۋە ئۈزۈمزارلىقلىرى بار ئىكەن. كېۋەز، زىغىر ۋە كەندىرنىڭ مەھسۇلاتلىرىمۇ مول ئىكەن. بۇلارنى مۇشۇ دۆلەتنىڭ سودىگەرلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. ئەمما بۇ ئەلنىڭ خەلقى پاكىزلىققا بەكمۇ رىئايە قىلمايدىغان بولغاچقا، پاسكىنىچىلىقتا بەكمۇ بىچارە ئىكەن. ئۇزۇقلۇقى بەكمۇ يېرىك، ئىچىملىكلىرى بەكمۇ سۈپەتسىز ناچار ئىكەن. ئاھالە ئىچىدە مۇسۇلمانلاردىن سىرت، نېستورىئان مەزھىپىدىكى خىرىستىئانلارمۇ بار ئىكەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلىرى بويىچە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدا ئىبادەت قىلىدىكەن. پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئۇمۇمىي يەر مەيدانى تەخمىنەن بەش كۈنلۈك يولنىڭ مۇساپىسىچىلىك كېلىدىكەن.» (4) مانا بۇ بۇنىڭدىن سەككىز ئەسىر ئىلگىرىكى بىر چەتئەللىك نەزىرىدىكى قەشقەرنىڭ باياني، ئەينى دەۋردىكى قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ مەۋجۇتلىقى، تىرىكچىلىك ئەھۋالى ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ كارتىنىسى.

## رۇسىيىلىكلەر نەزىرىدىكى قەشقەر

ماركوپولودىن كېيىن، پۈتكۈل ياۋرۇپا ئەللىرىگە ناتونۇش بولۇپ كېلىۋاتقان ئالتە شەھەردىن ئىبارەت بۇ سىرلىق ماكاننى قايتىدىن ياۋرۇپاغا تونۇتقان تۇنجى ئېكسپېدىتسىيىچى چوقان ۋەلىخانوف ئىدى.

چوقان ۋەلىخانوف XIX ئەسىردە قازاقلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر تارىخچى، جۇغراپىيىشۇناس ھەم ئېكسپېدىتسىيىچى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت ھەنەپى بولۇپ، چوقان ئۇنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى. چوقان 18 يېشىدا ئارمىيىگە قاتنىشىپ، روسىيىنىڭ غەربىي سىبىر گوبېرناتورلىقىدا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن. 1856-يىلى 5-ئايدا چارروسىيە ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن سېمېنوف تىيانشانسكى باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەركىبىدە تەڭرىتاغنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشقان. 1856-يىلى 8-ئايدىن 10-ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە غولجىدا ئۈچ ئايلىق تەكشۈرۈشتە بولغان، بۇ جەرياندا ئۇ « چىك ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە غولجا شەھىرى» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى يازغان.

چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ئەڭ زور مۇۋاپىقىيىتى ئۇنىڭ 1858-يىلدىن 1859-يىلغىچە بولغان ئارلىقتا قەشقەرگە قىلغان سەپىرى ۋە بۇ ھەقتىكى دۇنياغا مەشھۇر خاتىرىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ قەشقەردىكى پائالىيىتى جەريانىدا «تەزكىرەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان»، «تەزكىرەئى خوجىگان»، «تەزكىرەئى تۇغلۇق تۆمۈرخان» ۋە «ئەبۇمۇسلىم مەرۋەزى» قاتارلىق قوليازمىلارنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە ئاز ئۇچرايدىغان تاغ جىنسلىرى ۋە ئۇسۇملۇك ئەرۋىشكىلىرىنى توپلايدۇ. چوقان قەشقەر سەپىرىدىن قايتقاندىن كېيىن «قەشقەرگە سەپەر» ناملىق كۈندىلىك خاتىرىسى بىلەن «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىنى يېزىپ قالدۇرىدۇ.

چوقان تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن قەشقەرگە كەلگەن تۇنجى سەيياھ بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تىلى بىلەن قازاق تىلىنىڭ توغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى، ئۇيغۇرلار تۇرمۇشى بىلەن نىسبەتەن تونۇش بولۇشتەك ئەۋزەللىكلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن قەشقەر توغرىسىدا خېلى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تونۇشقا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭغا قەشقەرنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ياقىدۇ، ئۇ قەشقەرنىڭ ئىقلىمىنى «ئادەمگە يېقىشلىق، سالامەتلىككە پايدىلىق، ياتلارنىمۇ يەكلىمەيدۇ. قىش پەسلى قىسقا، تۈزۈك قار ياغمايدۇ»(5) دەپ تەرىپلەيدۇ. چوقان ۋەلىخانوف ئەينى

دەۋردىكى ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتىشى ۋە ئۇلارنىڭ مىللى كىملىكىنى ئىپادىلىشىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان، ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار يۇرت ناملىرى ۋە باشقا بەزى ناملار بىلەن ئاتىلىپ، «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ مىللەت نامى ئانچە كۆپ ئىشلىتىلمەيتتى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «كىچىك بۇخارا (ئالتە شەھەر) نىڭ يەرلىك ئاھالىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن مىللەت نامى يوق، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئايرىم- ئايرىم ھالدا قەشقەرلىك، خوتەنلىك، قومۇللۇق دېگەندەك يۇرت ناملىرى بىلەن ئاتايدۇ. مانجۇلار (ياكى خەنزۇلار) چەنتۇ ياكى قالماق، دەپ ئاتىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بىلەن قىرغىزلار ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قەشقەرلىكلەر دەپ ئاتايدۇ. بۇ يۇرتنىڭ ئاساسى ئاھالىسى تۈركىي تىلىنىڭ ئالاھىدە بىر دىئالېكتىدا سۆزلىشىدۇ، خاراكتېرى ۋە روھىگى- روھىغا قارىغاندا ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى بىر مىللەت.» (6)
چوقان ساياھىتى جەريانىدا، ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ئادىمىيلىكى، كىشىلىك پەزىلىتى ۋە قائىدە- يوسۇنلىرىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ ھەم بۇ ھەقتىكى تەسىراتلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ ئادەمگەرچىلىك قائىدە-يوسۇنلىرىنى قانچە ماختىساق ماختىغۇچىلىكى بار. مانجۇ خاندانلىقىنىڭ ئامبال- بەگلىرى ئۇلارنى گومانخور، يالغانچى، ھورۇن ھەم نادان دېيىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئۇلارنى قورقۇنچاق، دىنى سۇس، ھەم بۇزۇق دېيىشىدۇ. بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان پۈتمەس- تۈگىمەس قۇللۇق ئاسارىتى، زورلۇق- زومبۇلۇق ھەم ئادالەتسىزلىكلەر ئەنە شۇنداق بىر- بىرىگە ئىشەنمەسلىك، ھورۇنلۇق، يالغانچىلىق، بۇزۇقلۇق دېگەندەك ئىللەتلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەپچى بولىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ مىللەتتە باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن بولمىغان شۇنداق بىر سېھرىي كۈچ باركى، ئەگەر بۇ مىللەت باشقىچە بىر ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولالىغان بولسىدى، ئۆزلىرى بىلەن بىر دىندىكى باشقا مىللەتلەرنى ئاقىدا قالدۇرۇپ، ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. ئالتە شەھەرلىكلەر كۆيۈمچان، باغرى يۇمشاق، ئۇچۇق- يۇرۇق، ئەمگەكچان ۋە قائىدە-يوسۇنلۇق خەلق. ئۇلار قائىدە-يوسۇننى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. ئەمما ئالتە شەھەر بەگلىرى قائىدە- يوسۇنلارنى بەك ئاشۇرۇۋېتىدۇ.» (7)

قەشقەر خاقانىيە خانلىقى دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىلىش مەركىزى بولغانىدى. ھالبۇكى، چوقان بۇ يەرلەردىكى ئىسلام ئېتىقادى ۋە ئىسلام يوسۇنلىرىنىڭ باشقا جايلار ( قوقان ۋە بۇخارالار) بىلەن خىلى روشەن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، «بۇ يەردە ئىسلام دىنى يەرلىك قائىدە- يوسۇنلارغا بېقىنىپ يەرلىكلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش رولىنى يوقاتقان. ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا جايلىرىدا قەتئىي كۆزگە چېلىقمايدىغان ئاياللار ئازاتلىقىنىڭ ئۆزىلا بۇ نوقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ»(8) دەيدۇ. چوقاننىڭ بۇ يەردە تىلغا ئالغان «ئاياللار ئەركىنلىكى» دېگەندە، ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىششى نەزەردە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇ بۇھەقتە توختۇلۇپ، «ئالتە شەھەرنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋە ئائىلىدىكى ئورنىنىڭ يوقىرىلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ھەتتا جەمئىيەت ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان ئاياللارمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. يەكەن ھاكىمبېگى ھادىنىڭ ئايالى رەھىمە 1765-يىلى يەكەندە تۆزۈملەرنى چىگىتىپ ئەلنى ئەمىن تاپقۇزغان. قەشقەر ھاكىمبېگى يۇنۇس ۋاڭنىڭ ئايالى سەكىمەخان مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا قازا قىلغان. ئالتە شەھەردە ئاياللار ئەرلىرى بىلەن بىللە مەشرەپ، بەزمىلەرگە بارىدۇ. بۇ يەردە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئاز ئۇچرايدۇ»(9) دەيدۇ ھەمدە ئەمىلى مىساللارنى نەقىل كەلتۈرىدۇ.

قەشقەرگە كەلگەن چەتئەللىكلەر ياكى چەتئەللىكلەر نەزىرىدىكى قەشقەر دېگەن بۇ تېمىدا توختالغاندا، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چارروسىيەدە ياشاپ ئۆتكەن «مەشھۇر كېڭەيمىچىلەرنىڭ بىرى»(10)، روسىيىلىك يەنە بىر سەيياھ ئا. ن.كوروپاتكىننى قىستقىچە ئەسلەپ ئۆتۈش ئارتۇقچە ئەمەس دەپ قارايمىز. 1876-يىلى مايدا تۈركىستاننىڭ باش ۋالىسى، ياساۋۇل گېنېرال ۋون. كائوفمان ( Von Kaufmann) ياقۇپبەگ ئىشغالىيىتىدىكى رايون بىلەن پەرغانە ئۆلكىسى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا لىنىيىسىنى يېڭىباشتىن ئايرىپ بەلگىلەپ چىقىش ئۈستىدە ياقۇپبەگ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى تۈنجى قېتىم قەشقەرىيەگە ئەۋەتىدۇ. كوروپاتكىن بۇ ھەقتە مونۇلارنى يازىدۇ: «مەن بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ مەسئۇللىقىنى ئۆز ئۈستۈمگە

ئالدىم. مېنىڭ ئاكام، توپچى قىسمىنىڭ كاپىتانى ن. كوروپاتكىن (N. Kroopatkin) ۋە لېيتېنانت ن.ستارتسېيېۋ (N. Startseff) بىلەن ئا. سونارگولوۋ (A. Soonargoolooff) لارمۇ بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىقىغا بەلگىلەندى. بۇنىڭدىن سىرت بىزگە ساقچىلىق قىلىش ئۈچۈن يەنە 15 كازاك ئەسكەر ئاجرىتىپ بېرىلدى.» (11)

كوروپاتكىن گەرچە «قەشقەرىيە» ناملىق بىر كىتاب يېزىپ چىققان بولسىمۇ، بۇ يەردىكى <قەشقەرىيە> جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالتە شەھەرنى كۆرسىتەتتى، شۇ سەۋەپتىن پۈتۈن كىتابتا قەشقەر نامى ئاتىلىپ بېرىلگەن بايانلار كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئۆز مۇددىئاسىنى ئاساس قىلغان هالدا يەر شەكلى، رايونلار ئەھۋالى قاتارلىقلارغا ئالاھىدە قىزىقىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «قەشقەرىيە تۈزلەڭلىكىنىڭ يەرلىرى شور تۇپراقلىق، پەقەت بوستانلىقلارلا مۇنبەت كېلىدۇ. قەشقەر دەرياسى ۋادىسىنىڭ جەنۇب تەرىپى كەڭ قۇملۇق چول بىلەن قاپلانغان. ئۇنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا قىسىملىرىدا قۇملۇقلار ئاز. بۇ جايلاردا ئېدىرلىق شەكلىنى ئالغان قۇملۇقلارنى ئاندا- ساندا ئۇچرىتىش مۇمكىن. تاغ باغرىدىكى يەرلەر شېغىل تاشلىق سايلاردۇر.» (12) «ھەر بىر رايوندا بىردىن شەھەر ۋە نۇرغۇنلىغان چوڭ- كىچىك مەھەللىلەر بار. قەشقەر رايونىغا تەۋە يەرلەردىن سەمەن، توققۇزاق، قوغان، قاراقىر، بەشكىرەم، ئاۋات، قىزىلبۇي، ياندۇرما، باي توقاي، قوشئاۋات، پەيزىئاۋات، كويسەڭگى، تۇپراقلىق، قارا باغ، پاراچ، بورا خىتاي، ناچۇق، دۆلەتباغ ۋە قىزىل دۆۋە قاتارلىقلار بار.» (13) ئۇنىڭدىن باشقا، كوروپاتكىن يازمىسىدا («قەشقەرىيە» دە) قەشقەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى ھەرساھە ئەھۋالىغا ئالاقىدار خېلى كۆپ ئۇچۇرلار بار.

## تەۋەككۇلچى ئىنگلىزلار ۋە چىنباغدىكى كونسۇل خانىملىرىنىڭ قەشقەر تەسراتى

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا چارروسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كېڭىيىشى ۋە پامىر رايونىغا تەدرىجىي يېقىنلاپ كېلىشى ھىندىستاننى بېسىپ ياتقان برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ دىققەت- ئېتىبارىنى قوزغاشقا

باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق بىرتانىيە ھۆكۈمىتى تارىم ئويمانلىقىغا زور تۆركۈمدىكى ئېكسپېدىتسىيىچى ۋە ئۇچۇر توپلىغۇچىلارنى ئەۋەتىدۇ. شۇ مەزگىللەردىكى تارىم ۋادىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىدىن ياۋرۇپا ئەللىرىگە بىر قەدەر ئەتراپلىق ئۇچۇر بەرگۈچى ئەنگلىيىلىك روبېرت شاۋ ۋە ئۇنىڭ قەشقەر ۋە يەكەن ھەققىدە يازغان «ئەنگلىيىلىك بىر سودىگەرنىڭ تەۋەككۈلچىلىك خاتىرىسى»14دىگەن كىتابىدۇر.

1868-يىلى 20- ئەسىرنىڭ ... 

1868-يىلى 20- سىنتەبىردە ئەمدىلا 29 ياشقا كىرگەن ئەنگلىيىلىك چاي سودىگىرى ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۈز ئۈستىگە ئېلىپ، لاداق رايونىدىكى لېھ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، ھىمالايا تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى سىرلىق ئويمانلىق___ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى يەركەن ۋە قەشقەرگە بېرىش ئىدى. بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقوپ بەگ تارىم ۋادىسىنى ئىگەللەپ، بۇ يەرلەرنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمرانىغا ئايلانغانىدى. روبېرت شاۋ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ياقۇپ بەگ بىلەن ئۈچ قېتىم كۆرۈشىدۇ. شۇنداقلا بىر مەزگىل ئۇنىڭ نەزەربەندى ئاستىدا تۇرىدۇ.

شاۋنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى سىياسىي مۇددىئانى ئاساس قىلغاچقا، ئۇ كىتابىدا ئاساسەن ياقۇب بەگ ئوردىسىدىكى ۋە سىياسىي، ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ئەھۋاللارنى كۆپلەپ بايان قىلغان. قەشقەر ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئالاقىدار ئەھۋاللار ئانچە كۆپ كۆرۈلمەيدۇ. ئۇ ئەينى دەۋردىكى ھېيت ھارپىسى ۋە قۇربان ھېيت ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ مونۇلارنى يازىدۇ: «بۈگۈن چۈشتىن كېيىن داقا-دۇمباق ساداسى ئىچىدە ئەتە ھېيت ئىكەنلىكى جاكارلاندى. بەزىلەر بۇ ئۈيگە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە توياق قوي ۋە ئىككى تۆگە ئەپ كىلىشتى. تەرجىمانىم بۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭ بىر قوشقارغا تىگىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەشكە ئۇچرىدى، بۇنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، قۇربانلىق قىلىنىدىغان قوينى بوغۇزلاشتىن ئىلگىرى ئالاھىدە ھۆرمەتلەش ۋە ئاسراش كىرەك ئىدى.» (15) ئۇ يەنە مۇنداق يازىدۇ: «بۈگۈن قۇربانلىق بايرىمى، قەشقەرلىكلەر ئۇنى « ھېيت » دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ئىبراھىمنىڭ

ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلغان كۈننى خاتىرلەش يۈزىسىدىندۇر.تاڭ سۈزۈلگەندە توّت پاي زەمبىرەك ئوقى ئېتىلدى، ئارقىدىن يەنە توّت پاي ئېتىلدى. تەرجىمانىمنىڭ ئېيتىشىچە، 5000ـ6000دەك كىشى بىر يەرگە توپلىشىپ ئىبادەت قىلىپتۇ، ئىبادەتكە ياقۇپ بەگمۇ قاتنىشىپتۇدەك.» (16)

1869ـ يىلى سىنتەبىرگە كەلگەندە، روبېرت شاۋ ياقۇپ بەگنىڭ نەزەربەند قىلىشىدىن خالاس بولۇپ، يەكەنگە قايتىشقا ئاتلىنىدۇ. ئۇ سەپەر ئۈستىدىكى كىشىلەر ھەققىدە توختۇلۇپ، « يەنە بىر توپ ئاياللاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇلار بېشىغا قارا گىرۋەكلىك دوپپا كېيىگەن، ئاق ياغلىق چەككەنىدى. تۇرالغۇمىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار چۈمبەلنى چۈشۈرۈپ يۈزلىرىنى يۆگىۋەتتى. مەلۇم سالاھىيەتكە ئىگە كىشلەر ۋە بەگ-تۆرىلەر ئۆتكەندە بولسا، قول قوۋۇشتۇرۇپ سالام بەجا كەلتۈرۈپ، < ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم > دەپ ئەھۋال سورىدى. ئۇلار مىنىڭ ئىمانسىزلىقىمدىن ئەسلا شۈبھىلەنمىدى. ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمگە كېيىۋالغان تونۇم ۋە بېشىمغا ئورىۋالغان سەللەمگە قاراپ، تەقۋادار مۇسۇلمان دەپ تونىدى. سېپىل دەرۋازىسىدىن كىرىپ- چىقىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى: بەگلەر ئىسىل كىمخاپ تونلارنى كېيىپ، بەللىرىگە كۈمۈش زەيلىك بەلباغلارنى تاقاپ، شەمشەر ئېسىپ، مۆرىلىرىدە مىلتىق كۆتۈرىۋالاتتى. موللىلار ئۈستىگە سىدام تون، بېشىغا يوغان سەللە كېيەتتى. ئۆتۈك كېيىۋالغان ھارۋاكەشلەر خوجايىنلىرىنىڭ ئاتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، ئايلاندۇراتتى ياكى سۇغۇراتتى، ئۇلارنىڭ بىرىنى مىنىۋالسا، يەنە بىرىنى يېتىلىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، سەللىنى كۆزىگىچە يۆگىگەنىدى. ئۇلار ئەنگىلىيىنىڭ ھارۋىكەشلىرىگە تولىمۇ ئوخشاپ كىتەتتى.» (17) دەپ يازىدۇ.

شاۋدىن كېيىن قەشقەرگە كىرگەن ئەنگىلىيىلىك يەنە بىر ئېكىسپېدىتسىيىچى، روبېرت شاۋنىڭ جىيەنى ياڭخازبەند بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ ۋە شىزاڭنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلار سەھنىسىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئەنگىلىيىلىكلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئەملىيەتتە ھىندىستاننىڭ شىمالىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئەنگىلىيىدىكى ساندخۇرست مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 19 يېشىدا ھىندىستانغا قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئەنگىلىكلەر ۋە رۇسىيىلىكلەرنىڭ

شىنجاڭ، پامىر ۋە قاراقۇرۇم ئېغىزىدىكى ھوقۇق تالىشىش ۋە كۈچ سىپىلشتۇرۇش كۈرىشىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان كىشى.

ئۇ ئىلگىرى بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ، موڭغۇل دالىسى، تارىم ۋادىلىرىنى بويلاپ كەشمىرگىچە بولغان بىر قىتىملىق ئوزۇن ۋە مۇشكۇل قوملۇق سەپىرىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. 1890-يىلى 1-نويابىرغا كەلگەندە، ياڭخازبەند قەشقەرگە قايتىپ كىلىدۇ. ئۇ قەشقەر توغرىسىدا: «مەمۇرى ۋەزىپەم مىنىڭ پۈتۈن بىر قىش مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىمنى تەلەپ قىلىدۇ» (18) دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ مەمۇرى ۋەزىپىسى ئامال قىلىپ ئەينى چاغدىكى رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېتروۋسكىي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاش ئىدى. ئۇ قەشقەردىكى مەزگىلدە شۋېتسىيىلىك سۇېن ھېدىن، فرانسىيىلىك رىنىسلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ شۇنداقلا ماكارتنىي، ھىندرىكس قاتارلىقلار بىلەن تونۇشىدۇ.

يېقىنقى دەۋر ئەنگلىيە تارىخىدا، بولۇپمۇ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەنگلىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىك تارىخىدا قەشقەر ناھايىتى مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئايلانغانىدى. ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەت ھىندىستاننى بېسىۋېلىشى، چارروسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بارغانسېرى كېڭەيمىچىلىكنى كۈچەيتىپ، كۆنسىرى جەنۇبقا قىستاپ كىلىشى بۇ ئىككى كېڭەيمىچى دۆلەتنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىكى مۇستەملىكە تالىشىش ھالىتىنى شەكىللەندۈردى. شىنجاڭ جۈملىدىن قەشقەر دەل ئۇلارنىڭ مۇشۇ رايوندىكى تىركىشىش ۋە كۈچ سىپىلشتۇررۇش ئورنى بولۇپ قالدى. رۇسىيە ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرى زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان چىڭ خاندانلىقىغا بېسىم ئىشلىتىپ ئارقا-ئارقىدىن قەشقەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلىپ، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئادەملىرىنى بۇ يەردە تۇرغۇزۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ رايوندىكى تەسىر دائىرىسىنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتمەكچى بولدى. رۇسىيە تەرەپ داڭلىق دىپلوماتلىرىنىڭ بىرى بولغان پېتروۋسكىينى قەشقەردىكى باش كونسۇللۇققا تەيىنلىگەن بولسا، برىتانىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگو ۋە شىنجاڭ ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە بولغان گېئورگىي ماكارتنىينى باش كونسۇللۇققا تالللاپ ئەۋەتىدۇ.

ماكارتىنىي ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتى قەشقەردىن ئىبارەت بۇ كۆزىتىش نوقتىسىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن تۇنجى ئەمەلدار. 1890 ـ يىلى 28 ياشلىق ماكارتىنىي ئۆزىنىدىن ئىككى ياش چوڭ بولغان ياڭخازبەنىد بىلەن بىرگە قەشقەرگە كەلگەن. «ئۇنىڭ قەشقەردىكى ئاشكارە ۋەزىپىسى قەشقەر ۋە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ھىندىستانغا قاراشلىق ئەنگلىيىلىك پۇقرالارنى باشقۇرۇش بولۇپ، بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ جايلاردىكى سودىگەرلەر ياكى جازانخورلار ئىدى. ئۇنىڭ ئاشكارە قىلمايدىغان ۋەزىپىسى رۇسىيىلىكلەرنىڭ قەشقەردىكى سۈيىقەستلىك پائالىيەتلىرىنى، بولۇپمۇ پېتروۋىسكىيدەك ھىيلىگەرنىڭ سۈيىقەستلىك پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىش ئىدى. ماكارتىنىي قەشقەرگە بارغان چاغدا، ئۇ يەردە تۇرغىنىغا سەككىز يىل بولغان پېتروۋىسكىي ئەمەلىيەتتە بۇ شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇۋالغانىدى» .(19)

1898 ـ يىلى ماكارتىنىي رۇخسەت بىلەن ئەنگلىيىگە دەم ئېلىشقا بارىدۇ ھەم قايتىشىدا ئايالى كاتارىن ماكارتىنىينى بىرگە ئېلىپ كېلىدۇ. گەرچە بىز گېئورگىي ماكارتىنىينىڭ قەشقەر ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىدىن ئانچە كۆپ خەۋەردار بولمىساقمۇ، ماكارتىنىي خانىمنىڭ قەشقەرگە بېغىشلاپ يازغان «قەشقەرنى ئەسلەيمەن» دىگەن ئەسىرى بىزنى ئەينى دەۋردىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ تۇرمۇشى، ھاياتى ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئەھۋالى قاتارلىقلارغا ئائىت ناھايىتى مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ماكارتىنىي خانىم قەشقەردە 17 يەتتە يىل تۇرۇش جەريانىدا قەشقەر ۋە بۇ يەردە ياشىغۇچى خەلقلەر ھەققىدە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ. ئۇ قەشقەرگە كەلگەندىكى دەسلەپكى تەسىراتلىرىنى مۇنداق يازىدۇ: «قەشقەرگە يېڭى بارغان چېغىمدا، بازارلاردا چەتئەل ماللىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئىنتايىن بايلارلا ئېسىل كىيىنگەننى ھسابقا ئالمىغاندا، ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇ جايدا توقۇلغان قىل ماتادىن كىيىم كىيەتتى. ئۇ چاغلاردا رۇسىيىدە ئىشلەنگەن كۆندىلىك بويۇملار تېپىلمايتتى. قەنتمۇ كەمچىل ئىدى. شۇڭا بۇ شەھەرنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان كونا قېلىپىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى، كوچىلىرى، بازارلىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ كونا پېتى تۇرغانلىقىنى

ئويلىسا، ئادەمگە تولىمۇ قىزىق تۇيۇلىدۇ. بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ كىيىنىشى، يېمەك-ئىچمىكى، تۇرالغۇ ئۆيلىرى ئەجداتلىرىنىڭكىدىن ھېچقانداق پەرق قىلمايتتى.» (20) ئۇ يەنە مۇنداق يازىدۇ: «ئېتىزلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەتراپى تۇپا تام بىلەن ئورالغان ئۈچ بۇرجەكلىك بىر پارچە يەر بولۇپ، رۇس شەكلىدىكى كرېست قادالغانىدى. بۇ رۇسىيىلىكلەرنىڭ قەبرىستانلىقى ئىدى. قەبرىستانلىق كەينىدە قەشقەر دەرياسى___ قىزىل دەرياسىنى كۆردۇم. دەريا بويىدا بەزىلىرى سۇ ئىچىدە، بەزىلىرى قىردا تۇرۇپ بىر مۇنچە ئات سۇ ئىچىۋاتاتتى. قىپيالىڭاچ باللار ياۋىداق ئاتلارغا مىنىۋالغانىدى. بۇ تۇغما يالىڭاچ باللار ئات ئۈستىدە قانداق ئولتۇرۇۋاتقاندۇ؟ ماڭا نىسبەتەن بۇ بىر مۆجىزە ئىدى: ئۇلار مىنگەن ئاتلىرىنىڭ بويىنىغا ئارغامچا باغلىۋالغان، ئاتلار ئۇلارغا بويسۇناتتى، ئۇلار بولسا ئات ئۈستىدە شۇنداق ئەركىن ئولتۇراتتى! دەريا بويىدا يەنە ئېشەكلەرگە ئارتىلغان سوغىلار، چېلەكلەرگە سۇ ئېلىۋاتقان ئەرلەر، ئوغۇل باللار بار ئىدى. ئۇلار بۇ سۇنى شەھەرگە ئەكىرىپ ساتاتتى. قىزىل دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدا بوياقچىلار بويىغان ماتالارنى دەريا سۈيىدە چايقايتتى. قىزىل رەڭدە بويالغان ماتالار چىرايلىق، ئوچۇق رەڭ ئالغانىدى. ئۇلار قارا رەڭدە ئېچىلغان لەيلە گۈلنى بوياق ماتېرىيالى قىلاتتى.» (21) مانا بۇلار شۇ دەۋردىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ ھاياتى ۋە تۇرمۇشىنىڭ قىسمەن كارتىنىسى، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى بىر قىسىم تېرىكچىلىك يوللىرىنىڭ جانلىق سۈرەتلىنىشى.

قەشقەر يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىش ۋە ئۆتىشىش تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن. بۇ ھال قەشقەرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىمۇ ناھايىتى روشەن بولۇپ، رۇسلار، ئىنگلىزلار، شۋېتلار ۋە باشقا مىللەتلەر بۇ يەردە ھەدەپ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى بازارغا سالغان ھەمدە ئىدىيە، مەپكۇرىلىرىنى تەرغىپ قىلىپ، يەرلىك خەلققە تەسىر كۆرسەتمەكچى ۋە ئۇلارنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان. شۇنداقلا بەزى ئەمەلى ئۈنۈملەرگىمۇ ئېرىشكەن. ماكارتنىي خانىمنىڭ تۆۋەندىكى بايانلىرىدىن بۇ نوقتىنى مەلۇم دەرىجىدە ھېس قىلالايمىز. «قەشقەرگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مىلاد بايرىمى بولدى. بىز رۇسىيە كونسۇلخانىسىدىن باغاق تاپشۇرۇۋالدۇق،

ئۇلار بىزنى مىلاد بايرىمى ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلغانىكەن ( رۇسىيىلىكلەرنىڭ مىلاد بايرىمى بىزدىن 13 كۈن كېيىن ئىكەن). ئۇ يەردە بىز باشقىلار بىلەن بىرگە ئارچىنى ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينىدۇق، ناخشا ئېيتتۇق، ناخشىنى ھەركىم ئۆزىنىڭ تىلىدا ئېيتتى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئەتراپىمغا نەزەر سالسام، كىشىلەر رۇسچە، ئىنگلىزچە، شۋېتچە، فرانسۇزچە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، ھىندىچە، پارىسچە سۆزلىشىۋېتىپتۇ.» (22) ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەرلىكلەرنىڭ ئىرقى ئالاھىدىلىكى، بەدەن قۇرۇلىشى ۋە تەقى-تۇقى، چىراي-شەكلىمۇ بۇ كونسۇل خانىمنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتقانىدى. ئۇ بۇ ھەقتىكى تەسىراتىنى « قەشقەر كىشىلىرىنىڭ تەقى-تۇرقى، چىراي-رۇخسارى ھەم خىلمۇ-خىل. يارۋۇپالىقلارغا خاس ئالاھىدە بەلگىلەر ئاز-تولا بار. ئەر-ئاياللار قاۋۇل، بەستلىك، كېلىشكەن، چىرايلىق بولۇپ، چىرايىدىن بىر خىل ئىسسىل سۈپەتلىك چىقىپ تۇراتتى. قىرغىزلارنىڭ يۈزى ياپىلاق، مەڭزى قىپقىزىل؛ ياندىن قاراشقا ئافغانلارنىڭ يۈز كۆپتى سۈزۈك ۋە ئېنىق كۆرۈنەتتى؛ يەنە ھىندى دىنىدىكى ۋە مۇسۇلمان دىنىدىكى ھىندىستانلىقلارمۇ، خەنزۇلارمۇ بار ئىدى. ئالتۇن چاچلىق، دېڭىز سۈيىدەك يېشىل كۆزلۈكلەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى. ئۇلار ئارىئان قېنىدىكىلەر بولىشى مۇمكىن. قەشقەردە كىشىلەر قەشقەرلىكلەرنىڭ زادى قايسى ئىرققا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئاسانلىقچە دەپ بېرەلمەيدۇ. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، كىشىلەرنىڭ تەرەپ- تەرەپتىن كىرىشى بىلەن بۇ يەردىكى ئىرقلارنىڭ شالغۇتلىشىشى خېلىلا ئېغىر. بۇ يەردىكى قىز-چوكانلار ناھايىتى چىرايلىق، جەزبىلىك، بەزى ئوغۇل باللارمۇ بەك كېلىشكەن. بولۇپمۇ ئورا كۆزرەك كەلگەن 12 ياشلاردىكى ئوغۇل-قىزلار ناھايىتى گۈزەل. ئۇلار دۇخاۋا، چىت رەختلەردىن كىيىم، يارىشىملىق تۇماق، دوپپىلارنى كىيسە، ئىتالىيانلارغا ياكى ئىسپانلاغا ئوخشاپ كېتىدۇ»(23) دەپ يازىدۇ.

ماكارتىني خانىمنىڭ قەشقەر ۋە قەشقەرلىكلەر توغرىسىدىكى تەسرات ۋە تۇنۇشلىرىنى تولۇقى بىلەن بىر-بىرلەپ بايان قىلشقا مۇمكىنچىلىكىمىز يار بەرمەيدۇ، بىراق بىز تۆۋەندىكى چوڭقۇر مەنىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن قىسقىغىنا بىر قانچە جۈملە تەسراتىنى ئوتتۇرغا قويۇپ ئۆتۈش ۋە ئۇ ھەقتە ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشنىڭ زۆرۈرىيتى بار دەپ قارايمىز: «بۇ

ئادەملەرنىڭ ( قەشقەرلىكلەرنى دىمەكچى) قولىقى يۇمشاق، باشقۇرۇش ئاسان، ئۇلارنىڭ بىرەر يامان ئىللەتلىرى يوق، ياخشى تەرەپلىرىمۇ يوق.» (24)

گېئورگىي ماكارتنىيدىن كېيىنمۇ ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانى ـ سىغا ئارقا ـ ئارقىدىن بىر قانچە كونسۇل كىلىپ، قەشقەردىكى رۇسىيىلىك ـ لەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتتى ۋە ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردىكى ئىمتىيازلىرىغا كاپالەتلىك قىلدى. «ماكارتنىي ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى تۇنجى ئەمەلدارى بولغان بولسا، سىپتون چىنباغدىكى كونسۇلخانىنى تاقىغۇچى بولدى.» (25) 1947 ـ يىلى ھىندىستا ن مۇستەقىل بولدى. ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ئېرىشىپ، دۆلىتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىدارە قىلىشى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنى ھىمايىسىز بىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

سىپتون قەشقەرگە كەلگەن ۋاقتىدا خانىمى دىئاناىنىمۇ بىرگە ئېلىپ كىلىدۇ. « دىئاننا خۇددى كاتارىن بىلەن بەسلەشكەندەك، قەلىمىنى سەپەرگە قەدەم بېسىش بىلەن تەڭلا ئىشقا سالىدۇ. مەقسەتسىز بولسىمۇ سىپتون ئەر ـ ئايال ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش ئۈچۈن ماڭغاندا، پامىر، قاراقۇرۇم تېغى ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، قەشقەرگە بېرىشتەك يېڭى يولنى تاللىۋالىدۇ.» (26) بۇ قەدىمى ماكاننىڭ ۋە ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ دەسلەپكى ئەھۋاللىرىنى كاتارىن ئەسلىمە قىلغان بولسا، كېيىنكى ئەھۋاللىرىنى دىئاننا يېزىپ قالدۇرىدۇ. ئۇ ئەينى دەۋر قەشقەر كىشىلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ جانلىق كارتىنىسى سۈپىتىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قەشقەر پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ماكانى ئىدى. ئۆزىنى مەھكەم ئورىۋالغان ئاياللار؛ ئۇزۇن ساقاللىق، يۈزى سۈزۈك، كىلىشكەن ئەرلە( ئۇلارنىڭ تىرىسى ئادەم ھاڭ ـ تاڭ قالغۇدەك ئاق ۋە سۈزۈك ئىدى)؛ ئۇياندىن ـ بۇيانغا ئۆتۈپ تۇرغان ئېشەكلەر؛ غىچىرلىغان مەپىلەر ياكى يارى ـ يار ھارۋىلار ( ئۇلارنىڭ چاقىنىڭ يوغانلىقى ئادەمنى ئەندىشىگە سالاتتى)؛ چىرايلىق توقۇلغان ئاتلار، بوينىغا ئېسىلغان كىچىككىنە كولدۇرمىلار ۋە پولاكلاپ تۇرغان پۆپۈكلەر؛ چاچلىرىنى نۇرغۇن كىچىك ئۆرۈم قىلىپ ئۆرگەن دوپپا كىيگەن قىزلار ۋە قىزچاقلار؛ ئاندا ـ ساندا

مۇڭلۇق نەي چېلىپ ئۆتكەن ئوغۇل باللار؛ يول بويىدا قوغۇن- تاۋۇز سېتىشقۋاتقان باققاللار ___ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تىپىك ئۇيغۇرلارنىڭ كۆرنىشىنى ھاسىل قىلاتتى.» (27) بۇ بايانلار تولىمۇ ئىنچىكە بولۇپ، ئۇنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا قەشقەرنىڭ ئەشۇ قايناق، جۇشقۇن مەنزىسى نامايان بولۇپ، خىياللار ۋە ئەسلىمىلەر ئىچىدە بۇ قەدىمى ماكاننىڭ ئاۋات رەستىلىرىگە قەدەم تاشلايدۇ.

دىئاننا سىپتونمۇ خۇددى كاتارىن ماكارتىنىيغا ئوخشاش ئەسرىدە قەشقەرلىكلەرنىڭ پىسخىكىسىغا دىئاگنوز قويۇپ مۇنداق يازىدۇ: «قەشقەرنىڭ ئادەملىرى ھۇرۇن، چېچىلاڭغۇ، ئەمما تىنىچ، ئىناق ياشايدىكەن. ئۇلار ئۇزاق زامانلاردىن بىرى مۇشۇنداق ياشاپ كەلگەنىكەن. ھازىر شۇنداق تىنىچ ياشاۋېتىپتۇ. شۇڭا، ئۇلاردا ئېسكىموسلاردەك جاسارەت ۋە قەيسەرلىك يوق، پاردانلاردەك ئۇرۇشخومار مىجەزىمۇ يېتىلدۈرمىگەنىدى. ئۇلاردا تىبەتلىكلەردەك جۇشقۇنلۇق ۋە تېتىكلىك، كەشمىرلىكلەردەك قولى گۈل، چىۋەرلىكتىنمۇ ئەسەر يوق ئىدى. ئەمما، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر دېھقانلار ھەرقانداق بىر جايدىكى ئاددى- ساددا كىشىلەرگە ئوخشاشلا دوستانە، مېھماندوست. ئۇلار ئاددىيسى بىرەر لەتىپىنىمۇ سىز بىلەن تەڭ بەھىر ئېلىشنى خالايتتى. بەزىدە ئۇلارنىڭ يالقاۋلىقى جانغا تېگەتتى. قىلغان ئىشىمۇ كۆڭۈلگە ياقمايتتى. ۋەھالەنكى، ئۇلارغا ئارتۇقچە تەلەپ قويمىسىڭىزلا، ئۇلار شۇنچىلىك جەلپكار، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئىدى.» (28) بۇ قەشقەرلىكلەرگە بېرىلگەن ئانچە ئىلمىي ۋە دەل باھا بولمىسىمۇ، يۇكسەك مەدەنىيەتلىك دەپ تەرىپلىنىشكە مۇيەسسەر بولغان غەرب دۇنياسىدىن كەلگەن بىر ئايالنىڭ قەشقەرلىكلەر ھەققىدىكى سەممىي ۋە چىن ئىنكاسى ئىدى.

## ھالاكەت دېڭىزىنى بويسۇندۇرغۇچى ھېدىن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ < يارى> قەشقەردە

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئاز بولمىغان شۇېتلار: ئېكسپېدىتسىيىچىلەر، مىسسىئونېرلار ئارقا- ئارقىدىن تارىم

ۋادىسىغا، جۇملىدىن قەشقەر رايونىغا كىلىپ، مىسسىئونىرلار ئىدىلوگىيە ساھاسىدە ئۆزگەرتىش ھەركىتىنى قوزغىغان بولسا، تەۋەككۈلچى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تارىمنىڭ سىرلىق قوۋۇقىنى قاتتىق چېكىپ، تارىخ، مەدەنىيەت، تىل ۋە ئارخىلوگىيە تەتقىقاتىدا ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بەش قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ، ھالاكەت دېڭىزىنى بويسۇندۇرغۇچى سۋېن ھېدىن ئەنە شۇلارنىڭ جۇملىسىدىندۇر.

سۋېن ھېدىن 1896-يىلى تۇنجى قېتىم سال بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى بويلاپ،ئۆز دەۋرىدىكى لوپنۇر رايونىنىڭ مەركىزى بولغان ئابدال كەنتىگە كەلگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن تاكى 1934-يىلىغىچە ئىلگىرى- ئاخىرى بەش قېتىم بۇ رايونغا ئېكسپېدىتسىيە سەپىرى قىلدۇ. لوپنۇردىكى قەدىمى كروران شەھەر خارابىسىنىڭ بايقىلىشى ھېدىننىڭ ئەشۇ تەۋەككۈلچىلىكلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

1890-يىلى سۋېن ھېدىن ئۈچ نەپەر خىزمەتكار ۋە رۇسىيە ئوفىتسىرىنىڭ ياردىمىدا بوران- چاپقۇنغا قارىماي ئوشدىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. نەچچە ئايلىق جاپالىق سەپەردىن كېيىن 14-دىكابىر قەشقەرگە يېتىپ كىلىدۇ. بۇ كۈن ھېدىن ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق بايانلار بار: «14-دىكابىر، ھېدىننىڭ ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىدا خاتىرلەشكە ئەرزىيدىغان بىر كۈن بولدى. بۇ كۈن ئۇ ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم كېيىنكى چاغلاردا كۆپ قېتىم ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ قوماندانلىق شتابى بولغان مەشھۇر تارىخى مەدەنىيەتلىك شەھەر___ قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.» (29) سۋېن ھېدىن بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: « ئۈچ كۈندىن بېرى بىز ئاقسۇدىن يولغا چىقتۇق. مۇھەممەت ئىمىن بىزگە ھەمراھ بولدى. 21-كۈنى بىز بارماقچى بولغان جاي قەشقەر___ سۇلغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ مېنىڭ كېيىنكى ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىم باشلىنىدىغان جاي ئىدى.» (30) گەرچە سۋېن ھېدىننىڭ قەشقەر ھەققىدە ئېيتقانلىرى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ تەۋەككۈلچىلىك ۋە ئىزدىنىش روھى بىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىكتۇر.

قەشقەر ھەققىدە زور ئىلمىي ئەمگەك مۇئەللىپلىرىنى روياپقا چىقارغان، قەشقەر خەلقى بىلەن چوڭقۇر رىشتە ئورناتقان شىۋىتسىيىلىك يەنە بىر مەشھۇر زات گۇننار ياررىڭدۇر. ئۇ 1929-يىلى ۋە 1978- يىلى قەشقەرگە ئىككى قېتىم كەلگەن بولۇپ، بۇ جەريانلاردا چوڭقۇر ئىزدىنىپ، تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىپ، قەشقەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، تىل- ئەدەبىياتى قاتارلىقلارغا ئائىت بىر قانچە پارچە ئەسەر يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق كىتابى قەشقەرگە بېغىشلاپ يازغان ئەسىرى بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن قەشقەر ۋە قەشقەرلىكلەرگە ئالاقىدار ناھايىتى مول ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز.

گۇننار ياررىڭنىڭ، يۇقاردا ئېيتقىنىمىزدەك قەشقەر ۋە قەشقەرلىكلەرگە بولغان مېھرى-مۇھەببىتى ناھايىتى چوڭقۇر، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قەشقەرگە بولغان يۈكسەك ھۆرمىتى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ قەشقەرگە كەلگەندىكى دەسلەپكى تەسىراتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: « 1929-يىلى قەشقەرگە كېلىپ خۇددى ھارىزقى دەۋردىن ئوتتۇرا ئەسىرگە___ < مىڭ بىر كېچە> نى فىلىمگە ئېلىش ئۈچۈن راسلىغان كۆرۈنۈش ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. بۇ يەردە يا ئاپتومبىل، يا موتسىكلىت يوق ئىدى. ھەتتا ۋېلسىپىتمۇ كۆزگە چېلىقمايتتى. بازار ئەتراپىدىكى قاراڭغۇ، تارچۇق كوچىلارنى يورۇتىدىغان ئېلىكتىر چىراغلار يوق ئىدى. قەشقەردە گېزىت يوق ، مەتبەئەدە بېسىلغان كىتاب تېخىمۇ يوق ئىدى. مىرزا- كاتىبلار چازا قورۇپ ئولتۇرۇپ، قولىيازمىلارنى ئەرەپ ھەرىپى بىلەن رەتلىك كۆچۈرەتتى. ھەممىلا يەردە لىق سۇ قاچىلانغان تولۇم-چاناشلارنى دۈمبىسىگە ئارتىپ سۇ توشۇۋاتقانلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. تارچۇق كوچىلاردا ھەر مىللەت كىشىلىرى مېڭىپ يۈرەتتى. بايلار ۋە ئېسىلزادىلەر چىرايلىق گۈللۈك يوپۇق- شالچا سېلىپ ئېگەرلەنگەن پوزور ئاتلارغا مىنىپ، مىغىلداپ تۇرغان كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆياقتىن-بۇياققا ئۆتۈپ يۈرەتتى. قول-ئىلكىدە پۇل-مېلى ئانچە جىق ئەمەسلەر ئېشەككە مىنەتتى، ھالبۇكى شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى بولغان كەمبەغەللەر پىيادە ماڭاتتى.» (31) گۇننار يارىڭ بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىدىكى قەشقەر ھەققىدە چوڭقۇر ھىسلارغا چۆمسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ قەدىمىي ماكاننىڭ دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن، ھېچ كىشى تەرىپىدىن

تەتقىق ۋە تەشۋىق قىلىنمىغانلىقىدىن ئىپچىنىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتىكى تەسىراتىنى مۇنداق ئىپادە قىلىدۇ: «كىشىلەر شۇ چاغدىكى قەشقەرگە ئوخشاش تازا روناق تاپقان ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام جەمئىيتىنى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدىن تاپالمايدۇ. ئىلگىرى ئافغانىستاندا شۇنداق جەمئىيەت خېلى ئۇزاق مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، بىراق بۇنداق جەمئىيەت ھازىرقى زاماننىڭ زوراۋانلىقى ئالدىدا ئۇ يەردىمۇ ئالللىقاچان بەربات بولۇپ كەتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، قەدىمكى قەشقەر ھەققىدە كىشىنى قانائەتلەندۈرگۈدەك ئەسەر يازىدىغان ئادەم چىقمىغانىدى. ئۇيەردىكى بازارلارنى ئەشۇ تۈرمۇشنى دەۋر قىلىپ شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ھاياتنى تەسۋىرلەيدىغان ئادەم چىقمىغانىدى.» (32)

قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇش بىلەن بىرگە ئەڭ چوڭ سۇدا مەركەزلىرىنىڭ بىرى. قەشقەرلىكلەر سودىغا تولىمۇ ماھىر، چوڭ-كىچىك ھەممەيلەندە مۇئەييەن سودا ئېڭى شەكىللەنگەن بولۇپ، سودىنىڭ ئېپىنى بىلىدۇ. گۇننار يارىڭ قەشقەر بازارلىرىنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: « قەشقەر بازارلىرىدىكى تار كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە دۇكانلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. دۇكاندارلار خېرىدار كۈتۈپ يەرگە سېلىنغان گىلەم ئۈستىدە چاژا قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلار ۋاقىراپ خېرىدار چاقىرمايدۇ. ۋاقىراپ-جاقىرايدىغانلار كوچىلاردىكى مۇقىم دۇكىنى يوق ئۇششاق ئېلىپ ساتارلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنى دۇكاندارلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. قەشقەر بازارلىرىدىكى نەرسىلەرنىڭ باھاسى تۇراقسىز بولىدۇ، دۇكاندار خېرىدارغا شۇنداق بىر قاراپلا خېرىدارنىڭ قانداق ئىقتىسادى مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى دىتلاپ بولىدۇ-دە، كېيىن ئۇنى ئىنەدەككە كەلتۈرۈشنىڭ ئاسان-ئاسان ئەمەسلىكىنى دەڭسەپ كۆرىدۇ. مانا بۇلار مالغا دەسلەپ باھا قويۇش دائىرسىنى بەلگىلەيدۇ. كەينىدىنلا يەنە بىردەم باھا تالىشىش بولىدۇ. بۇ سودىلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپنى پەيدىنپەي قىزىتىشتىكى سەنئەت شەكلىدىن ئىبارەت. بازاردا ھەربىر كەسىپ ۋە ھۈنەر-سەنئەتنىڭ مۇقىم ئورنى بولىدۇ. توقولما بويۇملار ۋە گىلەم بازىرىدىكى جىمجىتلىق بىلەن مىسكەر بازىرىدىكى تاراڭ-تۇرۇڭ قىلغان سادالار روشەن سېلىشتۇرما بولىدۇ.» (33)

1978 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گۇننار يارىڭ قەشقەرگە يەنە بىر قېتىم كەلدى. ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى تەسىراتى ئاۋالقى تەسىراتى بىلەن خېلى زور پەرققە ئىگە ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «مەن بۇ نۆۋەت قەشقەرگە كېلىپ، بۇنىڭ 1929 ـ 1930 ـ يىللىرى ئېسىمدە قالغان قەشقەردىن ناھايىتى چوڭ پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم، ئەمما يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ مەنزىرىسى ئېسىمدىكى مەنزىرە بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىدى... ۋەھالەنكى قەدىمىي كوچىلار خىيالىي تۈسكە ئايلانغان بولۇپ، قەدىمىي قەشقەرنىڭ كۆپلىگەن جايلىرى ئۆزىنىڭ كونا تۈسىنى يوقاتقان ئىدى. كوچىلاردا بېشىغا يوغان سەللە يۆگىگەن موللىلار كۆرۈنمەيتتى. ئېسىمدا قېلىشىچە، سەللىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى شۇ كىشىنىڭ ياش ـ قۇرامىنى، ئىلمىنى ۋە مەرتىۋىسىنى بىلدۈرەتتى. ئېشەككە مىنىپ تۆگىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقانلارنىڭ <posh_posh> دەپ ۋاقىرىغان ئاۋازى ئەمدى ئاڭلانمايتتى، ئەكسىچە ئاپتوموبىللارنىڭ < دۈت،دۈت> قىلغان قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ يېڭى ئۈيغۇر تىلىدا bermak signal ( سىگنال بەرمەك) ياكى tat_tat qilmaq ( تات ـ تات قىلماق) دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئەللىك يىل ئالدىدا بۇنداق سۆزلەر يوق ئىدى. ئىلگىرىكىدەك كۆپ تۆگىلەرمۇ كۆرۈنمەيتتى.» (34)

گۇننار يارىڭ قەشقەرنىڭ ئەينى چاغدىكى مۇئارىپى، يېزا ـ ئىگىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ سانائىتى توغرىسىدا توختۇلۇپ مۇنداق يازىدۇ: « بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن قەشقەردە سانائەت يوق ئىدى. شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بارلىق جايلاردىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۇتلاق كۆپ قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياكى ھىندىستاندىن ئىمپورت قىلىناتتى ۋە ياكى مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۈرۈمچى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى جايلاردىن بارلىق نەرسىلەر تۆگە كارۋىنى ئارقىلىق توشۇپ كېلىنەتتى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرگەن ئىدى. قەشقەر تېخى مۇھىم سانائەت مەركىزى بولمىسىمۇ، لېكىن ئاشۇ نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.» (35)

دەرۋەقە، گۇننار يارىڭنىڭ قەشقەرگە بولغان مۇھەببەت رىشتىسى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر پارچە قولىيازمىسىدا فامىلىسى بولغان < يارىڭ> دىگەن شۋېتچە سۆزنى ئۇيغۇرچە ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ: « مەن 1929ـ 1930ـ يىللىرى قەشقەرگە تۇنجى قېتىم بارغىنىمدا ۋە 1935ـ يىلى سىرناگاردىكى ئۇيغۇر كارۋانلىرى ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغلىرىمدا نۇرغۇن ئۇيغۇرلار مەندىن: < ھۆرمەتلىك ساھىب، سىزنىڭ [ يارىڭ] دېگەن ئىسمىڭىزنىڭ مەنىسى نىمە؟> دەپ سورىغانىدى. مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇلارغا شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭلارمۇ؟ مېنىڭ ئىسمىم ئۇيغۇرچىدۇر. مەنىسى [ مەن سىنىڭ يارىڭلار! ]دېگەنلىكتۇر> دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكىم ھېلىمۇ ئىسىمدە. ئۇلار مېنىڭ چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىمنى چۈشەنمەي: < شۇنداقمۇ؟ تولىمۇ مەنىلىك ئىسىمكەن. توۋا! شۋېدىيە تەرەپتىمۇ بىزنىڭ تىلىمىزدا ئىسىم قويىدىغىنىنى بىلمەيدىكەنمىز> دەپ ساقاللىرىنى سىلاشقانىدى. ئەمەلىيەتتە <يارىڭ> دىگەن بۇ ئىسىم شۋېتلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان كىشى ئىسمى بولۇپ، ئۇيغۇرچە بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ۋەھالەنكى، مېنىڭ بۇ فامىلەم ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىككىنچى شەخس ھالىتىدە < سىنىڭ يارىڭ> مەنىنى بىلدۈرىدىغان < يارىڭ> دىگەن سۆز بىلەن دەل چۈشكەنىدى. شۇڭلاشقا مەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھەردائىم ئويلىغىنىمدا ئىچ-ئىچىمدىن < مەن سىلەرنىڭ يارىڭلار! >___ دېگۈم كېلىدۇ»(36) دەپ يازىدۇ.

## قېرىنداشلار نەزىرىدىكى قەشقەر

قەشقەرگە كەلگەن سەيياھلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاساسەن ياۋروپالىق، يەنە كېلىپ قەشقەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىقلاردىن ئانچە خەۋىرى بولمىغان، يەرلىكنىڭ تىلىنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر بولغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتىدا بولسۇن ياكى شۇ يەردە ياشىغۇچى خەلققە بولغان چۈشەنچىسىدە بولسۇن ھامان مەلۇم دەرىجىدىكى بىتەرەپلىمىكتىن خالى بولالمىدى. بىزگە يېقىن بولغان قېرىنداش مىللەتلەردىن قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش، تەتقىقاتتا بولغانلار يوق دېيەرلىك بولۇپ، 1858ـ يىلى چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى مەخسۇس ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتكەن چوقان ۋەلىخانوفتىن

سىرت، پەقەتلا XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا <ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت>كە كەلگەن نوشىرۋان يائۇشېفنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

نوشىرۋان يائۇشېف تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىن كەلگەن سەيياھ بولغاچقا، يەرلىكتىن ئۇچۇر ئىگەللىشى ناھايىتى ئاسانغا چۈشكەن. قىيىنچىلىقتا ئۇچرىمايلا جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا سىڭىپ كىرەلىگەچكە ئەينى دەۋر كىشىلىرى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىنى خېلىلا ئىشەنچلىك، خەلقنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئاڭ قاتلىمى ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى توغرا يورۇتۇپ بېرەلىگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ باشقا سەيياھلارغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئىلغار بولغان مائارىپ قارىشى بىلەن قوراللانغان ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭىچە مائارىپ ھەركىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان. ئۇيغۇرلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنى روشەن سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ رېئالنى ئەمەلىيىتىگە لايىقلا باھا بېرىپ، قېرىنداشلىرى بولغان بۇ خەلقلەرنىڭ ئەشۇ زەئىپ رېئاللىقىنى ئۆزگەرتىش يولىدا كۆپ كۈچ سەرپ قىلغانىدى.

1914-يىلى نوشىرۋان يائۇشېف دۇنيانى ساياھەت قىلىش ئىستىكىدە بولىدۇ. ئۇنىڭغا سەمەرقەندتە ئۇچراشقان بىر بۇخارالىق مۇدەررىس دۇنيانى كېزىپ چىقىشنىڭ تەسلىكىنى، شۇڭا ئۇيغۇرلار يۇرتىغا بېرىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ شۇ يىلى 11-ئاينىڭ 2-كۈنى كۇچاغا يېتىپ كېلىدۇ. كېيىنكى يىلى 4-ئايدا قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ، ئۇ قەشقەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن سېلىشتۇرما قىلىپ: «بۈگۈن ( 17-ئاپرېل) قەشقەرگە يېتىپ كەلدىم. قەشقەر خەۋەرلىرىنى ئىككىنچى مەكتۇبىمدا يازىمەن. ئالتە شەھەرنىڭ تىرىكچىلىك ئۇسۇلى ھەرجەھەتتىن مەركىزى ئاسىياغا ئوخشايدۇ. پەقەت مەركىزى ئاسىيا خەلقلىرى رۇسىيە ھامىيسىغا ئېلىنغاندىن كېيىن تۆمۈر يوللار ياسىلىپ زامانىۋىي قوراللار كەلدى. تىجارەت، زىرائەت، ۋە مائارىپ ئىشلىرى بىر ئىزغا چۈشۈشكە باشلىدى. ئالتە شەھەردە بولسا پۈتۈن ئىش نۇھ پەيتىچە قالدى، يارغۇچاق بىلەن ئۇن تارتىش، لامپا ئورنىغا جىنچىراغ يېقىش، ساماۋەر ئورنىغا قۇم چۆگۈن ئىشلىتىش، كوچىلاردا يالاڭ ئاياغ، يالاڭ تۆش، كالتە يەڭ پېتى يۈرۈش، قىزلىرىنى يات مىللەتلەرگە

بېرىش، ئىسسىزلىق هورۇنلۇق سەۋەبىدىن مۇهتاجلىقتا قېلىپ، دەرۋىشلىك، دىۋانىلىككە بېرىلىش، تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتكە جان-جەهلى بىلەن قارشى تۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۇپەتلەر بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ»(37)دەپ يازىدۇ.

نوشىرۋان يائۇشېۋ قەشقەر كوچىلىرى ۋە كوچا-كويلاردا بولىۋاتقان سۇرەن-چوقانلارنى كۆرۈپ بۇ خەلقنىڭ شۇ دەرىجىدىكى مەدەنىيەتسىز-لىكىدىن ۋە نادانلىقىدىن چوڭقۇر ئېچىنىدۇ، كوچىلار هەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «كوچىلىرى بەك تار هەم تەرتىپسىز، چاڭ-تۇزان كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇ تار ۋە چۇۋالچاق كوچىلاردا ئوتۇن ئارتىلغان ئېشەكلەر، مەپىگە چەككەن قاچىۋرلار، ئىككى-ئۈچ كىشى مىنگىشىۋالغان ئاتلار، كارۋان تۆگىلىرى، بېلىگىچە ئۇچۇق يالىڭاچ ئادەملەر، ئەر-ئايال، بالا-چاقىلار بىر-بىرى بىلەن قىستىلىشىپ يۈرىدۇ... بۇ يەردە كوچا بويىدا سۇرەن سالغۇچىلار، بىر تىيىن ئۈچۈن كوچىنى بېشىغا كىيىپ سوقۇشقۇچىلار، قىيامەت قايىم بولغاندەك ئورۇشىدىغانلار بەك كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئىشلاردىن خوتۇن-قىزلارمۇ چەتتە قالمايدۇ. ئاتا بالىسى ئالدىدا، بالىسى ئېغىزغا ئالغۇسىز گەپلەرنى قىلىدۇ. بۇ ئىش بۇ يەردە هېچقانچە ئەيىپ سانالمايدۇ. ئېرى خوتۇنىغا، خوتۇنى ئېرىغا ئاچچىقلىنىپمۇ، ئويناپ كۈلۈپمۇ هەر قىسما ئۇياتسىز سۆزلەرنى هەددى-هېسابسىز قىلىۋېرىدۇ. بۇ يەردە ئوغۇللارنى بولسۇن، قىزلارنى بولسۇن ئوقۇتۇش، تەربىيەلەشكە ئەهمىيەت بېرىلمەيدۇ.» (38)

نوشىرۋان يائۇشېۋ پۇتكۇل زىيارىتى جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تىل-ئەدەبىياتى، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادىتىگە ئالاهىدە دىققەت نەزىرى بىلەن قاراپ ماڭىدۇ. قانداق قىلغاندا تىلىمىز بىلەن ئەدەبىياتىمىزنى، مائارىپىمىزنى تەك تەرەققى قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزىدۇ هەمدە تىل بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتنىڭ ئاش بىلەن تۇزنىڭ مۇناسىۋىتىدەك قويۇق ئىكەنلىكىنى هېس قىلىدۇ. ئۇ بەزىدە تىلىمىزنىڭ موللىقى ۋە ساپلىقىدىن سۆيۈنسە، بەزىدە كىشىلەرنىڭ سۆزلەرنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، ئەبجەش سۆزلەپ يۈرگەنلىكىدىن ئېچىنىدۇ. ئۇ بۇ هەقتىكى هېسياتىنى مۇنداق ئىپادە قىلىدۇ: «ئالتە شەهەردە كورلا، كۇچا

تەرەپلەردە سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۆز تىللىرىنى سۆيگەنلىكلىرىنى كۆرۈپ بەك سۆيۈنگەن، كۆنلەرنىڭ بىرىدە تىلىمىزنىڭ تۈزىلىشىگە چىمپۇتكەنىدىم. لېكىن قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن بۇ ھەقتىكى ئۈمىدىم بىراز يۇمشاپ قالدى. چۈنكى ئۇلار ئۇيغۇرچە سۆزلەر بار تۇرۇقلۇق ئەرەبچە، پارىسچە سۆزلەرنى ئىشلىتىدىكەن. يېڭىچە ئۇسۇلدا ئوقۇتۇۋاتقان بىر مەكتەپنى كۆرۈشكە بارغانىدىم. مەن كىرىشىم بىلەن باللارغا قاراپ < قومۇئا> دېدى. باللارنى ئوقۇتۇپ كۆرسەتتى. يېرىمى ئەرەبچە، يېرىمى پارىسچە، ئازراقى ئۇيغۇرچە يېزىلغان سۆزلەرنى ئۆگىنىپتۇ. ئوقۇغان سۆزلەرنى باللارنىڭ ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمەيدۇ. نېمىشقا دېسەڭ، ئەرەبچە، پارىسچە، ئىستېيىڭى مەكتەپكە. كونا مەدرىسە بولغان بولسىغۇ سۆزلەپ ئولتۇررۇشنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى.» (39)

نوشىرۋان ياۋشېفنىڭ زىيارەت خاتىرىسىدە بىزنىڭ ئەڭ دىققىتىمىزنى تارتىشقا ۋە ئىتبار بېرىشكە تېگىشلىك يەنە بىر نەرسە شۇكى،ئەينى دەۋردە خەلقىمىز خۇراپاتلىققا شۇ قەدەر بېرىلىپ كەتكەنكى، خۇراپىي ئىدىيەلەر ئۇلارنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر ئورناپ، ئەڭ يوقىرى چەككە يەتكەنىدى. بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللارنى بايان قىلىپ نوشىرۋان مۇنداق يازىدۇ: «ئىسلام ئالىمىدىكى خۇراپاتلىقلارنى سۆزلەپ، يېزىپ تۈگىتىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. مۇنداق خۇراپاتلار ھەرقانداق يەردە بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماكانى ئالتە شەھەردۇر. قەيەردە بىر بۇلاق بار بولسا ئۇ قانداقتۇر بىر ۋەلىنىڭ ئاياغ ئىزىدىن ياكى ھاسىسىنىڭ ئىزىدىن پەيدا بولغان دېيىلىدۇ. قانداقلا بىر جايدا يىغىلىش بولسا ئۇيەردە ۋەلىلەرنىڭ كارامەتلىرى سۆزلەنمەي قالمايدۇ. ئۇلار خۇراپاتلىقتا شۇقەدەر ئۇچىغا چىققانكى، ۋەلىلەرنى خۇدا دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. تاغ، تاش، شامال، يامغۇر، قار، بوران دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋەلىلەرنىڭ كارامىتىگە باغلاپ سۆزلەيدۇ. دېمەك ئەۋلىيالارنىڭ كارامىتى ئاللانىڭ قۇدرىتىدىن ئۈستۈن قويۇلىدۇ.» (40) شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مىللەت جەھەتتىكى يېقىنلىق نوشىرۋاننىڭ بىزدىكى ئىللەتلەرنى بايقىشى ۋە ئۇنىڭغا دىئاگنوز قويۇشىنى ناھايىتى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتكەن ئىدى.

# ئازات شەھەردىكى ئەجنەبىيلەر ئاۋازى

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازات قىلىنىپ، خەلقىنىڭ قاتمۇ-قات زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ، ھۆرلۈككە ئېرىشىشى قەشقەر تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىپ، يېڭى قەشقەر ۋە يېڭىچە ئاڭ-ئىدىيىدىكى قەشقەرلىكلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇزاق زامانلاردىن بېرى خارلىنىپ، ئېزىلىپ كەلگەن ئاقكۆڭۈل خەلق يېڭىچە ھاياتتىن بەھرىلىنىشكە باشلىدى. بۇ دەۋر چەتئەللىكلەرنىڭ بۇ قەدىمىي دىيارغا بولغان قىزىقىشىنى تېخىمۇ قوزغىدى. بۇنىڭغا تىپىك مىسال سۈپىتىدە ئازاتلىق ھارپىسىدا قەشقەرگە كەلگەن فرانسىيىلىك ئايال سەيياھ ئاننا فىلىپنىڭ بۇ شەھەر ھەققىدىكى تەسىراتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

ئاننا فىلىپ 1948-يىلى نەنجىڭدىن ئۇرۇمچىگە كېلىپ، ئۇ يەردىن يۈك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ قەشقەرگە كېلىدۇ. قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن بىر كارۋان ياللاپ قاراقۇرۇم ئارقىلىق پاكىستانغا يېتىپ بارىدۇ. ئەينى چاغدا جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئۇرۇشى ئاللىقاچان ئاخىرلاشقان بولۇپ، ئۇ مۇشۇ دەۋردىكى قەشقەر ئەھۋالى ھەققىدە مۇھىم خاتىرىلەرنى يازىدۇ. بۇ چاغدا شىنجاڭدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى پاكىستاننىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كولسۇلخانىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەنىدى. ئاننا دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن «ئاسىيا كارۋىنى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ.

ئاننا كىتابىدا قەشقەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 1300 مېتىر ئېگىز ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، بۇ زېمىننى < غەربىي شىمالدىكى گۈزەل بوستانلىق> ،< بىر پارچە گۆھەر> ۋە < قوملۇق جەننىتى> دېگەندەك ناملار بىلەن تەرىپلەيدۇ، شۇنداقلا بۇ يەرنىڭ باھار پەسلىنىڭ ئىللىق، كۈز پەسلىنىڭ مول ھوسۇل شاتلىقىغا چۆمگەن، كۈزدە گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان باياشات، گۈزەل مەنزىرىسىنى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ يەنە قەدىمىي قەشقەرنىڭ خارابىلىشىشىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختۇلۇپ : « بۆلارنىڭ ھەممىسىگە ئىقلىمنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەپ بولغان، قۇرغاقچىلىق ۋە

قەھەتچىلىكنىڭ بارغانسىرى ئېغىرلىششى سانساناقسىز يېزا-كەنت، شەھەرلەرنى، بىپايان تۈزلەڭلىكلەرنى دەشتى-چۆللەرگە ئايلاندۇرۇۋەتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇم ئاستىغا غەرق بولدى. ئېرانلار ۋە تۇرانلار ئوتتۇرىسىدىكى قالايمىقان يېغىلىقلار بۇ يەرنىڭ سۇ ئىنشاتىنى ۋەيران قىلدى، قۇم دۆۋىلىرى ئۆستەڭ-كۆللەرگە ھۇجۇم قىلدى، خەلقنىڭ جان تومۇرى بولغان دەريا سۇلىرى ئىزدېرەكسىز غايىپ بولدى.» (41) دەپ يازىدۇ.

ئانىنىڭ قەلىمى ئاستىدا قەشقەردىكى يېڭى ھايات ۋە يېڭىچە كەيپىيات ناھايىتى جانلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە مونۇلارنى يازىدۇ: « شۇ چاغدا قەشقەر ئاسمىنى زۇمرەتتەك سۈزۈك بولۇپ، ھەممە يەر ئالتۇن رەڭ ياپراقلار ۋە قۇملار بىلەن بېزەلگەنىدى، بۇنداق رەڭدارلىقنى ھەر كۈنى، ھەر ۋاقىت، ھەر دەقىقە ئۇچراتقىلى بولاتتى. بۇ تىنىچ شەھەر ھەر پەيشەنبە___ بازار كۈنى ئالاھىدە جانلىنىپ كېتەتتى، مەسچىتلەر، قۇپقورۇق مەيدانلار بايرام كەيپىياتىغا چۆمەتتى. سودىگەرلەر توپ-توپى بىلەن تەرەپ-تەرەپلەردىن بۇ يەرگە كېلەتتى، ئېشەك، تۆگە كارۋانلىرى قىستا-قىستاڭ ئىچىدە ئۇياق- بۇياققا ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇ يەردە كۆكتات ۋە مېۋە-چېۋە، پاختىلىق ۋە يىپەك بۇيۇملار، خۇشپۇراق ماتېرىياللار ۋە ئۇن، خۇرۇم ماللار، ئىگەر ۋە باشقا ئات جابدۇقلىرى، زىبۇ-زىننەت بويۇملىرى، توخۇ،قوي، يۇڭ ۋە بۆزدىن توقۇلغان خورجۇن، چاي، گۈرۈچ، سەرەڭگە، تۈمۈر ئەسۋاپ قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ سودىسى بولاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېلىپ -سېتىلاتتى ياكى ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلاتتى، ئاياللار بېشىدىن ئايىغىغىچە يۆگەپ تۇرىدىغان ئۇزۇن چاپان كىيدىغان بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ ھەۋىسنى قوزغايتتى. كىشىلەر ئەڭ كۆپ يىغىلىدىغان جاي مەدداھلار ۋە ئەلنەغمىچىلەر ئولتۇرغان يەر بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنى چۆرىدەپ توپلاشقانىدى، ياشانغانلار ۋە باللار بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قىزغىن تاماشىبىن ئىدى. ئۇلار بىر ئولتۇرغانچە بىر قانچە سائەتلەپ داستان ياكى ساز ئاڭلايتتى، ئاڭلىغاندىمۇ ناھايىتى بېرىلىپ، زور ئىشتىياق بىلەن ئاڭلايتتى. بۇنداق نومۇرلاردىن بەھرىلەنگۈچىلەر ئىچىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىشىلىرى كەمدىن-كەم بولۇپ، پەقەت تەرتىپ ساقلىغۇچى خەنزۇ ساقچىلارلا ئۇ يەردە بولاتتى.» (42) مانا بۇ قەشقەردىن ئىبارەت قەدىمي

دىيارنىڭ يېڭى دەۋر ھارپىسىدىكى قايناق بازار ھاياتى ۋە تىرىكچىلىك ئۇسۇللىرىنىڭ جانلىق كارتىنىسى، قەشقەر خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە تۇرمۇشىنىڭ بىر چەتئەللىك نەزىرىدىكى تەبىئىي ئىنكاسى.

ئاننا قەشقەردىكى يىگىرمىچە ھايات توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ: « ئەينى ۋاقىتتا چىنباغدا بولۇشقا تېگىشلىك ھەممە ئۇسكىنە-جابدۇقلار تولۇق ئىدى. ئۇ يەردە تەملىك چايلارنى ئىچكىلى، بولكىلارنى يېگىلى، مۇنچىلارنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرگىلى بولاتتى، ھۇجرا ئۆيلەردە قەدىمىي كىتابلار، ئۈستىدە تام مەشلىرى ۋە ئارام بەخش كرىسلولار بار ئىدى. كىشىلەر بەزىدە داللاردا ئات چاپتۇرسا، بەزىدە قەشقەرنىڭ سىرلىرىنى ئىزدەپ ئۇياق-بۇياققا يول ئالاتتى. خەلق كاستۇم كىيىپ، گالاستۇك تاقاپ، ئۇچلۇق بەتىنگىلەرنى كىيىشكە باشلىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى قەشقەرنىڭ ئاللىقاچان يېڭىنىقى دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.» (43)

بىز چەتئەللىك سەيياھلارنىڭ قەشقەردىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ھەققىدىكى ئوخشاش بولمىغان بايانلىرىدىن بۇ مۇقەددەس دىيارنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگىچە بولغان تارىخى جەريانى توغرىسىدا مەلۇم تونۇش،تەسراتقا ئىگە بولالايمىز. كىشى ئۆز يۇرتىدىكى قارنى ۋە ۋۇجۇدىدىكى ئىللەتنى بايقاشتىن ھامان ئاجىز كېلىدۇ ھەم بىر خالىس ئەينەككە مۇھتاج بولىدۇ. مۇشۇ نوقتىنى چىقىش قىلغاندا، گەرچە چەتئەللىكلەرنىڭ كۆز- قاراشلىرى مەلۇم دەرىجىدىكى بىتەرەپلىمىك ۋە خاتا چۈشەنچىدىن خالى بولالمىسىمۇ، قەشقەر ۋە قەشقەلىكلەرنى،جۈملىدىن پۈتۈن مىللىتىمىزنى، ئۆزىمىزنى چۈشىنىشىمىزدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئىزاھاتلار:

1. لاڭ يىڭ: « <قۇتادغۇبىلىك> ۋە شەرق-غەرب مەدەنىيىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىلى 12-ئاي نەشرى، 19-20-بەتلەر.

2. پرژىۋالسكىي: « لوپنۇرغا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 287ـ بەت.

3. ئەسەت سۇلايمان: « تارىم قوۋۇقى چىكىلگەندە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002ـ يىلى 3ـ ئاي نەشرى، 3ـ بەت.

4. ماركوپولو: « ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991ـ يىلى 2ـ ئاي نەشرى، 82ـ 83ـ بەتلەر.

5. ۋېي چاڭخوڭ، خې خەنمىنلەر تۈزگەن: « چەتئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىلىرى»، شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت نەشرىياتى( خەنزۇچە)، 1994ـ يىلى 9ـ ئاي نەشرى، 72ـ بەت.

6. چوقان ۋەلىخانوف: «قەشقەر»، ۋېي چاڭخوڭ، خې خەنمىنلەر تۈزگەن: «چەتئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىلىرى»، شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت نەشرىياتى( خەنزۇچە)، 1994ـ يىلى 9ـ ئاي نەشرى، 74ـ بەت.

7.چوقان ۋەلىخانوف: «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 2001ـ يىل 2ـ سان،49ـ 50ـ بەتلەر.

8.يۇقارقى ژۇرنال، 44ـ بەت.

9. يۇقارقى ژۇرنال، 50ـ بەت.

10. ئا.ن.كوروپاتكىن: «قەشقەرىيە»، «نەشرىيات ئىلاۋىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1995ـ يىلى 5ـ ئاي نەشرى 1ـ بەت.

11. يۇقارقى كىتاب ، «مۇقەددىمە» ،3ـ بەت.

12. يۇقارقى كىتاب، 5ـ بەت.

13. يۇقارقى كىتاب، 37 ـ بەت.

14. 《一个英国商人的冒险：罗伯特•沙敖》，新疆人民出版社，2003 年 9 月版

15. 《一个英商人的冒险：罗伯特•沙敖》，新疆人民出版社，2003 年 9 月版，第 206 页

16. 同上，第 207 页

17. 《一个英商人的冒险：罗伯特•沙敖》，新疆人民出版社，2003 年 9 月版，第 230 页

18. 《丝绸之路与文明的对话》，中国中外关系史学会、暨南大学文学院主编，新疆人民出版社，2007 年 5 月版，第 207 页

19. كاتارىن ماكارتىنىي: «قەشقەرنى ئەسلەيمەن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000ـ يىلى 9ـ ئاي نەشرى، كىرىش سۆز،3ـ بەت.

20. يۇقارقى كىتاب ، 82 ـ بەت.

21. يۇقارقى كىتاب، 38ـ39ـ بەتلەر.

22. كاتارىن ماكارتىنىي: « قەشقەرنى ئەسلەيمەن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000ـ يىلى 9ـ ئاي نەشرى، 57 ـ بەت.

23. يۇقارقى كىتاب، 76ـ77 ـ بەتلەر.

24. يۇقارقى كىتاب، 67ـ بەت.

25. دىئاننا سىپتون: «قەدىمىي ماكان» ،«مۇقەددىمە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، 2 ـ بەت.

26. يۇقارقى كىتاب، «مۇقەددىمە» ، 3 ـ بەت.

27. يۇقارقى كىتاب ، 204 ـ بەت.

28. يۇقارقى كىتاب، 206 ـ بەت.

29. لى جۇن، دىڭ مياۋ: «سۆيۈن ھېدىن» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، 22 ـ بەت.

30. سۆيۈن ھېدىن: «ھايات ـ ماماتلىق باياۋان» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 118 ـ بەت.

31. گۇننار يارىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، 110 ـ 111 ـ بەتلەر.

32. يۇقارقى كىتاب، 113 ـ بەت.

33. يۇقارقى كىتاب ، 114 ـ بەت.

34. يۇقارقى كىتاب، 190 ـ 191 ـ بەتلەر.

35. گۇننار يارىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، 213 ـ بەت.

36. ئەسەت سۇلايمان: «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى7 ـ ئاي نەشرى، 232 ـ 233 ـ بەتلەر.

37. نوشىرۋان يائۇشېۋ: «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت» ، «مىراس» ، 2005 ـ يىللىق 2 ـ سان، 11 ـ بەت.

38. يۇقارقى ژۇرنال، 16 ـ بەت.

39. يۇقارقى ژۇرنال ، 2005 ـ يىللىق 4 ـ سان، 43 ـ بەت.

40. يۇقارقى ژۇرنال، 2005 ـ يىللىق 3 ـ سان، 50 ـ بەت.

41. 《丝绸之路与文明的对话》，中国中外关系史学会、暨南大学文学院 主编，新疆人民出版社，2007年5月版，第227页

42. 同上，第227页

43. 同上，第227页

بۇ ماقالە «مىراس» ژورنىلىنىڭ 2008 ـ يىللىق 6 ـ سانىدىن ئېلىندى.

ئابابەكرى ئابدۇرەشىد

# قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ توتېم ئېڭى

ئابلىمىت ئۆمەر بىلگە

توتېمىزم ھادىسىسى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۇرۇق ۋە قەبىلە بىلەن تەڭ شەكىللەنگەن بارلىق ئىنسانىيەتكە ئورتاق ھادىسە بولۇپ، بۇنىڭدىكى «توتېم» (مەتوت) سۆزى ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ ئالگونكىئان قەبىلىسىگە قاراشلىق ئوجىبىۋا ئۇرۇقدىكىلەرنىڭ «نامەتوتو» دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان، ئەسلىي مەنىسى «ئۇرۇق»، «ئەجداد»، «يىلتىز»، «قان قېرىنداش» دېگەنلىكتۇر.

سىگمۇند فرېئۇد ئۆزىنىڭ دىنشۇناسلىقتا بېغىشلانغان ۋەكىللىك ئەسىرى «توتېم ۋە پەرھىز»دە توتېمىزم ھادىسىلىرىنى ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىك ياكى ئورتاقلىقتا ئىگە دەپ كۆرسەتكەن:

(1توتېم ھايۋاننى ئۆلتۈرۈش ياكى يېيىش قاتتىق چەكلىنىدۇ. بۇ خىل ھايۋانلار ئالاھىدە بېقىلىدۇ ياكى قارىلىدۇ؛ 2) توتېم ھايۋان تاسادىپىي ئۆلۈپ قالسا، ئۇنىڭغا باشقا ئۇرۇق ئەزالىرىغا ئوخشاش تەزىيە بىلدۈرۈلىدۇ ۋە دەپنە قىلىنىدۇ؛ 3) مەلۇم شارائىتتىلا توتېم ھايۋاننى توتېمنىڭ مەلۇم ئەزاسىنىڭ يېيىشىگە يول قويۇلىدۇ؛ 4) مەلۇم شارائىتتا ياكى مەلۇم ئېھتىياجنىڭ قىستىشى بىلەن توتېم ھايۋان ئۆلتۈرۈلگەندە، گۇناھىنى تىلەش مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ 5) توتېم ھايۋان مۇراسىم ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنسا، ئۇنىڭغا ئاتاپ داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ 6) داغدۇغىلىق سورۇنلاردا ياكى دىنىي مۇراسىملاردا كىشىلەر مەلۇم ھايۋاننىڭ تېرىسىنى يېپىنىۋالىدۇ، مۇشۇ خىل ئەھۋالدىمۇ توتېم ئېتىقادى رول ئويناۋېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار توتېم ھايۋان ھېسابلىنىدۇ؛ 7) قەبىلە ۋە قەبىلە ئەزالىرى توتېم ھايۋاننىڭ نامىنى قوللىنىدۇ؛ 8) نۇرغۇن قەبىلىلەرنىڭ تۇغ - ئەلەملىرى، قوراللىرىغا توتېم ھايۋاننىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بولىدۇ، كىشىلەرمۇ بۇ خىل رەسىملەرنى بەدەنلىرىگە چېكىۋالىدۇ؛ 9) ئەگەر توتېم ناھايىتى ۋەھشىي، قورقۇنچلۇق

ھايۋان بولسا، قەبىلە ئەزالىرى شۇ توتېم نامى بىلەن ئاتالغان كىشىنىڭ ھەر خىل خەۋپ ـ خەتەردىن ساقلىنالايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ؛ 10) توتېم قىلىنغان ھايۋان قەبىلىنى قوغدايدۇ ۋە بولغۇسى ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ دەپ قارىلىدۇ؛ 11 (كىشىلەر توتېم ھايۋاننىڭ قەبىلىنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرىدىن بېشارەت بېرەلەيدىغانلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ يولباشچىسى ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىدۇ؛ 12) توتېم ئەزالىرى توتېم ھايۋاننىڭ ئۆزلىرى بىلەن نەسلداش ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىدۇ.①

توتېمنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرى ئەجدادلىرىمىز توتېمىزم چۈشەنچىلىرىدىمۇ روشەن كۆرۈلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي دەۋردە ئۆزلىرىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە مەلۇم مەنپەئەت ھايۋانات، دەل ـ دەرەخلەرنى توتېم ئوبيېكتى قىلىپ تاللىغان.

## بىرىنچى، دەل ــ دەرەخ توتېمى

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى دەل ـ دەرەخلەردىن ئاپىرىدە بولغان دەپ قارايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان خاتىرىلەر بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «بۆكۈ خاقان ئەپسانىسى» (بۆكۈ خاقان رىۋايىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىرقەدەر گەۋدىلىكتۇر. «بۆكۈ خاقان ئەپسانىسى»نىڭ بىرقانچە خىل ۋارىيانتى بار بولۇپ، ئاساسلىقى ئىلاھىي دەرەخنىڭ ئاسماندىن چۈشكەن ئىلاھىي نۇر تەسىرىدىن ئېغىر ئاياغ بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن بۆكۈ خاقاننىڭ ئاپىرىدە بولغانلىقى ياكى ئاسماندىن چۈشكەن ئىلاھىي نۇرنىڭ تەسىرىدىن دەريا ساھىلىدىكى ئىككى تۈپ دەرەخ ئوتتۇرىسىدىكى تۆپىلىكنىڭ تەدرىجىي چوڭىيىپ، ئۇنىڭدىن بۆكۈ خاقان قاتارلىق بەش ئوغۇلنىڭ تۇغۇلغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.

«بۆكۈ خاقان ئەپسانىسى» ئاساسلىقى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداد چۈشەنچىسى، ئېتنىقراقى توتېم چۈشەنچىسى توغرىسىدىكى يارالمىش ئەپسانىسى بولۇپ، «قوچۇ پادىشاھلىرىنىڭ شەجەرە تاش پۈتۈكى»، «قوچۇدىكى چى جەمەتىنىڭ شەجەرىسى»، «قۇتلانچىن ھەزرەتنىڭ ئابىدىسى»، پېرسىيە تارىخچىسى جۇۋەينىينىڭ »تارىخى جاھانگۇشاي»

ناملىق ئەسىرى قاتارلىق مەنبەلەردە بىرقەدەر تولۇق خاتىرىلەنگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «قوچۇ پادىشاھلىرىنىڭ شەجەرە تاش پۈتۈكى» ئەينى ۋاقىتتىكى خان جەمەتى ئىمزا قويغان تاش پۈتۈك بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇيغۇرلار زېمىنىدا قاراقورۇم دېيىلىدىغان تاغ بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۇغلار ۋە سېلىنگا دەيدىغان ئىككى دەريا ئېقىپ چىقىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى دەرەخكە ئاسماندىن زەڭگەر نۇر چۈشۈپتۇ. بۇ ئەلدىكىلەر ئۇ دەرەخنى ئاسراپتۇ. دەرەخ غولى بارا - بارا يوغىناپ، ئۇنى تولغاق تۇتۇپتۇ. نۇرمۇ داۋاملىق چۈشۈۋېرىپتۇ. توققۇز ئاي، ئون كۈن ئۆتكەندە دەرەخنىڭ پوقىقى يېرىلىپ ئۇنىڭدىن بەش ئوغۇل ئاپىرىدە بوپتۇ. كىشىلەر ئۇلارنى بېقىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكىنىڭ ئىسمى بۆكۈ خاقان بولۇپ، تۇرقى بەستلىك ئىكەن. ئۇ چوڭ بولۇپ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. كېيىن خەلققە پادىشاھ بوپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادىدىن 30 ئەۋلاد پادىشاھ ئۆتۈپ، يۇرۇن تېگىن دەۋرىگە كەلگەندە ئاپەت بېسىپتۇ، خەلق ئۆي - ماكانسىز قاپتۇ .ئۇلار يارغول ئايمىقىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ. ئۇ يەر بۆگۈنكى قوچۇ ئىكەن.②»

«بۆكۈ خاقان ئەپسانىسى»نىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى جۇۋەينىينىڭ «تارىخى جاھانگۇشاي» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدا ياشاپ كەلگەن ۋە بۇ دەريانى ئاساس قىلىپ ئىككىگە بۆلۈنگەن، دەپ قارايدىكەن .ئۇلار نوپۇسى كۆپەيگەندە، باشقىلارنى ئۆرنەك قىلىپ ئۆز ئىچىدىن بىرىنى باش قىلىپ سايلاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بەش يۈز يىل ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۆكۈ خاقان مەيدانغا كەپتۇ» .

ئەينى ۋاقىتتا قاراقورۇم تاغلىرىدا ئىككى دەريا بار بولۇپ، بىرى توغلا، يەنە بىرى سېلىنگا دەرياسى ئىكەن. بۇ ئىككى دەريا «قۇملانچۇ» دېگەن جايدا قوشۇلىدىكەن. ئىككى دەريانىڭ ئارىلىقىدا ئىككى توپ دەرەخ ئۆسىدىكەن، بىرىنى ئۇلار قۇچۇر دەپ ئاتايدىكەن. بۇ دەرەخ قارىغايغا ئوخشايدىكەن، يوپۇرماقلىرى قىشتا ئارچىنىڭكىدەك بولۇپ، مېۋىسىنىڭ

شەكلى ۋە تەمى پىستە (چىلغوزا)نىڭكىگە ئوخشايدىكەن. يەنە بىر تۈپ دەرەخنى ئۇلار توز (توس ياكى قېيىن دەرىخى) دەيدىكەن .ئىككى دەرەخ ئارىسىدا بىر دۆڭ پەيدا بوپتۇ. بىر كۈنى بۇ دۆڭگە ئاسماندىن نۇر چۈشۈپتۇ. دۆڭ كۈندىن - كۈنگە يوغىناپتۇ. بۇ مۆجىزىنى كۆرگەن ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى ھەيران قاپتۇ. ئۇلار دۆڭگە ھۆرمەت - تەزىم بىلەن يېقىنلىشىپتۇ. ئۇلار (دۆڭ تەرەپتىن) ناخشىدەك يېقىملىق ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ. ھەر كۈنى ئاخشىمى ئاشۇ دۆڭنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتتۇز قەدەم دائىرىگە نۇر چۈشۈپ تۇرىدىكەن. ئاخىر خۇددى ھامىلدارنىڭ كۆزى يورۇغاندەك دۆڭدىن بىر ئىشىك ئېچىلىپ، ئىچىدىن بارگاھ - چېدىرغا ئوخشاش بۆلۈنگەن بەش ئېغىز ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ھەربىر ئۆيدە بىردىن ئوغۇل بالا ئولتۇرغۇدەك ... ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى سۈرۈشتۈرگەنىكەن، كىشىلەر ئۇلارغا ھېلىقى ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. باللار دەرەخلەرگە ۋە ئۇنۇپ چىققان يەرگىمۇ ئۆز ئاتا - ئانىلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرگەنىدەك ئىززەت - ئېھتىرام بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. بۇ ۋاقىتتا دەرەخلەر زۇۋانغا كېلىپ: «ئېسىل پەزىلەتلىك باللىرىم، بۇ يەرگە كېلىپ باللىق بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلدىڭلار، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈڭلار، نامىڭلار مەڭگۈ ئۆچمىگەي» دەپتۇ. شۇ جايدىكى كىشىلەر توپ - توپى بىلەن باللارنى كۆتۈرۈشكە كەپتۇ ۋە شاھزادىلەرنى ھۆرمەتلىگەنىدەك ھۆرمەتلەپتۇ. كۆپچىلىك ئۇلاردىن ئايرىلار چاغدا چوڭىغا شونقۇر تېگىن، ئىككىنچىسىگە قوتۇر تېگىن، ئۈچىنچىسىگە تۆكەل تېگىن، تۆتىنچىسىگە ئور تېگىن، بەشىنچىسىگە بۆكۈ (بۇقۇ) تېگىن دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. كاتتا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ بۆكۈ تېگىننى قاغانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ھەممىگە قادىر تەڭرى بۆكۈ تېكىنگە ھەرقانداق ئەلنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئۈچ قاغا ئاتا قىپتۇ، نەدە ئىش يۈز بەرسە ئۇ قاغىلارنى شۇ يەرگە ئەۋەتىدىكەن، قاغانلار بېرىپ ئايغاقچىلىق قىلىپ، ئۇچۇرنى ئېلىپ كېلىدىكەن...③

ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېڭى، قەھرىمانلىق ئېڭى ۋە توتېم ئېڭى - چۈشەنچىلىرىنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ھالەتتىكى ئىپادىلىنىش شەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «ئوغۇزنامە»دىمۇ بۇ خىل چۈشەنچىگە ئائىت مۇنداق باياندار بار: «ئوغۇز خاقان ئوۋغا چىقتى.

ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخنى كۆردى. بۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز تەنھا ئولتۇراتتى. ئۇ ئىنتايىن ساھىبجامال ئىدى. ئوغۇز خاقان ئۇنى ئالدى... تىلىكىگە يەتتى ...ئۈچ ئوغۇللۇق بولدى. ئوغۇللىرىغا كۆك، تاغ، دېڭىز دەپ ئات قويىدى.④»

بۇ يەردە كۆل ئىچىدىكى دەرەخنىڭ بىۋاستە ئوغۇز خاقانغا بىر قىزنى سوۋغا قىلىشى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مەيلى دەرەخنىڭ ئىنسانىنى ئاپىرىدە قىلىشى بولسۇن ياكى ئىنسانىنىڭ دەرەخ غولىدا پەيدا بولۇپ قېلىشى بولسۇن، بۇلار ئەجدادلىرىمىز دەل ـ دەرەخ توتېمى چۈشەنچىلىرىنىڭ باشقىچە شەكىلدىكى ئىپادىلىنىشى بولۇپ، يەنىلا ئىپتىدائىي ئاڭ ـ تەپەككۇرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ:

(1ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئاڭ ـ چۈشەنچىلىرىدە ئۆز ئەجدادلىرىنى دەرەختىن ئاپىرىدە بولغان دەپ قارايدىغان دەرەخ توتېمى چۈشەنچىلىرى مەۋجۇت بولغان. يۇقىرىقى مەنبەلەر بۇ خىل چۈشەنچىلەرنىڭ ئەڭ ۋەكىللىك ئىپادىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(2 «بۆكۈ خاقان ئەپسانىسى»دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى «دەرەختىن تۆرەلمىگەن». گەرچە بۆكۈ خاقان ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۇيۇشقان كىشىلەر ئۆز پادىشاھىنىڭ دەرەختىن ئاپىرىدە بولغانلىقىنى بايان قىلسىمۇ، لېكىن ئۆز تارىخىنى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن دەپ قارايدۇ .دېمەك، «بۆكۈ خاقان ئەپسانىسى» مەلۇم قەبىلە ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئۇرۇقتىن تەشكىل تاپقان.

يەنە بىر مەسىلە شۇكى، «بۆكۈ خاقان ئەپسانىسى»نىڭ »تارىخى جاھانگۇشاي»دىكى ۋارىيانتىدا بۆكۈ خاقان قاتارلىق بەش ئوغۇل دەرەختىن ئەمەس، بەلكى دۆڭدىن تۆرەلگەن بولسىمۇ، ئەمما قەبىلە باشلىقلىرى ئۇلارغا سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئاناڭلار مۇشۇ دەپ دەرەخنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە شۇكى، ئۇلار گەرچە دۆڭدىن تۇغۇلغان بولسىمۇ، لېكىن دەل ـ دەرەخنى ئاتا

- ئانىمىز دەپ قارايدۇ. بۇ دۆك بىلەن دەل - دەرەخنى ئوخشاش ئۇلۇغلاش ئەمەلىيەتتە تەبىئەت قاراشلىرىنىڭ توتېمىزم قاراشلىرىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەنلىكى، يەنى ئۇلارنىڭ ئېڭىدا دۆك بىلەن دەرەخنىڭ ئوخشاش فۇنكسىيىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

(3)«ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار مىللەت ياكى سىياسىي ھاكىمىيەتتىن ئىبارەت ئومۇمىي گەۋدىگە ئۇيۇشقاندا «كۆك بۆرە»نى توتېم قىلغان. بۆرە توتېمىنى بىرقەدەر كېيىن بارلىققا كەلگەن ۋە بىرقەدەر ئومۇملاشقان توتېم ئىدى دەپ قارىساق، دەل - دەرەخ توتېمى شۇ ئومۇمىي گەۋدە ئىچىدىكى بىرقانچە ئۇرۇقنىڭ ۋە شۇلاردىن تۈزۈلگەن قەبىلە ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ توتېمى بولۇپ، ئاساسلىق توتېم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن. چۈنكى، «بىر ئۇرۇقنىڭ ئاساسەن بىر توتېمى بولاتتى. لېكىن، ئۇ بىرقانچە ئۇرۇقنىڭ تەدرىجىي بىرلىشىپ بىر مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ»⑤. شۇنداقتىمۇ بىر مىللەتتە يەنە بىر ئاساسلىق توتېم بولاتتى، بۇ توتېم ئەلۋەتتە شۇ خەلقنى بىرلىككە كەلتۈرگەن قەبىلە توتېمىنىڭ ئاساسلىق ئورۇنغا چىققانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

(4بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىسىدىن بىرى بولغان بۆكۈ قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغۇچى بۆكە قۇننى بۆكۈ خاقانىنىڭ ئەسلىي پروتوتىپى دەپ قارايدۇ⑥. ئالدىدا دەپ ئۆتۈلگەندەك، بۇ قاراشنىڭ مەلۇم ئاساسى بار دېيىشكە بولسىمۇ، لېكىن مىلادىيە 9 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلاردا ئۆز ئەجدادلىرىنى دەرەختىن ئاپىرىدە بولغان دەيدىغان ئەپسانىۋى چۈشەنچىلەرنىڭ يېگىۋاشتىن شەكىللىنىشى ئۇلارنىڭ تەپەككۇر سەۋىيىسى ۋە بىلىش ئىقتىدارىغا ماس كەلمەيدۇ. لېكىن، شۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۆكۈ قەبىلىسىدە ئۆز ئەجدادلىرىنى دەل - دەرەخكە باغلاپ چۈشەندۈرىدىغان توتېم چۈشەنچىلىرى بولغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، پانتېگىن باشچىلىقىدا غەربكە كۆچكەن 15 قەبىلە ئىچىدە بۆكۈ قەبىلىسىمۇ بار بولۇپ، كېيىن ئۇلار بېشبالىقتا ھاكىمىيەت قۇرغان ۋە كېيىنچە ھاكىمىيەت مەركىزىنى قوچۇغا كۆچۈرگەن. دېمەك، «بۆكۈ خاقان ئەپسانىسى» ئەڭ

ئېپتىدائىي توتېمىزم چۈشەنچىلىرى، قەھرىمانلىق چۈشەنچىلىرى ۋە ھەر خىل تارىخىي قاراشلار بىرلىشىپ كەتكەن ئىپراق تارىخنىڭ چۆكمە مەھسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2. قۇش توتېمى

قۇش توتېمى دەل - دەرەخ توتېمىغا قارىغاندا بىرقەدەر ئومۇملۇققا ئىگە ئېتىقاد، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە تەپەككۇر شەكلى ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋېي - جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە قاڭقىللار (高车) دېيىلگەن. لېكىن، قاڭقىللار دىگىنى چىن - خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تۇرالار(丁零) لارنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى ئىدى. تۇرالار شاڭ - جۇ سۇلالىلىرى مەزگىلىدە ) «翟»دى) ياكى) «狄» دى) دەپ ئاتالغان «翟» .ۋە «狄» شۇبھىسىزكى، ئوخشاش بىر نامنىڭ ئىككى خىل يېزىلىشى ئىدى «翟» .بىر خىل قۇشنىڭ نامى بولۇپ، «狄»خېتى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە «翟» بولسا خېتى بىلەن يېزىلغان «狄». مەزكۇر قۇۋمنىڭ ئۆز نامى بولۇپ، «تۇرك» «دىگەن سۆزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىلىشى ئىدى. ئۇ يايلاقلاردا پەرۋاز «翟» .ئۇلارنىڭ توتېمى ئىدى. ئۇ يايلاقلاردا پەرۋاز قىلىدىغان بىر خىل يىرتقۇچ قۇش بولۇپ، بەزىلەر ئۇنى شۇڭقار دەپ قارايدۇ. دېمەك، قەدىمكى دى(狄) لار شۇڭقارنى توتېم قىلغان⑦. ئۇ يايلاق خەلقلىرى كۆندۈرۈۋالغان بىر خىل سېرىق بۈركۈت بولۇپ، تۇمشۇقى ئەگرى، تىرناقلىرى ئۆتكۈر، ئوۋغا ماھىر قۇش ئىدى. تېزلىك بىلەن شۇڭغۇيالايتتى، كىچىك ھايۋانلار، قۇش تۈرىدىكىلەر ۋە بېلىقلارنى تۇتۇپ يەيتتى. قەدىمكى دىلار بۇ خىل قۇشنى توتېم قىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ نامى قىلىپ قوللانغان. دېمەك، «قۇشنى ئۇرۇق نامى قىلىپ قوللىنىش توتېمىزم ھادىسىسىنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر. ئىپراق قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ نامى توتېم نامىدىن كەلگەن»⑧. ئۇلارنىڭ بۇ خىل چۈشەنچىلىرى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىگە يېقىن بولغان ئۇچار قۇشلارغا مەنپەئەتدارلىق نۇقتىسىدىن چوقۇنۇش، بارا - بارا ئۇلارنىڭ نامىنى ئۆز ئۇرۇقى نامىغا ئايلاندۇرۇش، يەنى ئۇرۇق نامىنى شۇ خىل توتېم نامى بىلەن

ئاتاش، ئاخىردا ئۇرۇق ۋە توتېمنى بىر گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت تەپەككۇر تەرەققىياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن.

«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە مۇنداق خاتىرىلەر بار: 788 ـ يىلى ئۇيغۇر خانى تاڭ ئوردىسىغا ئىلتىماس قىلىپ، ئۆزىنىڭ خەنزۇچە نامى بولغان «回纥» دېگەن سۆزدىكى «纥» خېتىنى «شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلغۇچى «دېگەن مەنىدىكى «鹘» خېتىگە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان⑨. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئۇيغۇر» دېگەن نامغا مۇنداق ئىزاھ يازغان: «ماڭا مۇھەممەد چاقىر تۇتقاغان ئوغلى نىزامىددىن ئىسرافىل توغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى 4000 ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن، ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن، زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە: دىنەرۈھ زۇھ نانى، يەنى بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي ئۆز ئوزۇقىنى ئۆز تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن، بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يەيدۇ، دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل دەپ ئاتىلىپتۇ...». بىز بۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا قۇشلارغا چوقۇنۇش ئېڭىنىڭ، يەنى قۇش توتېمىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆز ناملىرىنىڭ توتېم قۇشلار ناملىرىغا يېقىن بولۇشىنى ئويلىغان، كېيىم ـ كېچەكلىرىنى شۇ قۇشلارنىڭ شەكلىدە لايىھىلىگەن.

مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز دىۋانىدا خەلق ئارىسىدا «كۆك توپۇلغان» ئاتىلىق بىر ئىلاھىي قۇش چۈشەنچىسى بولغانلىقى توغرىسىدا: «بۇ قۇش قانىتىدا پولات بار ئىمىش، قانىتى بىلەن تاغنى بىر ئۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەر ئىمىش» دەپ يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆنچى دەريا ۋادىسىدىن تېپىلغان «كرۇران گۈزىلى» ئاتىلىق ئايال جەسەتنىڭ ئاخىرەتلىك بۆيۈمى قاتارىدا قۇش پەيلىرى قادالغان بۆك چىققان .ئارخېئولوگلار ئېچكى موگۇلنىڭ ئىچۇ ئايمىقىدىن ھون دەۋرىگە ئائىت ئالتۇن قارچىغا تاپقان. بۇ خىل مەنبەلەرمۇ ئەنە شۇ يىراق دەۋرلەردىكى توتېمىزم ھادىسىسى بىلەن تۇتاشسا كېرەك.

پارس تارىخچىسى رەشىدىددىنىنىڭ «جامىئۇت - تەۋارىخ «نامىلىق ئەسرىدە مۇنداق مۇھىم ئۇچۇرلار ئۇچرايدۇ: ئوغۇزخان ئالەمدىن ئۆتۈپ كۈن خان تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە ۋەزىر ئەرقىل خوجا بۇز ئوق ۋە ئۈچ ئوقلارنىڭ نامىلىرىنى قايتىدىن بېكىتتى، ئۇلارغا ئوڭ قانات قوشۇن، سول قانات قوشۇن نامىلىرىنى قايتىدىن بەردى. ئەرقىل خوجا يەنە ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ نامىنى، تامغىسىنى، بەلگىسىنى بەلگىلەپ بەردى. يەنە بۇ 24 ئۇرۇقنىڭ ھەربىرىگە مەلۇم ھايۋاننى «ئۇنغۇن» (ياكى »ئونقۇن«) قىلىپ بەلگىلەپ بەردى. بۇ سۆز «ئىناق» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، تۈركىي تىلدا «قۇت» ، «قۇتلۇق» دېگەن مەنىگە ئىگە. مەسىلەن، «ئىناق بولسۇن - قۇتلۇق بولسۇن دېگەنلىكتۇر» . ئۇلاردا شۇنداق بىر ئادەت باركى، ئومۇمەن مەلۇم قەبىلىنىڭ ئونقۇنىغا چېقىلمايدۇ، قارشىلىق قىلمايدۇ، گۆشىنى يېمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار شۇنداق قىلسا خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى بىلگەن. ھازىرغا كەلگۈچە ئۇنىڭ بۇ خىل ئەھمىيىتى ساقلانغان بولۇپ، ھەرقايسى قەبىلىلەر ئۆز ئونقۇنىنى بىلىدۇ. ھەرقايسى ئۇرۇقلارنىڭ «ئونقۇن» (توتېم ) نامىلىرى تۆۋەندىكىچە كۆرستىلگەن: «كۈن خاننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئاق قۇش 鹰 )ئو)، ئاي خاننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ تازقارا( 鹫 ) ، يۇلتۇز خاننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ لاچىن(鹰之兔猫) ، كۆك خاننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ شۇڭقار(隼) ، تاغ خاننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئۆركى ياكى ئۆچكە، دېڭىزخاننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بۈركۈت (چاقىر، 青鹰)لار ئىدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئوغۇز ئۇرۇقلىرى ئىچىدە 20 ئۇرۇقنىڭ توتېمى ھەر خىل قۇشلار بولغان بولسا، تۆتىنىڭ ھايۋان بولغان. دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلار قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى ئوغۇزلار ئاق قۇش، تازقارا، لاچىن، شۇڭقار، بۈركۈت قاتارلىق چەبدەس، ھەرىكەتچان، ئوۋ خۇمار، ھوشيار، جەڭگىۋار قۇشلارنى ئۆزلىرىنىڭ توتېملىرى دەپ بىلگەن.

بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلىرىدا مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ: ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەردىن تۈركىي قوۋملاردا، بولۇپمۇ موڭغۇللاردا كەڭ تۈردە قوللىنىلىدىغان «نۇگنو» سۆزى مەنە جەھەتتىن

«مەتوت» سۆزى بىلەن تەڭداش ئاتالغۇدۇر. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن موڭغۇللاردىكى «نۇگنو»، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەردىكى «سوت/زوت» ۋە »كۇزى/كۇدى» سۆزلىرى دەل شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

دېمەكچى بولغىنىمىز شۇكى، 1 (موڭغۇل تىلىدىكى ئاتالغۇ دەپ قارالغان «نۇگنو» سۆزى «جامىئۇت - تەۋارىخ»تا »نۇقنۇئا» «ئونغۇن» (ياكى «ئونقۇن») شەكلىدە كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆز تۈركىي سۆزدۇر .چۈنكى، بۇ سۆز ئەسەردە ئېنىق قىلىپ «ئىناق» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دەپ ئىزاھلىنىدۇ .تۈركىي تىلىدىكى مەنىسى «قۇت» ياكى «قۇتلۇق»تۇر دەيدۇ. مىسال ئېلىپ «ئىناق بولسۇن - بۇ قۇتلۇق بولسۇن دېگەنلىكتۇر، دەپ ئىزاھلايدۇ».

«قۇت» ئىبارىسىگە كەلسەك، ئۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ چۈشەنچىلىرىدە ئاساسەن بەخت - سائادەت، مۇقەددەس، روھ، ئۇلۇغلۇق، ھەيۋەت، مۇبارەك، بەخت - تەلەي، تەقدىر، بەرىكەت، ئەزىز دېگەندەك مەنىلەردە ئىستېمال قىلىنغان. دېمەك، «ئۇنغۇن» سۆزى «ئىناق» سۆزىدىن كېلىپ چىققانىكەن، شۇنداقلا «قۇت» مەنىسىگە ئىگە ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇ موڭغۇل تىلىدىكى بىرەر ئىبارە بولۇشتىن ئاۋۋال ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېڭىدىكى ئەنە شۇ قۇت، مۇقەددەس، ئۇلۇغ، بەخت - تەلەي مەنىلىرىنى بىلدۈرگەن قەدىمىي بىر ئىبارىدۇر.

(2مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئوغۇز قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى بىرقەدەر مۇكەممەل ئىجتىمائىي تەشكىلىي قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇپ، بىر قەبىلىلەر بىرلەشمىسى ياكى ئىتتىپاقى سۈپىتىدە، ئىككى ھەربىي تەشكىلىي گۇرۇھ )بۇز ئوقلار ئوڭ قانات قوشۇنى، ئۈچ ئوقلار سول قانات قوشۇنى)، ئالتە ئۇرۇۇقداش قەبىلە، 24 ئۇرۇۇقتىن تەشكىل تاپقان. ئالتە ئۇرۇۇقداش قەبىلىنىڭ قەبىلە توتېمى، 24 ئۇرۇۇقنىڭ ئۇرۇق توتېمى بولغان. يۇقىرىدا ئەسكەرتىپ ئۆتكەنگە ئوخشاش، ئۇرۇۇقداش قەبىلىلەرنىڭ توتېمى ئۇلارنىڭ تەبىئەت ۋە ئالەم قاراشلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولسا، ھەرقايسى ئۇرۇۇقلارنىڭ توتېمىمۇ ئەلۋەتتە ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان جۇغراپىيىۋى مۇھىت ئاساسىدا، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك شەكلىگە ماسلاشقان ئاساستا تاللانغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇش توتېمى 20، ھايۋان توتېمى تۆت بولۇپ، قۇش توتېمى ئاساسىي ئورۇندا

تۇرىدۇ. توتېم ئوبيېكتلىرى ھوشيار، پۇراش، كۆرۈش سەزگۈسى ناھايىتى ئۆتكۈر، ھەرىكەتچان، سۈرلۈك قۇشلاردىن تەشكىل تاپقان. دېمەك، توتېم ئوبيېكتلىرى ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئېستېتىك قارىشى ئاساسىدا تاللانغان.

(3يۇقىرىقى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىدىن قارىغاندا، موڭغۇللارغا قارىغاندا تۈركىي خەلقلەردە بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئاۋۋال شەكىللەنگەن ۋە بىرقەدەر تۇراقلىق شەكىلگە كىرگەن ياكى بىرقەدەر سىستېمىلىق ھالەتكە ئۆتكەن. تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن بارا - بارا كۆچۈپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، بۇ خىل مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ئەسلىي ھالىتى ياكى تىپى موڭغۇل تىللىق خەلقلەرگە تەۋەررۇك بولۇپ قالغان، (مەسىلەن، كۆك تەڭرى ۋە بۆرە توتېمى توغرىسىدىكى ئېتىقاد - چۆشەنچىلەر) مۇھىمى ئۇلار بۇ خىل قەدىمىي مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى شۇ زامانىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرغان، بېيىتقان. دېمەك، يۇقىرىقىغا ئوخشاش ساھەلەردىكى مەدەنىيەت تەركىبلىرىنىڭ شەكىللىنىشى مۇئەييەن ئېھتىياجغا ئايلانغاندا ياكى ئەجداد قىلىنىشى مۇمكىنچىلىككە ئېرىشكەندە، ھامان ئۆزلىرىنىڭ يېڭى «ئىختىرالىرى»نى شۇ تۇپراقتا ئاللىبۇرۇن شەكىللىنىپ بولغان ئىلگىرىكى مەدەنىيەت تىپلىرىغا، ئۈلگىلىرىگە تەقلىد قىلغان. يۇقىرىقى مۇھاكىمىلەردىن شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، «ئۇنغۇن» (ئونقۇن) ئىبارىلىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت تىپلىرى ئەسلىي تۈركىي خەلقلەر ئېپتىدائىي ئاڭ - چۈشەنچىلىرىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، كېيىنچە موڭغۇل تىللىق خەلقلەر مەنىۋى چۈشەنچىلىرىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان.

(4«سوت/زوت» ئىبارىلىرىگە كەلسەك، بۇلارغا دائىر چۈشەنچىلەر ئەجداد روھىغا تېۋىنىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنى توتېم چۈشەنچىسى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. «كۈزى/كۈدى» ئىبارىلىرىگە كەلسە، گەرچە بۇ ئۇقۇملار تەبىئەت ۋە ئىنساندىن ھالقىغان كۈچ، مۇقەددەس بارلىق، ئىلاھ، تەڭرى مەنىسىدە كەلسىمۇ، يەنىلا توتېم مەنىسى بىلەن تەڭداش ئۇقۇم ئەمەس، ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا يەر ئىلاھى، يەنى يەر - سۇ تەڭرىسى شەكلىدە كېلىدۇ.

## 3 .ھايۋانات توتېمى

تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ھايۋانات توتېمى ئېتىقادىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مەنبەلەر ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىرقەدەر كۆپ. بۆرە، شىر، بۇغا، ئات قاتارلىق ھايۋانلارنى ئۇلۇغلاش، ئۇلارغا چوقۇنۇش، بەزىلىرىنى توتېم سۈپىتىدە چۈشىنىش ئەجدادلىرىمىزدا بىرقەدەر ئومۇملۇققا ئىگە. بولۇپمۇ بۆرە توتېمى تارىخى بىرقەدەر ئۇزۇن، تارقىلىش دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ بولغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد تىپىدۇر. ئەجدادلىرىمىز بۆرىدىن ئىبارەت بۇ ۋەھشىي ھايۋاننى ئۆزلىرىنىڭ نەسلى، ئەجدادى، قوغدىغۇچى ئىلاھى، ھەتتا جەڭ ئىلاھى دەپ قاراپ ئىلاھلاشتۇرغان.

قەدىمكى جۇڭگو مەنبەلىرىدىن ھون، كۆك تۈرك، ئۇيسۇن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىدە بۆرە توتېمى مەۋجۇت ئىكەنلىكى مەلۇم. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۆرە توتېمى توغرىسىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەرمۇ بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، نوپۇزلۇقلىرى قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەر ۋە قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى مەنبەلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

«ۋېي سۇلالىسى تارىخى. قاڭقىللار تەزكىرىسى»دە قاڭقىللار (ئېگىز ھارۋىلىقلار)نىڭ ئەجدادى ھېسابلانغان ھونلارنىڭ مەلىكىسى بىلەن كۆك بۆرىنىڭ جۈپلەشكەنلىكى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «ھون تەڭرىقۇتىنىڭ خانىشى ئىككى قىز تۇغقان بولۇپ، بۇ قىزلار ناھايىتى چىرايلىق بولغاچقا، ھونلار ئۇلارنى ئىلاھ (پەرىزات) دېيىشىدىكەن. ھون تەڭرىقۇتى > :قىزلىرىم قانداق كىشىلەر بىلەن جورا بولسا بولاركىن؟ <دەپ سوراپتۇ. باشقىلار > :ئۇلار تەڭرى بىلەن جورىلاشسا بولىدۇ <دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھون تەڭرىقۇتى ھونلار ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئادەم قەدىمى يەتمىگەن بىر جايغا تامىلىرى ئېگىز بىر قورغان سالدۇرۇپتۇ ھەم قىزلىرىنى قورغانغا جايلاشتۇرۇپ > :قىزلىرىمنى تەڭرىنىڭ ئۆزى كېلىپ قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن <دەپتۇ. ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئانىسى قىزلىرىنى سېغىنىپ كەتكەنلىكتىن ئۇلارنى كۆرمەكچى بوپتۇ. تەڭرىقۇت > :بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن <دەپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قورغان ئەتراپىغا بىر ئەركەك بۆرە پەيدا بولۇپ، قورغاننى

ياقىلاپ ھۇۋلايدىغان بوپتۇ ۋە قورغان تېمىنىڭ تۈۋىنى كولاپ ئۇۋا ياساپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ، بۆرە كەتمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىڭلىسى ئاچىسىغا : <دادام بىزنى مۇشۇ قورغانغا جايلاشتۇرۇپ قويغاندا، تەڭرى بىلەن جورا بولۇشىمىزنى ئارزۇ قىلغان .بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۆرە پەيدا بولدى. ئۇ بىر ئىلاھىي مەخلۇق ياكى بۆرە قىياپىتىدىكى تەڭرىنىڭ ئۆزىدۇر <دەپتۇ ۋە قورغاندىن چىقىپ بۆرىگە جورا بولماقچى بوپتۇ. ئاچىسى بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ< :بۆرە ھايۋان تۇرسا، ئۇنىڭغا جورا بولسەن دېيىش ئاتا ـ ئانىمىزغا ھاقارەت قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ <دەپتۇ. سىڭلىسى بۆرىنى شۇ قىياپەتتە كەلگەن تەڭرى دەپ تونۇپ قورغاندىن چىقىپ، بۆرىگە جورا بوپتۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ بىر دۆلەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپتۇ. بۇ ئەلنىڭ ئادەملىرى ناخشا ئېيتىشقا ماھىر بولۇپ، بۆرىگە ئوخشاش ھەم ئۇزۇن، ھەم ياڭراق ئاۋاز چىقىرالايدىغان بوپتۇ.«

ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ قەدىمكى بۇ ئەپسانىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «قەدىمكى ھون ھۆكۈمدارلىرىنىڭ بىرىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئىككى قىزى بار ئىكەن. بۇ قىزلار شۇنچىلىك چىرايلىق ئىكەنكى، پەقەت تەڭرىلەر بىلەن جۈپ بولۇش ئۈچۈنلا يارىتىلغاندەك ئىكەن. ئۇ ھون ھۆكۈمدارى ئۇلارنى ئىنسانلاردىن يىراق تۇتۇش ئۈچۈن مەملىكىتىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە ناھايىتى ئېگىز بىر راۋاق ياستىپتۇ ـ دە، ئۇلارنى شۇ راۋاققا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۇ قىزلار بىلەن ئۆيلىنىش ئۈچۈن يالۋۇرۇپ چاقىرىلغان تەڭرى ئاخىردا كۆك بۆرىنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ ئۇلارغا ئۆيلىنىپتۇ. بۇلاردىن توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر تۇغۇلۇپتۇ. توققۇز ئوغۇز بىلەن ئون ئۇيغۇرنىڭ باللىرى كۆپىيىپتۇ».

بۇ ئەپسانىدىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىنكى، »توققۇز ئوغۇز« بىلەن «ئون ئۇيغۇر» بىر تۇغقان ئانىدىن تۇغۇلغان قېرىنداشلار بولۇپ، بۇ تارىخشۇناسلار ئۇزاقتىن بۇيان تالاش ـ تارتىش قىلىپ كەلگەن «توققۇز ئوغۇز»، «ئون ئۇيغۇر» ياكى «توققۇز ئوغۇز»، «توققۇز ئۇيغۇر» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئېنىقلىۋېلىشىمىزغا مۇئەييەن پىكىر ئاساسى ھازىرلاپ بېرىدۇ.

«جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» 50 ـ جىلدىتا بىرقەدەر مۇكەممەل بۆرە ئەپسانىسى خاتىرىلەنگەن: «تۈركلەر ھونلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقى بولۇپ، فامىلىسى ئاشنا ئىدى. ئۇلار ئايرىم قوۋم بولغاندىن كېيىن، قوشنا ئەل بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا پۈتۈنلەي قىرىلىپ كېتىپ، پەقەت 10 ياشلىق بىرلا ئوغۇل بالا ھايات قاپتۇ. يات ئەلنىڭ ئەسكەرلىرى بالىنىڭ كىچىكلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۆلتۈرمەپتۇ ۋە ئۇنىڭ پۇتىنى كېسىۋېتىپ، سازلىققا تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بالىنىڭ قېشىغا بىر چىشى بۆرە كەپتۇ ۋە بالىنى گۆش بىلەن بېقىپتۇ. بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن بۆرە بىلەن بىللە يېتىپتۇ. نەتىجىدە چىشى بۆرە قورساق كۆتۈرۈپ قاپتۇ. يات ئەلنىڭ خاقانى ھېلىقى بالىنىڭ تېخىچە ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ھامىلىدار بۆرە ئىدىقۇت ئېلىنىڭ شىمالىدىكى تاغقا قېچىپ كەپتۇ. بۇ تاغدا بىر ئۆڭكۈر بار بولۇپ، ئۆڭكۈر ئالدىدا يايپېشىل جىلغا بار ئىكەن. بۆرە جىلغىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئۆڭكۈرنى ماكان تۇتۇپ، ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇللار چوڭ بولغاندىن كېيىن، سىرت بىلەن ئالاقىلىشىپ، توي قىلىشىپتۇ ۋە نۇرغۇن پەرزەنتلىك بوپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ ئىسمى ئاشنا ئىكەن. مانا مۇشۇ جەمەتتىكىلەر ھەممىدىن تېز كۆپىيىپ، جىلغىدىن چىقىپ ئالتاي تاغلىرىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ئولتۇراقلىشىپ، ئاۋارلار ئۈچۈن تۆمۈرچىلىك قىپتۇ.

يۇقىرىقى ئىككى ئەپسانىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، مەيلى تۈركلەر بولسۇن ياكى ئۇيغۇرلار بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىنى بۆرە بىلەن ئىنسانىنىڭ جۈپلىشىشى ئارقىلىق ئاۋۇغان دەپ قارىغان. لېكىن، پەرقلىق تەرەپلەر شۇكى، تۈركلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەپسانىلەردە ئەڭ دەسلەپكى ئۇرۇق نەسلى ئانا بۆرە بىلەن ئوغۇل بالىنىڭ جۈپلىشىشىدىن ئاۋۇيدۇ (ئۇيسۇنلارنىڭ بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال ئۇچرايدۇ). بۇلاردا بۆرە تەشەببۇسكار ھالەتتە، ئىنسان بالىسى بولسا پاسسىپ ھالەتتە كۆرۈلىدۇ، ھەتتا كېيىن يەنە ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈپ تاشلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېمى ھەققىدىكى ئەپسانىلىرىدە ئەڭ دەسلەپكى ئۇرۇق نەسلى ئەركەك بۆرە بىلەن ئايال )ئىنسان)نىڭ جۈپلىشىشىدىن ئاۋۇيدۇ. كۆك تەڭرى ئالاھىدە تەكلىپ

ئارقىلىق چاقىرتىلىپ، بۆرە سىياقىدا ھون تەڭرىقۇتىنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىغۇچى ئورۇندا كۆرۈلىدۇ؛ قىز تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ خىل تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر توقۇلمىلىرىدىن شۇنداق قاراش مۇمكىنكى، تۈركلەرنىڭ بۆرە توتېمى ھەققىدىكى ئەپسانىلىرى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ئاياللىق ھوقۇقى تۈزۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ياكى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋرىگە مەنسۇپ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەپسانىلىرى بولسا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ئانىلىق ھوقۇقى تۈزۈمىنىڭ ئاتىلىق ھوقۇقى تۈزۈمىگە ئالمىشىش دەۋرى، يەنى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى، ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ بىخ ئۇرۇش دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. شۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، دەۋر جەھەتتىن تۈركلەرنىڭ بۆرە توتېمى ئەپسانىسى قەدىمىيرەك، ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنرەك بولغان بولىدۇ. «ئوغۇزنامە»دە بۆرە پۈتۈنلەي ئەركەك بۆرە سىياقىدا مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ خىل ھادىسىنى ئەلۋەتتە ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى دەۋرنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆك تەڭرىنىڭ كۆك بۆرە سىياقىدا مەلىكىلەر بىلەن توي قىلغانلىقى بۆرە توتېمى چۈشەنچىسى بىلەن كۆك تەڭرى چۈشەنچىسىنىڭ بىر - بىرىگە ناھايىتى يېقىن تۇرىدىغانلىقىنى، ھەتتا بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك چۈشەنچىلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ توتېمىزم چۈشەنچىلىرى ئەڭ يۇقىرى قىممەت نىشانى ۋە ئېستېتىك يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلىدۇ: «تاڭ سۈزۈلگەندە ئوغۇز خاقاننىڭ چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشتى .ئۇ يورۇق نۇر ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك ياللىق بىر ئەركەك بۆرە چىقتى. بۇ بۆرە ئوغۇز خاقانغا مۇنداق دېدى> :ئەي ئوغۇز، سەن ئورۇمغا ئەسكەر چىقارساڭ، مەن ئالدىڭدا يول باشلاپ ماڭىمەن ...>شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇز خاقان چېدىرلىرىنى يىغىپ ئاتلاندى .قارىسا، لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا كۆك تۈكلۈك، كۆك ياللىق بىر ئەركەك بۆرە يول باشلاپ مېڭىۋاتقان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۆرىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئىلگىرىلىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كۆك تۈكلۈك، كۆك ياللىق بۇ چوڭ ئەركەك بۆرە يولدىن توختىدى. ئوغۇزمۇ لەشكەرلىرى بىلەن بىللە يولدىن توختىدى. بۇ يەردە ئېتىل دېگەن

بىر يەر بار ئىدى .ئېتىل دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى قارا تاغ باغرىدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى.«

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تاڭ سىزۇلگەندە ئوغۇزخاننىڭ چېدىرىغا چۈشكەن يورۇقلۇق، يورۇقلۇق ئىچىدىن چىققان كۆك تۈكلۈك، كۆك ياللىق ئەركەك بۆرە ئۇلارنىڭ توتېم چۈشەنچىسىدىكى يۈكسەكلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى توتېم ئوبيېكتى ھايۋانلىقتىن ھالقىپ ئىنسانلارنى قەيەرگە بېرىشقا، قەيەردە تۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ؛ قاچان ئۇرۇشقا ئاتلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئۇرۇشنى قاچان، قەيەردە قىلىشنىڭ كېرەكلىكى توغرىسىدا ئۇلارغا ئالدىن بېشارەت بېرىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە كۆك بۆرە توتېم سۈپىتىدە ئەمەس، دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىسىدىكى كۆك تەڭرى ئوغۇزخانغا ئەۋەتكەن ئەلچى، جەڭ ئىلاھى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ.

«ئوغۇزنامە»دە يەنە قەھرىمانلىق چۈشەنچىلىرى بىلەن توتېمزم چۈشەنچىلىرى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. مەسىلەن، «بىر كۈنى ئايخاننىڭ كۆزى يورۇدى، ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى. بۇ ئوغۇلنىڭ كۆزلىرى كۆك، ئېغىزى چوغدەك قىزىل، يۈزى ھال، چاچلىرى، قاشلىرى قارا ئىدى. ئۇ ھۆر - پەرىلەردىنمۇ چىرايلىقراق ئىدى... ئۇنىڭ پۇتى بۇقا پۇتىدەك، بېلى بۆرە بېلىدەك، مۈرىسى قارا بۇلغۇن مۈرىسىدەك، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى. پۈتۈن بەدىنىنى قويۇق تۈك باسقانىدى.

ئوغۇزخان سىياقىنىڭ يۇقىرىقى ھايۋانلارغا ئوخشىتىلىشى تاسادىپىي تەسۋىر بولماستىن، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرىدىن باشقا يۇقىرىقى ھايۋانلارنىمۇ توتېم قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇرى بويىچە ئۇلار توتېم بىلەن ئۆزئارا ئورتاقلىققا، شۇنداقلا فىزئولوگىيىلىك نۇقتىدىن بىر - بىرى بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە ئىدى. ئۇنداقتا ئوغۇز خاقاننىڭ بىرلا ۋاقىتتا يۇقىرىقى ھايۋاناتلارغا ئوخشىتىلىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

«ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخان: «مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان، ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان، تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان، كۆك بۆرە بولسۇن ھەم ئۇران

(شوئار)؛ تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان، ئۆۋلىقتا يۈرۈشسۇن مال - ۋاران؛ ھەم ئاقسۇن دەريا ۋە ئېقىن، قۇياش تۇغ بولسۇن، ئاسمان قورغان... مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن، مەن پۈتكۈل جاھاننىڭ خاقانى بولۇشۇم كېرەك...» دەپ جاكارلايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇكى، «ئوغۇزنامە»نىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلى، ئوغۇزخان بولسا ئۇيغۇر ئۇرۇقلىرى ۋە قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر سىياسي، ئىجتىمائىي گەۋدىگە ئايلاندۇرغۇچى تارىخىي قەھرىماننىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا ئوغۇزخان ئۇيغۇر - ئوغۇزلار تارىخىدىكى تۇنجى مىللىي ئىتتىپاق گەۋدىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى قەھرىمان بولغان بولىدۇ.

يەنە بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوغۇزخان يۈرۈشىدە «كۆك بۆرە» ئوبرازى جەڭگىۋار شوئار سۈپىتىدە قوشۇننىڭ روھىي تۈۋرۈكىگە ئايلىنىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئوغۇز بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشقان قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئاساسىدىكى مىللەت گەۋدىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى باش توتېمى يەنىلا «كۆك بۆرە» ئىدى. «تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بايرىقىغا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ <بۆرە باشلىق بايراق>دېيىلگەن. بۇ بايراق خان ئوردىسى ئالدىغا ئېسىلىدىغان بولۇپ، مۇھىم يىغىلىشلاردا ئۇنىڭغا تەزىم قىلىنغان، ھەتتا چەت ئەل ئەلچىلىرىمۇ ئالدى بىلەن بۇ بايراققا سالام بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن خان بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىنغان .«دېمەك، ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى تۇنجى ھاكىمىيەت گەۋدىسى ھېسابلىنىدىغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا بۆرە يەنىلا باش توتېم قىلىنغان ھەم سۈرىتى دۆلەت بايرىقىغا چۈشۈرۈلگەن، شۇنداقلا دۆلەت گېربى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە كۇسەن ئۇيغۇرلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، خانلىقتا قوش خانلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان .قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانى «ئارسلانخان» (شىرخان دېگەن مەنىدە)، كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانى بولسا «شىرخان» دەپ ئاتالغان. ئالدىنقى مۇھاكىمىلەردە بىز قوچۇ ئۇيغۇرلىرى خان جەمەتىنىڭ بۆكۈ قەبىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغانىدۇق، ئۇنىڭدىن ئۇلاردا دەرەخ

تۇتېمدىن سىرت يەنە ھايۋانات تۇتېمىمۇ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. قاراخانىيلار سۇلالىسىدىمۇ «ئارسلانخان»، «بۇغراخان» دېگەندەكناملار بولغان. بەزى ئالىملار ئارسلان ۋە بۇغرالار قارلۇق قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ئىككى مۇھىم قەبىلىنىڭ (ئۇرۇقنىڭ) تۇتېملىرىدۇر؛ ئارسلان چىگىللارنىڭ، بۇغرا بولسا ياغمىلارنىڭ تۇتېم ناملىرىدۇر، دەپ قارايدۇ.

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «كۇسەن خانى شىر شەكىللىك ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرىدۇ، شەھىرى بەش - ئالتە چاقىرىم كۆلەمدە كېلىدۇ»، «سۇلىي خانىمۇ شىرسىمان ئالتۇن تاج تاقايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ باشلانغۇچ ئېڭىدا شىرغا بولغان يۈكسەك ھۆرمەت، چوقۇنۇش، ھەتتا ئۇلارنى تۇتېم قىلىش چۈشەنچىلىرى بولغان.

قوشلار ياكى قوسلار دەپ ئاتالغان خەلقلەرمۇ ئۆكۈزنى تۇتېم قىلغان. تەتقىقاتچى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ» :تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبلىرىدا ياشىغان قوش ئېلى ئۆكۈزنى خاسىيەتلىك ھېسابلايتتى. ئۇلار بىرەر ھەرىكەت قىلماقچى بولغاندا، ئاۋۋال قوش (بىر جۈپ ئۆكۈز)نى قويۇپ بېرىدىكەن، قوش بېرىپ چۆككەن يەردە ماكان تۇتىدىكەن، جەڭدە قوش ئالغا ئىلگىرىلىسە يۈرۈش قىلىۋېرىدىكەن. شۇڭا، ئۇلار دەپ ئاتالغانىكەن... بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ، <قوش قويارلار>نىڭ قەدىمكى تۇتېمى ئۆكۈز بولسا كېرەك». بۇ ھەقتە يەنە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى باسكاكوف مۇنداق دەيدۇ: «تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ نامى <ئۆكۈز >مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆكۈز (بۇقا)نى تۇتېم قىلغان قەبىلە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

فرانسىيىلىك خاملتون ئەپەندى بۇقاسقىر قەبىلىسىنىڭ نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇقا (ئاقۇب) بىلەن سىير (رىيىس) سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ.

مۇشۇنداق بولغاندا، بۇقاسقىر قەبىلىسىنىڭ كالا (بۇقا بىلەن سىيىر)نى توتېم قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار مۇنداق قارايدۇ: «ئۇيغۇرلار توگرا (ئارگنوت، 同罗) دەپ ئاتىلىدىغان ھايۋانغىمۇ چوقۇنغانىدى. بۇ ھايۋان قاپلاننىڭ بىر خىلى ئىدى. ئۇلار بۇ ھايۋان پىلىنىمۇ ئۆلتۈرەلەيدۇ دەپ قارايتتى. رىۋايەتتىكى تۈركلەرنىڭ بىر خاقانى ئالىپ ئەر توگا يەنى <قاپلانغا ئوخشاش كۈچتۈگگۈر ئادەم> دەپ تەرىپلەنگەنىدى. ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىدىكى توگرا قەبىلىسى ئۆز نامىنى مۇشۇ نام بىلەن ئاتىغان بولۇشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قاپلاننى توتېم قىلغانلىقىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس .«ئومۇمەن، ئوغۇز - ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆكۈز، بۇقا، سىيىر، توگرا دېگەندەك كۈچتۈگگۈر ھايۋانلارنى توتېم قىلغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بەزى تەتقىقاتلاردىن كۆرە، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەلۇم قەبىلىسى ئېيىقنىمۇ توتېم قىلغان. «باتۇر ئېلى قۇربان» ناملىق چۆچەكتە مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «بىر كۈنى بىر موماي قىزى بىلەن تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىقىپتۇ .بەختكە قارشى قىزنى بىر ئېيىق ئېلىپ قېچىپ كېتىپ ئۆزىگە خوتۇن قىلىۋاپتۇ. قىز بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، ئۇ ئېلى قۇربان ئىكەن. ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى ئادەمگە ئوخشىسىمۇ، بەدەنلىرى تۈكلۈك، ئېيىقتەك كۈچلۈك ئىكەن. ئۇ داۋاملىق ئېيىق دادىسى بىلەن تاغقا ئوۋغا چىقىدىكەن. ئۇ كېيىن ئاپىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى ۋە ئۆزىنىڭ كەچمىشىنى بىلگەندىن كېيىن، ئېيىق دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئانىسىنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل بولۇپ، يۇرتىنى رەزىللىكتىن ئامان قىپتۇ. يالماۋۇز دىۋە - پېرىلەر بىلەن ئېلىشىپ، ئۇلارنىڭ جېنىنى ئاپتۇ.» بۇ ئەپسانە شەرقىي شىمالدىكى ئېلىنچۇن قاتارلىق مىللەتلەر ۋە ياپونىيىنىڭ كۈيى ئارىلىدىكى ئاينۇلارنىڭ ئېيىق توتېمى ئەپسانىسىگە ناھايىتى ئوخشايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى تەشكىل قىلغان ھەرقايسى قەبىلىلەر ياكى شۇ قەبىلىلەرگە قاراشلىق ئۇرۇقلار ئۆزلىرىنىڭ ياشاش شارائىتىغا بېقىپ ئەتراپىدىكى، ئورمانلاردىكى، يايلاقلاردىكى ھەر

خىل ئۇچار قۇشلارنى، مەزمۇت دەرەخلەرنى، كۈچلۈك، ئۈم، چەبدەس، جەلپكار، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئۆزلىرىنىڭ نەسلى، يەنى توتېمى قىلىپ تاللىغان، ئۇلارنىڭ ناملىرىنى بولسا ئۇرۇق - قەبىلە ناملىرى قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇرۇقلىرى ھېسابلانغان ئوغۇزلارنىڭ 20 ئۇرۇقىنىڭ قوشلارنى توتېم قىلىشى ئۇلارنىڭ كەڭ كەتكەن يايلاق، ئورمانلىقلاردا ئوۋچىلىق بىلەن ياشىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرسە، بۆكۈ قەبىلىسى قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ دەل - دەرەخلەرنى توتېم قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ ئورمانلىقلاردا ھايات كەچۈرۈشكە ماسلاشقانلىقىنىڭ، ئورمان، دەل - دەرەخلەرنىڭ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. كۈچلۈك، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى توتېم قىلىشى بولسا، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق، شۇنداقلا قىسمەن دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

بۆرە ئۇيغۇرلار مىللەت بولۇپ ئۇيۇشقان دەۋرلەردە مىللەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى توتېمغا ئايلانغان. بۆرىنىڭ توتېم قىلىپ تاللىنىشى ئۇنىڭ فىزئولوگىيىلىك ۋە بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى، ئەجدادلىرىمىز ياشاپ تۇرغان جۇغراپىيىۋى مۇھىت، ئۇلارنىڭ مىللىي پسىخىكىسى، قىممەت قارىشى، ھاياتلىق ئېڭى، ئىجتىمائىي - سىياسىي ئېھتىياجى، باشلانغۇچ دىنىي چۈشەنچىسى بولغان تەڭرى دىنىنىڭ ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىشى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئەجدادلىرىمىز تارىخىدىكى توتېمىزمنىڭ مەنىسى ۋە ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىدىن شۇنداق تۆۋەندىكىدەك قاراشقا بولىدۇ:
(1ئەجدادلىرىمىز توتېم قىلغان ھايۋانات ياكى دەل - دەرەخلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى ياكى كېلىپ چىقىش مەنبەسى دەپ قارىغانىنىڭ سىرتىدا، ئۆزلىرى بىلەن ئورتاق ماھىيەتكە ئىگە ھەممەپەس قېرىنداش دەپ قارىغان. شۇڭا، ئۇرۇق، قەبىلە ۋە قوۋمنىڭ توتېملىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. لېكىن قوۋم، قەبىلە، ئۇرۇق بويىچە مۇئەييەن نەسەب ۋە توتېم دەرىجىسى شەكىللەنگەن. بىر مىللەت ياكى قوۋمدا بىر ئاساسىي توتېم بولغان، شۇنداقلا بىرقانچە قوشۇمچە توتېمنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلغان. قوشۇمچە توتېمنىڭ

كۆپ بولۇشمۇ ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەردىن تەشكىللەنگەن ـلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان. بۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي تەشكىلىي شەكلى، سىياسىي مۇددىئالىرىنىڭ توتېم ئېڭى ۋە تۇزۇمىدە ئەكس ئېتىشى ئىدى، خالاس.

(2توتېم ئوبيېكتلىرى نوقۇل ئۇرۇق ياكى قەبىلىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى پەرقلەندۈرۈشتىكى ۋاستىسى، ناملىرى، ئەجدادلىرى، بەلگىسى دەپ چۈشىنىلىشتىن ھالقىپ، توتېم بىلەن مۇئەييەن ئۇرۇق ئۆزئارا مەنىداش، نەسىلداش دەپ قارالغان. شۇڭا، توتېم ئوبيېكتى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئورتاق مىللىي پسىخىكىسى، مىللىي روھى ۋە مىللىي خاراكتېرىنىڭ تۇراقلىشىشىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن. يەنى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىممەت ۋە ئېستېتىك قاراشلىرى، مىجەزى، قىزىقىشى بويىچە ئۆز پائالىيەت دائىرىسىدىكى مەلۇم ئوبيېكتنى توتېم قىلىپ تاللىغان. نەتىجىدە ئۇلاردا تەدرىجىي ھالدا توتېم ئوبيېكتىدىن پەخىرلىنىش پسىخىكىسى شەكىللىنىپ، مەلۇم پائالىيەتلەردە تەقلىد قىلىش، دوراش ئارقىلىق توتېم ئوبيېكتلىرى ئىگە بولغان ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆز ۋۇجۇدىدا يېتىلدۈرمەكچى بولغان. سۇبيېكتنىڭ ئوبيېكتلىشىشى ۋە يەنە ئوبيېكتنىڭ قايتا سۇبيېكتلىشىشى تەرىقىسىدىكى پسىخىك روھىي ئۆتۈشۈش ئۇلارنىڭ ئۇيۇشقاق، ھوشيار، سەزگۈر، «جەڭدە ئۆلۈشنى شەرەپ، كېسەل بىلەن ئۆلۈشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ»غان باتۇر، جەڭگىۋار مىللىي روھى ۋە پسىخىكىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن.

(3توتېمىزمنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى توتېم تۇزۇمى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ئۇرۇق، قەبىلە ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى قاتارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلىي قۇرۇلما ئاساسىدا مۇئەييەن چەكلەش، يېتەكلەش خاراكتېرىنى ئالغان پەرھىزلەر، ئەخلاق تۈزۈلىرىنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىغان. ئومۇمەن، بىر ئۇرۇق ئىچىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشى، توتېم ئوبيېكتلىرىغا چېقىلىش، ھۆرمەتسىزلىك قىلىش، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش قاتتىق چەكلەنگەن. مەسىلەن، «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»تا ئوغۇز ئۇرۇقلىرىغا ئائىت يەنە مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «ۋەزىر ئەرقىل خوجا يەنە تۆۋەندىكىلەرنىمۇ ناھايىتى ئېنىق

بىكىتتى: ھېيت - بايراملاردا غىزالانغاندا ھەربىر ئۇرۇقنىڭ ئېلىشقا تېگىشلىكى، گۆشنىڭ قايسى قىسمىنى يېيىش كېرەكلىكى ھەممە ئۇلار قايسى دۆلەت ۋە رايوندا، نەدە بولسۇن، ئالدىغىنى، يەيدىغىنى، ئۈلۈشى ناھايىتى ئېنىق بولدى. ئۇنداق بولمىغاندا ئازراق ھۆزۈر - ھالاۋەتنى دەپ ئۆزئارا ئۇرۇش - تالاش ياكى كۆڭۈلسىزلىكلەر كېلىپ چىقاتتى». يەنى، بۇ ئەسەردە 24 ئۇرۇقنىڭ يېيىشكە تېگىشلىك گۆشنىڭ مالنىڭ قايسى قىسمى بولىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان. بىز بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق - توتېمزم تۈزۈمىنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرىگىچە سىڭىپ كىرگەنلىكىنى بىلىمىز.

(4توتېمزم ئۇرۇق ياكى قەبىلىنىڭ ئىچكى بىرلىكىنى كۈچەيتكەن. ئۇلار توتېم بەلگىلىرىنى خانلىقنىڭ تۇغ - ئەلەملىرىگە، ئەسكەرلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە، كەمەر توقلىرىغا كەشتىلەش، چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ توتېم ئوبيېكتلىرىغا بولغان چوقۇنۇش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. ئۇلار يەنە مۇھىم يىغىلىشلاردا توتېم بەلگىلىرىنى ھەر خىل ئۇسۇلدا ئىپادىلەش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قايسى توتېمغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. بىر قىسىم كىشىلەر نامىنى توتېم نامى بىلەن ئاتاش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، توتېمغا بولغان ھۆرمەت - ساداقىتىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، توتېم ئىگە بولغان كۈچ - قۇدرەت، جاسارەت ياكى ھەر خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئېرىشمەكچى بولغان. مەسىلەن، ئالىپ ئەر تونگا، بۆرە بەگ، ئارسلان تېگىن، بۇغراخان، شىرخان، توغرۇل بەگ دېگەندەك ئىسىملار دەل مۇشۇ خىل چۈشەنچىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

(5توتېم ناملىرى پەقەت ئۇرۇق، قەبىلە ناملىرىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، يەنە ئېپتىدائىي فامىلە ۋە نەسەبنى ئىپادىلەش رولىنىمۇ ئوينىغان. كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئۇرۇقداشلىق ۋە توتېمزم دەۋرىدە ئۇرۇق ياكى قەبىلە ئەزالىرىنىڭ يەككە ئىسمى بولماستىن، كوللېكتىپ ئىسمىلا بولغان .ئۇلارنىڭ شەخسىي ئىسىملىرى بولسا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەنە شۇ توتېم ناملىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. خۇددى ھازىرقى زامان كىشىلىرى جەمەت، نەسەبلىرىنى فامىلە )كۆپىنچە خەنزۇلار ۋە ياۋروپالىقلاردا)، لەقەملەر (كۆپىنچە

ئۇيغۇرلاردا) ئارقىلىق پەرقلەندۈرگەنگە ئوخشاش، قەدىمكىلەر ئۆز ئۇرۇقىنى، نەسەبىنى، يىلتىزلىرىنى ئەنە شۇ توتېمناملىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن مىللەتلەردە فامىلە قاتارلىق مەدەنىيەت تەركىبلىرى توتېم ناملىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. توتېم ناملىرى يەنە ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ ناملىرىنى تۇراقلاشتۇرۇش رولىنىمۇ ئۆتىگەن. مەسىلەن، يېنىسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا: «مەن يەتتە بۆرىنى ئۆلتۈردۈم... قاپلان بىلەن ئىككى ياشلىق بۇغىنى ئاتمىدىم» دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ. بۇ يەردىكى قاپلان ۋە بۇغا قىرغىزلارنىڭ توتېمى بولۇپ، «يەتتە بۆرىنى ئۆلتۈردۈم» دېگىنى - «بۆرىنى توتېم قىلغان يات قەبىلىلەرنى قىردىم» دېگىنى ئىدى؛ «قاپلان بىلەن بۇغىنى ئاتمىدىم» دېگىنى - «ئۆز ئۇرۇقتىكىلەرگە چېقىلمىدىم» دېگىنى ئىدى. يەنى، ئۇلار ئۆز قەبىلە - ئۇرۇق ناملىرىنى بىۋاستە توتېم ناملىرى بىلەن تۇراقلاشتۇرغان.

ئىزاھلار:

①سىگمۇند فرېئۇد: «توتېم ۋە پەرھىز»؛ سۇن يېپىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «غەرب دىنشۇناسلىقى مەشھۇر ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى»، خەنزۇچە، جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى نەشرى، 189 - بەت.

②ئەسلىي تاش پۈتۈك ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىن 30 چاقىرىم يىراقلىقتىكى تاش غارغا خەنزۇچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىككى خىل تىلدا يېزىلغان. بۇ ھەقتىكى باشقا ئۇچۇرلار ۋە تەتقىقاتنى تيەن ۋېيجاڭ يازغان «قوچۇ ئۇيغۇرلىرى تارىخى تېزىسلىرى» ناملىق ئەسەردىن كۆرۈڭ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 116 - بەتتىن 130 - بەتكىچە.

③جۇۋەينىي (ئىران): «تارىخى جاھانگۇشاي» ( «جاھاننى ئىستېلا قىلغۇچىلار تارىخى»)، خەنزۇچە، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى نەشرى، 62 - ، 64 - بەتلەر.

④گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپلار نەشرگە تەييارلىغان: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى داستانى ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشرى، 45 - بەت.

⑤شياۋ ۋەنيۇئەن قاتارلىقلار تۈزگەن» :جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە

تارىخى» ، خەنزۇچە ، 10 ـ بەت ، ئەنخۇي خەلق نەشرىياتى ، 1992 ـ يىلى نەشرى.

⑥تيەن ۋېيجاڭ: «قوچۇ ئۇيغۇرلىرى تارىخى تېزىسلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى، خەنزۇچە، 121 ـ بەت.

⑦غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شۈڭقار ئېتىقادچىلىقى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1994 ـ يىللىق 4 ـ سان، 115 ـ بەت.

خې شىڭلياڭ» :شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتى» ، خەنزۇچە ، سودا نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى، 209 ـ بەت.

⑨«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى.«

مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم، 151 ـ بەت.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم، 674 ـ بەت.

رەشىدىددىن فەزلۇللاھ» :جامىئۇت ـ تەۋارىخ» ، خەنزۇچە، سودا نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ جىلد، 1 ـ كىتاب، 141 ـ بەت. يۇقىرىقى ئەسەر، 142 ـ 145 ـ بەتلەر.

ئەسئەت سۇلايمان» :ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 247 ـ ، 252 ـ بەتلەر.

رەشىدىددىن فەزلۇللاھ: «جامىئۇت ـ تەۋارىخ» ، 141 ـ بەت.

ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، ـ 74 ـ 70بەتلەر.

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار تەزكىرىسى«

بۇ ئەپسانە «بۈيۈك تۈرك تارىخى» دىگەن ئەسەردە خاتىرىلەنگەن.

ئابدۇكېرىم راخمان» :يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى، 1999 ـ يىلى باسمىسى، 58 ـ بەت.

«جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى.»

«ئوغۇزنامە» ، 48 ـ ، 49 ـ بەتلەر.

«ئوغۇزنامە» ، 40 ـ 41 ـ بەتلەر.

«ئوغۇزنامە» ، 46 ـ بەت.

«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى.»
گېبك شىمىن: «قاراخانىيلار تارىخىدىن قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى «ژۇرنىلى، 1982 ـ يىللىق 1 ـ سان.
ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى«، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 64 ـ بەت.
باسكاكوف: «ئوغۇز ۋە ئوغۇزخان سۆزلىرىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا»، «مىللەتلەر تەرجىملىرى»، 1982 ـ يىللىق 1 ـسان؛ ئەسئەت سۇلايمان: «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 263 ـ بەتكە ئېلىنغان نەقىل.
خاملتون (فرانسىيە): «بەش دەۋر ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى»، 5 ـ بەت؛ ئەسئەت سۇلايمان: «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 141 ـ بەتكە ئېلىنغان نەقىل.
ئەسئەت سۇلايمان: «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، ـ 141بەت.
ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى، 297 ـ بەت.
رەيھان: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيىق توتېمى ئېتىقادى ئۇستىدە ئىزدىنىش»، «ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ بايانىي ئەدەبىياتى ۋە شامان مەدەنىيىتى»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. 990 ـ جىلد، تۈركلەر، تېلىلار تەزكىرىسى.«
رەشىدىددىن فەزلۇللاھ: «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»، سودا نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ جىلد، 1 ـ كىتاب، 141 ـ، 142 ـ بەتلەر.

(ئاپتور شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدا، دوتسېنت)

# ئۇيغۇرلاردىكى خاسىيەتلىك سان

# «يەتتە»

ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

سان ئىنسان تەپەككۇرى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن بەلگىلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ماتىماتىكىلىق ھېسابلاش كاتېگورىيىسىگە تەئەللۇق بولغان بەزى سانلارنىڭ مەنىۋىي تۈس ئېلىشى بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋىي مىللىي مەدەنىيەت ھادىسى ھېسابلىنىدۇ.بۇ سانلارنىڭ «خاسىيەتلىك سان» غا ئايلىنىپ قېلىنىشىنىڭ كونكرېت سەۋەبلىرى بار.ئەينى ۋاقىتتا بۇ سانلار ئىنسان تەپەككۇرىدىكى مەۋھۇم ھادىسىلىرىنىڭ كونكرېت بەلگىسى بولۇش رولىنى ئوينىغان. شۇ ئاساستا بۇنداق سانلار بارغانسىرى قېلىپلىشىپ ، ئەقىدە ۋە ئېتىقادقا ، تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزدە ، ئېغىز ئەدەبىياتى ئىجادىيەتلىرىمىزدە ئۆز ئەكسىنى تاپقان . ئۇيغۇرلار - شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە ، تارىخى ئۇزۇن مىللەتلەرنىڭ بىرى .«ئۈچ»«توققۇز» غا ئوخشاشلا «يەتتە» مۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ، ئىجتىمائىي ، ئېتنىك كېلىپ چىقىشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان خاسىيەتلىك سان . تۇرلۇك - تۈمەن ھادىسىلەر ، ۋەقەلەر،ۋە سەۋەب - ئامىللار شۇنى تەكرار ئىسپاتلىدىكى ، «يەتتە» ساننى ئۇلۇغلاش ئۇزاق تارىخى جەريانلاردىن بېرى شەكىللىنىپ داۋاملىشىپ كەلگەن . ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن ۋە سىستېمىلاشقان . ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردە شامان دىنى ، زەردۇشت (ئوتپەرەسلىك) ،بۇددا دىنى ، مانى دىنى قاتارلىق كۆپ خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان . مىلادى 8 - ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى غەربىي ئاسىيادىن شەرققە يۈزلەنگەن ، كېيىن شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيا

زېمىنىگە ، جۇملىدىن قەشقەر ، يەركەن ، خوتەنلەرگىچە تارقالغان . بۇددا دىنى ئاخىرى ئىسلام دىنى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى . گۈزەل بوستانلىقنى ماكان تۇتۇپ ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئوت - چۆپ قوغلىشىپ يۈرۈيدىغان كۆچمەن ھالەتتىن ، مىلادى 840 - يىلىدىن كېيىن ، شەھەر ، يېزىلاردا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ھاياتلىققا كۆچتى . ئىقتىساد روناق تېپىپ ، كىيىم - كېچەك ، يېمەك - ئىچمەك كۆپىيىپ ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆسكەن . ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى مانا مۇشۇنداق مۇھىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىپ ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا بارغانسېرى چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپ ، يېڭى - يېڭى ئۆرۈپ - ئادەت ، كۆز قاراشلېرىنى مەيدانغا كەلتۈردى .بۇ خىل ئۆزگىرىش ئۇيغۇرلارنىڭ غايىۋى تەلپى ، مەنىۋي ھاۋالىسى ، تۇرمۇش ئۇسۇلى ، پىسخىك ھالىتى ، ھەرىكەت نورمىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە گەۋدىلەندى . ئىسلام مەدەنىيەت ئەينى دەۋرىدە شۇنداق تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلانغانكى ، تىلشۇناسلىق ، ئەدەبىيات ، تىبابەتچىلىك ، باغۋەنچىلىك ، ھۈنەر - كەسىپ ، قىسقىسى ، ئىلىم - مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىش ھەرقانداق ئۇقۇمۇشلۇق ئۇيغۇر تەبىقىسىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلدى . ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، مائارىپ ، ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئاساسەن ئەرەب - پارىس تىللىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقى ، ئەرەب - پارىس تىلىدا ئوقۇغان ۋە بۇ تىلنى ئىگەللىگەن زىيالىيلارنىڭ كۆڭدىن كۆڭگە ، يىلدىن - يىلغا كۆپىيىشكە باشلىشى ، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ، سان - سىفىرلارنى تولاراق ئەرەب ياكى پارىس تىلىدا ئېيتىشى ، يېزىشىنىڭ بىر خىل مۇددىئاغا ئايلىنىشتىكى سەۋەبلەرمۇ ئەنە شۇ مەدەنىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك .
خاسىيەتلىك سان «يەتتە» پەقەت ئىسلام دىنى ئادەتلىرىنىڭ تەسىرىدىن قېلىپ قالغان دېيىشكە بولمايدۇ .

خاسىيەتلىك سان «يەتتە» چۈشەنچىسى «توققۇز» ساننىڭ سىرلىق خارەكتىرىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، «يەتتە» بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئادەتلەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان ، بىر قىسىم ماتېرىياللاردا «ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنقى خاتىرىلەردە<يەتتە> نىڭ سىرلىق خارەكتىرىگە ئىگە بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار ئۇچرىمايدۇ» دەپ يېزىلغان .ئەمما مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدىكى «يەتتە» بىلەن

مۇناسىۋەتلىك سۆز ـ جۈملىلەر ، يۇقارقى قاراشنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ .

تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ، ئىسلام دىنى مىلادى 610 ـ يىلى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كېلىشكە باشلىغان ، مىلادى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە ، قاراخانىيلارنىڭ خانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى بىلەن ، بۇ دىن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان .

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ، مەڭگۈ تاشلار 8ـ ئەسىرلەردە ئورنىتىلغان . ئاشۇ مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ سان مۇقەددەسلىك ئېڭىدىكى «يەتتە» گە دائىر كۆپلىگەن بايانلار ئۇچرايدۇ . شۇ نۇقتىدىن چۈشۈنۈشكە بولىدۇكى «يەتتە» ئۇلۇغلۇقى ھەرگىزمۇ ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس ، بەلكى ئىسلام دىنى تەسىرىدە تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن . خاسىيەتلىك سان «يەتتە» توغرىسىدا بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىغا ئائىت قەدىمىي كىلاسسىك ئەسەرلەردىن نۇرغۇن بايانلار بار .!

تۆۋەندە بىز مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدە خاتىرىلەنگەن خاسىيەتلىك سان «يەتتە» گە دائىر بايانلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز :

«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دىكى بايانلار :ئورمانلىق ۋە تاغ ـ داللاردا قالغانلىرى يىغىلىپ يەتتە يۈز بولدى . ئۇ يەتتە يۈز كىشىنى باشلاپ يۈرگۈچى قوشۇن ئۇلۇغ شاھ ئىدى .

ئىلتەرىش خاقان دانا ، باتۇر بولغانلىقى ئۈچۈن تابغاچ بىلەن ئون يەتتە قېتىم ئۇرۇش قىلدى . قىتانلار بىلەن يەتتە قېتىم سوقۇشتى ؛ قاپاغان خاقان يىگىرمە يەتتە ياش ۋاقتىدا ، مەن قاپاغان خاقانغا ياردەملىشىپ ئۇنى تەختتە ئولتۇرغۇزدۇم .

«كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دىكى بايانلار : شەرىقتىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ توپلىغان كىشى يەتتە يۈز بوپتۇ . يەتتە يۈز كىشى بولغاندىن كېيىن ......... ؛ ئۇ قىرىق يەتتە قېتىم ئەسكەر چىقىرىپتۇ ؛ئىنىم كۆلتېكىن يەتتە ياشتا ئىدى ؛ كۆلتېكىن يىگىرمە يەتتە يېشىدا ، قارلۇقلار ئۆزگە ئۆزى خوجا بولدى ۋە بىز بىلەن دۈشمەنلەشتى ؛ قوشۇن ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا ، يەتتىنچى ئەرنى قىلىچلىدى ؛ كۆلتېكىن قوي يىلىنىڭ ئون يەتتىنچىكى كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى ، توققۇزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى ئۆلۈم رەسمىيىتى ئۆتكۈزدۇق . قەبرىسىنى ، نەقىشىنى ، تاش پۈتۈكىنى (تاش مۇنار)

مايمۇن يىلى يەتتىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى پۈتۈنلەي ياسىلىپ بولدى . كۆلتېكىن قىرىق يەتتە يىل ئۆمۈر كۆردى .

«بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دىكى بايانلار : شەرقتىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ توپلىغان كىشى يەتتە يۈز بوپتۇ ، ئۇ يەتتە يۈز كىشى بولغاندىن كېيىن ..... ؛ ئۇ قىرىق يەتتە قېتىم ئەسكەر چىقىرىپتۇ ؛ ئون يەتتە يېشىمدا تاڭغۇتقا قوشۇن ئەۋەتتىم ؛ يىگىرمە يەتتە يېشىمدا قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلدىم ؛ بىرىنچى يىلى تايغاچنىڭ ئون يەتتە مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى يوقاتتىم ؛ چوشقا يىلى بەشىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدۇق ؛ يەتتە كېچە - كۈندۈزلەپ مەن سۇسىز چۆللەرنى كېسىپ ئۆتۈپ چوراقتا يېتىپ باردىم .

يۇقۇرلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئۇيغۇرلارنىڭ سان چۈشەنچىسىدىكى «يەتتە» ھەرگىزمۇ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن شەكىللەنگەن بولماستىن ، بەلكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى دەۋرلەردىمۇ بارلىققا كەلگەن .

ئۇيغۇر خەلق ئارىسىدىكى «يەتتە» رەقىمى ئىلاھقا ۋە كۆككە چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان .

ئۇيغۇر خەلق ئارىسىدىكى «يەتتە» رەقىمى ئىلاھلاشتۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇ دەسلەپتە ئىلاھىي سان بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمىي ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ ئاسمان ئىلاھىي سان بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمىي ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ ئاسمان ئىلاھىغا چوقۇنۇش ئىدىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . ئۇنى تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئىدىيىسىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ . ئالتاي رىۋايەتلىرىدە ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ ئۇلۇغ تەڭرى «كۆن» دەپ كۆرسىتىلگەن ، ئۇ ئالتاي تىلىدا «ئۈلكىن تەڭرى» دەپ ئاتالغان . خاتىرىلەرگە قارىغاندا ، «ئۈلكىن» تۈرك تىلىدا «ئۇلۇغ ، زور» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ ، قۇياش تەڭرى بىلەن ئاي تەڭرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇدىكەن ، ئېيتىلىشىچە ، «ئۈلكىن تەڭرى» نىڭ قەسرىگە كىرىدىغان يولدا يەتتە توساق بار ئىكەن «يەتتە قات ئاسمان» ، بۇ توساقلار «ئەر شامان» كەلگەندە يېشىلىدىكەن . يەتتىنچى توساق «تۆمۈر قوزۇق (شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى)» بىلەن تۇتاش ئىكەن . «ئۈلكىن تەڭرى» نىڭ يەتتە ئوغلى

، توققۇز قىزى بولۇپ ،ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «قارشىت» ، «بۇغراخان» ، «يېشىلغان» ، «بوچاخان» ،«قارا كۆش» ، «بەختىخان» ، «ئەكانىم» ئىكەن . بۇ رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان يەتتە ئىسىم ئېھتىمال يەتتە يۇلتۇزنىڭ ئىسمى بولۇشى مۇمكىن . ئىلاھىي رەقەم «يەتتە» نىڭ شەكىللىنىشى چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە ، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى پارىسلارنىڭ زارۇ ئاستىر دىنى مەدەنىيىتىنىڭ ،ھىندى ـ ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن باغلىنىشى بار دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ . لېكىن قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بۇخاسىيەتلىك سان ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزلىكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شەكىل ۋە ماھىيەت جەھەتتىن نوقۇل سان ئۇقۇمىدىن ھالقىپ ، ئۇزلۇكسىز مۇككەممەللىشىپ ، ئەڭ ئاخىرى كۈچلۈك مىللىي ، دىنىي ، ئىجتىمائىي ۋە ئېتنىك ئۇقۇمغا ئايلاندى . ئۇ ،ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئەقىدىلىرى بىلەن مەھكۇم يۇغۇرۇلۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتتى ، ئۇنى كۈندىلىك ھاياتتا ، تىل ۋە يېزىقتا ناھايىتى كۆپ ئۇچرىتىش مۇمكىن . مەيلى سىياسى ،ئىقتىسادى ،تارىخى ، جۇغراپىيۋى ، دىنىي ، ئاسترونومىيىلىك ، تىببىي ، كالىندارچىلىق ، ئۆرۈپ ـ ئادەت ، يەر ـ جاي تەزكىرچىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە بولسۇن ياكى يازما ئەدەبىيات ، خەلق ئېغىز ئەدەبىيات جۇملىدىن ئەپسانە ، رىۋايەت ،داستان ، چۆچەك ، ماقال ـ تەمسىللەردە بولسۇن ، خاسىيەتلىك «يەتتە»سانى ھامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن ئايرىلالمايدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدىكى «يەتتە» رەقىمى ئاساسىي جەھەتتىن «كۆپ ، ئەڭ كۆپ ، ھەممىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن ، ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى «تۆگە ئۇسۇلغا چۈشسە ، يەتتە تاختا زەدەكنى بۇزار» ، «ياخشى گەپ بوسۇغىدىن چىققۇچە ، يامان گەپ يەتتە تاغدىن ھالقىپتۇ» قاتارلىق ۋە «يەتتە قەۋەت ئاسمان» ، «يەتتە ئىقلىم» ، «يەتتە كۈنلۈك ئالەم» ، «يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە» قاتارلىق سۆزلەر ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا دائىم ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە «پۈتكۈل دۇنيا» ، «پۈتكۈل كائىنات» ، «بۇ دۇنيا» ، «بارلىق كىشىلەر قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ» .

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپلىگەن ئۆرپ ـ ئادەتلىرى «يەتتە» بىلەن مۇناسىۋەتلىك . ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا ئۆزگىچە خاس نۇرغۇن ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن . بۇلارنىڭ بىر مۇنچىلىرى خاسىيەتلىك

«يەتتە» سانى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ ، رېئال تۇرمۇشتا داۋاملىق ئۇچرايدۇ . مەسىلەن ، ئۇيغۇر ئاياللىرى تۇغقان تۇنجى كۈنى ، تۇغۇت ئانىسىدىن باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ تۇغۇتلۇق ئايالغا يېقىنلىشىغا ياكى تۇغۇتلۇق ئايال ياتقان ئۆيگە كىرىشىگە روخسەت قىلىنمايدۇ .بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئىسىم قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزىلىدۇ ؛ ئوغۇل يەتتە ياشقا كىرگەندە سۈننەت توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىلىدۇ . قىز بولسا قۇلىقىنى تېشىش قاتارلىق مۇراسىم ۋە بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتە ھەپتىدىن كېيىن بۆشۈك قىلىدۇ . ئۇيغۇر كىشىلىرى قازا قىلسا ئۆي ئىچىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ ھازا ئېچىش ، يەرلىكىنى قويغاندا گۆر ئاغزىغا يەتتە كەتمەن توپا تاشلاش ، قازا تاپقان كىشىنىڭ روھىنىڭ ئۆيدە قونۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ، ئۈچۈنچى كۈنىدىن باشلاپ ياغ پۇرۇتۇپ ، «ئۈچ » «يەتتە» نەزىرىنى ئۆتكۈزۈش ، 40 كۈنگىچە ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم «ئازنا ئاخشىمى» ئۆتكۈزۈش ، سەپەرگە چىقىش ، ئۆي كۆچۈشتىن يەتتە كۈن بۇرۇن ياغ پۇرۇتۇپ نەزىر بېرىش قاتارلىق ئادەتلەر بۇ پىكرنى تېخىمۇ تولۇق ئىسپاتلايدۇ . ھازىرغىچە كىشىلەر ئارىسىدا يەنە «يەتتە دوملىغان سۈنى ئىچىش ھالال» دەيدىغان قاراشلارمۇ بار .)
ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمىدا تەييارلىنىدىغان نورۇز ئېشى «شەمسىيە يىلى» سۆزىدىكى «ش» ھەرپىدىن باشلانغان يەتتە خىل يېمەكلىك . يەنە «شىرنە» ، «شاراب» ، سۈتتىن ياسالغان «شىرىن» ، «شكەر» ، «شەربەت» ، «شام» ، «شانە» ۋە «شەمسىيە يىلى» سۆزىدىكى «س» ھەرپىدىن باشلانغان يەتتە خىل ئۆسۈملۈك ، «سەۋزە» ، «سامساق» . «سىركە» ، «ساپالغا» ، «سىيادان» ، «سىنجىد» قاتارلىقلار ۋە بۇغداي ، قوناق ، ئارپا ، كۆك ماش ، گۈرۈچ ، ئۇششاق گۈرۈچ ، ئاق يېسۇۋلەك ، پۇرچاق قارتارلىق يەتتە خىل دانلىق يېمەكلىكلەر تەييارلىنىدۇ ؛ ھەج پائالىيىتىدە ئالدى بىلەن كەبىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىدۇ . ساپا مەرۋا تېغى ئارىلىقىدا يەتتە قېتىم يۈگرەيدۇ ....
ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا «يەتتە» نى ئۇچراتقىلى بولىدۇ . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈرلۈك ژانىر شەكىللىرىدىمۇ «يەتتە» سانى ھەممىشە خاسىيەتلىك سان سۈپىتىدە ئۇچراپ تۇرىدۇ . مەسىلەن :
1)ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ .
بارمايمەن دېگەن تۆگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ

يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس ..
70 تىن قورقما ، يەتتىدىن قورق .
تۆگە ئۇسسۇلغا چۈشسە ، يەتتە تاختا زەدەكنى بۇزار .
يېرىدىن ئايرىلغان يەتتە يىل يىغلار ، ئېلىدىن ئايرىلغان ئۆلگىچە (يىغلار) .
تۆت كەپتەرگە يەتتە كۆۋرۈك ، يازدا ياتقان قىشتا رۇۋۇك .
تاغ يەتتە بالادىن يىراق .
ياخشى گەپ بوسۇغىدىن چىققۇچە ، يامان گەپ يەتتە تاغدىن ھالقىپتۇ .
يەتتە ياشتا ئاشىق بولدۇم .
يەتتە ياشتىن ، يەتمىش ياشقىچە.
2) ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا
ئەجەبمۇ يارىشىپتۇ،
ئەتلەس كۆينەك ئۇچاڭغا.
كۈندە يەتتە كېلىمەن ،
قەلەندەردەك كوچاڭغا .
بۈگۈن ئايغا ئون دەيدۇ،
ساناپ باقسام ئون يەتتە.
بىزنىڭ يارنى چوڭ دەيدۇ،
سىكىلەكلىرى كالتە.
بۈگۈن ئايغا ئون يەتتە ،
مەن ئۆزەم خىجالەتتە.
مەندىن باشقا يار تۇتساڭ ،
سورىقىم قىيامەتتە .

3)ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە : «شاھزادە قورسىقى ئاچسا شاپتۇل بىلەن نەشپۈتنى يەپ ، ئۇيقۇسى كەلسە، ئاسماننى يېپىنچا ، يەرنى سېلىنچا قىلىپ يېتىپ ـ قوپۇپ يولنى داۋام قىلدۇرۇپتۇ . شۇنداق قىلىپ يەتتە كېچە ـ كۈندۈز چۆل ـ باياۋان ئىچىدە تىنەپ يۈرۈپ ، ئاخىرى بىر چوڭ تاغقا ئۇلىشىپتۇ» .(«ياغاچ ئات» ،
«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 1 ـ قىسىم 17 ـ بەت .)
«يىگىت ئىككى بىسلىق قىلىچنى توغرا تۇتقان پېتى ئەجدىرھانىڭ ئاغزىدىن

كىرىپ ، قۇيرۇقىدىن چىقىپتۇ ، ئەجدىرھا ئۆلۈپتۇ . بۇنى كۆرگەن قىز ناھايىتى خوشال بولۇپ ، يىگىتنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ ... شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ يەتتە كېچە - كۈندۈز چوڭ توي - مەرىكە قىلىپ ، قىزنى يىگىتكە نىكاھ قىلدۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە يىگىتنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىپتۇ» («تەدبىرلىك پادىشاھ» ، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 1 - قىسىم 82 - بەت)

«بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم بوپتىكەن ، ئۇنىڭ باللىرى ئۆلۈپ زادىلا توختىماپتۇ . قىلمىغان ئىشى قالماپتۇ . شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ يەتتىنچى ئوغلى تۇرۇپ قاپتۇ . ئۇنىڭ ئىسمىنى تۇردى قارى قويۇپتۇ »

4) ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى :

«دانىيات ۋاقتىنى غەنىمەت بىلىپ لەيلى قىر ئاتلىق تۇلپارنى مىنىپ يولغا چىقىپتۇ . بۇ تۇلپار بىر كۈندە بىر ئايلىق يولنى بېسىپتۇ . ئۇنىڭ بەدىنى ئاجايىپ كېلىشكەن چوقۇر ئىكەن . ئۇنىڭ قەددى دېۋىنىڭ سۈرىتىگە ، سىرتى مالائىكىنىڭ كۆرۈنىشىگە ئوخشايدىكەن ، ياىلى بويىنىنى يېيىپ يەرگە چۈشكەن ، تۇۋۇقى يەلەكنى كۆزلىگەن شۇنداق بىر ئات ئىكەنكى ، دانىيات شۇ ئات بىلەن يەتتە كۈندە ئۆزىنى ئەھمەدخاننىڭ شەھىرىدە كۆرۈپتۇ» («گۆر ئوغلى» داستانى «مىراس»ژۇرنىلى 1983 - يىلى 1 - سان 22 - بەت) .

«شۇنىڭدىن كېيىن موماي يەتتە باشلىق يالماۋۇز سۈرىتىدە ئۆيگە بېرىپ ، مەختۇمسۇلانىڭ چېچىدىن لىمغا ئېسىپ قويۇپ قىنىنى شوراپتۇ . ئاكىسى چىن تۆمۈر باتۇر ئۇۋدىن قايتىپ كېلىپ ، سىڭلىسىنى كۆرۈش بىلەن ھەيران قاپتۇ . كۆڭلىگە گۇمان تولۇپتۇ : <ھەي سىڭلىم ، يەتتە كۈننىڭ ئىچىدە شۇنچە ئورۇقلاپ سارغىيىپ ، ھالىڭدىن كېتىپسەن ، نىمە بولدۇڭ ؟ كىم ساڭا ئازار بەردى؟> دەپ سوراپتۇ» («چىن تۆمۈر باتۇر» ، «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» 1 - كىتاب 153 - بەت)

«قەمەر شاھقا قايتىدىن جان كىردى . يەنە 99 كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن پايانسىز دەشتىكە يەتتى . قۇملۇق ئىچىدە يەتتە كېچە - كۈندىن يول يۈرگەندىن كېيىن ، تەشنالىقتىن يىقىلدى» («قەمەر شاھ ۋە شەمسى جانان» ، «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» 1 - كىتاب 153 - بەت) «يەتتە» نىڭ ئاسترونومىيە جەھەتتىكى ئىپادىلىرى

خاسىيەتلىك سان «يەتتە» دىنىي ، تارىخىي ، رىۋايەت ، داستان ، چۆچەك ، ماقال تەمسىللەردىلا بولماستىن بەلكى ئاسترونومىيە ۋە كالېندارچىلىقتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ . ھەممىمىزگە مەلۇم ، پولشا ئاسترونومىيە ئالىمى كوپېرنىك 15 ـ ئەسىردە قۇياش مەركەز تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن بۇرۇن ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت «يەر مەركەز» تەلىماتىغا ئىشىنەتتى . «يەر مەركەز تەلىماتى» ئىنسانىيەت ئارىسىدا 1500 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ ، بىردەك ، «يەرشارى تۇرغۇن ھالەتتە بولغان بولىدۇ ، قۇياش ، ئاي ، مارس ، يۇپىتېر ، مېركۇرىي ، ۋېنېرا ... قاتارلىق يۇلتۇزلار يەرنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدۇ » دەپ قارىلاتتى . بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزمۇ يىراق قەدىمىي زامانلاردىن باشلاپ ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق ھالدا تەبىئەتنىڭ سىرىنى بىلىشتەك ئىستىكىنى ئاسمان جىسىملىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىگە تەدبىقلاپ كەلگەن . ئۇلار كۈن بىلەن تۈننىڭ ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ ، كۈن ، ئاي ۋە پەسىللەرنىڭ دەۋرىي ھالدا ئالمىشىپ ، ئايلىنىپ تۇرۇش سەۋەبلىرىنى يۇقۇرقىدەك ئاسمان جىسىملىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە باغلاپ چۈشەنگەن . ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇلارنىڭ كائىناتتا بولغان تەسىرى ... قاتارلىقلارنى ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە تەكرار كۆزىتىپ ، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ يىللىق ھەرىكەت دەۋرىنى مەلۇم ئېنىقلىق بىلەن ھېسابلاپ چىققان . شۇنىڭ بىلەن ئەڭ دەسلەپكى «يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى» پەيدا بولغان (يۇلتۇز كالېندارى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) . كېيىنچە بۇ كالېندارلار تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ ھېسابلىنىپ ، شۇ ئاساستا «قەمەرىيە كالېندارى» ۋە «چۆچەكلىك كالېندار» كېلىپ چىققان . ئەجدادلىرىمىز يۇلتۇز كالېندارىنى يارىتىش جەريانىدا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ئاساسىي پىلانېتلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپتىدائىي ھالدا بىلىپ يەتكەن . ئۇلارنىڭ تەرتىپى مۇنداق ( ئەجدادلىرىمىزنىڭ رەتكە تىزىش تەرتىپى مۇنداق):

سەكەنتىر (زۇھەل ، ساتۇرۇن 土星) ئوڭاي (مۇشتەرى ، يوپىتېر 木星)

كۇرۇۋ (مېرىخ ، مارس 火星)

يەشىق (شەمس، قۇياش 太阳)

سەۋت (زۆھرە ، چولپان ، ۋېنېرا 金星)

سۇنبۇل (ئارزۇ ، مېركورىي ، ئاتارۇت 水星)

يالچىق (قەمەر ، ئاي 月亮) ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى سىڭىپ

كىرگەندىن كېيىن ، بۇ ئىلىم يۇزەكىلىكتىن چوڭقۇرلۇققا ، شەكىلدىن ماھىيەتكە ، تۆۋەنلىكتىن يۇكسەكلىككە قاراپ تېخىمۇ تېز راۋاجلىنىشقا باشلىدى . ھېچقانداق ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش ئەسۋابلىرى ۋە تېخنىكىۋىي قورالار بولمىغان ئەنە شۇ زامانلاردا ئۇيغۇرلار پۈتكۈل يەرشارى بىلەن بولغان ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى توغرا ھەل قىلىپ ، ئوخشاش بولمىغان ئاسمان جىسىملىرىغا چوڭقۇر ئەقىدە باغلاپ ئۇلارغا چوقۇندى . ئۇلار : ئاسمان ، كۈن ، ئاي ، يۇلتۇز ، بۇلۇت ، قار ـ يامغۇر ، چاقماقتىن ئىبارەت يەتتە قىسىم ئىدى . ئۇلار ئەنە شۇ «يەتتە» ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ يوروقلۇقىنى مۇقەددەس بىلىش ، ئاسمان جىسىملىرىنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭدىن نىجادلىق ـ مەدەت تىلەش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ كەلدى . كۈن ، ئاي كۆيگەندە ياكى تۇتۇلغاندا ، يەر تەۋرىگەندە «دۇنيانىڭ گۇناھى كۆپىيىپ كەتتى» دەپ قاراپ ، ئۇنىڭغا ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىمدىن 40 كۈنگىچە دۇئا ـ تەكبىر قىلىش ، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈش ، كۈندۈزى كۈنگە ، كېچىسى ئايغا قاراپ تۇرۇپ ، چوك ـ كىچىك تەرەت قىلماسلىق ، بىتەرەت كۈنگە قارىماسلىق ، يامغۇر ، قار ياغمىغاندا (قاتتىق قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەندە) ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىمدىن 40 كۈنگىچە دۇئا ـ تىلەپ قىلىش قاتارلىق بىر مۇنچە ئۆرۈپ ئادەتلەر تۇرمۇشتا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ، بۈگۈنگىچە ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلدى . ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار مارس يۇلتۇز تۇركۈمىگە يىتكەن (يەتتە ئىكەن) دەپ نام بېرىپ ، ئۇ كۆرۈنگەندە «بالايى ـ ئاپەت ياغىدۇ» دەپ قاراپ كەلدى . ئۇلۇغ ئالىم ، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ بىرمۇنچە جايلىرىدا «يەتتە» ھەققىدە ئاسترونومىيىلىك مىساللار ئېلىنغان . ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسترونومىيىلىك قاراشلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ۋە ئىجادىي بېيىتىپ كامالەتكە يەتكۈزدى . ئۇجاھانغا مەشھۇر ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ «يەتتە يۇلتۇز ۋە 12 بۇرجەك بايانى» (67 ـ بەت) دا شېئىرىي تىل بىلەن «يەتتە» نى ئوبرازلىق قىلىپ مۇنداق ئەكس ئەتتۈرگەنىدى  بۇلاردىن ئەڭ ئۈستىن سەكەنتىر تۇرۇر

ئىككى يىل سەككىز ئاي بۇر بۇرجدا قالۇر.

ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئوڭاي،

قالۇر بىر بۇرجدا ئۇ دەل ئون ئىككى ئاي .

133 ئۈچۈنچى كۈرۈددۈر غەزەپتە يۈرۈر .
قايان بارسا بارلىق ياشارغان قۇرۇر.
134 تۆتىنچى قۇياشتۇر ، يورۇتار جاھان ،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى ھامان .
135 بەشىنچى سەۋتتۇر ، سۆيۈملۈك ئۆزى ،
ئۇباقسا كۆرەرسەن خوشاللىق يۈزى .
136 ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئارزۇ كېلەر ،
ئۈكىمگە يوقۇشسا تىلەكلەر كېلەر.
137 بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق تۇرار
قۇياشقا ئۇدۇل كەلسە تولۇن بولار.

ئالىم يۇقىرىدىكى مىسرالاردا «يەتتە» پىلانىتنىڭ نامى ۋە ھەر بىرىنىڭ خاسىيىتىنى ئاسترونومىيىلىك ئىلىم ئاساسىدا تەرىپلەنگەن .

خاسىيەتلىك سان «يەتتە» پەقەت ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بولماستىن بەلكى بۇ رەقەم مەدەنىيىتى ۋە رەقەمگە مۇناسىۋەتلىك ئۆرۈپ ـ ئادەت دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەت ، مىللەتلەر ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان .

ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ياخشى كۆرۈپ ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن ۋە ياكى يامان كۆرىدىغان سانلار بولىدۇ . بۇ سانلار شۇ مىللەرنىڭ ئالاھىدە مەدەنىيەت ۋە ئۆرۈپ ـ ئادىتىنى ئەكىس ئەتتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھالىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ . ھەر قايسى دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ رەقەم مەدەنىيىتى ۋە رەقەمگە مۇناسىۋەتلىك ئۆرۈپ ـ ئادەتلىرى ئۆزگىچە بىلەن پەرقلىنىدۇ . تۆۋەندە روس مىللىتىنىڭ «يەتتە» رەقىمگە بولغان قارىشىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي .

«يەتتە» رەقىمى روس خەلقى قەلبىدە ئالاھىدە ئوبراز ۋە مەزمۇنغا ئىگە . بۇنداق بولۇشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي بولماستىن ، خىرىستىئان دىنىدا «مۇقەددەس رەقەم» دەپ قارىلىپ ، «مۇكەممەل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . خىرىستىئان دىنىدا جەننەت يەتتە قەۋەتكە بۆلۈنگەنمىش ، خۇدا ئالەمنى ئالتە كۈندە يارىتىپ يەتتىنچى كۈنى دەم ئالغانمىش ، ئەيسا كىرىستتا يەتتە ئېغىز سۆز قىلغانمىش ، يەنە يەتتە خىل گۈزەل ئەخلاق ۋە يەتتە خىل ئېغىر گۇناھ دېگەنگە ئوخشاش خاتىرىلەر ئىنتايىن كۆپ ئىكەن . شۇڭا ، روس خەلقى «يەتتە» رەقىمىنى «كارامەت رەقەم» دەپ تەرىپلىشىدۇ . روسلار دائىم

«يەتتە» رەقىمنى «بەخت ۋە ئامەت ئېلىپ كېلىدىغان سان» دەپ قارايدۇ . روسلاردىن باشقا ھىندىستان مەدەنىيىتىدە «يەتتە» خېلى بۇرۇنلا ئىلاھىي سانلار كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن . ھىندىستان مەدەنىيىتىدىكى بۇ قاراش بەلكىم مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 ـ ، 2 ـ ئەسىرلەردىكى ئالتاي تېغى ، تەڭرى تېغى ئەتراپىدا بارلىققا كەلگەن يەتتە يۇلتۇز ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن .

روسلاردىكى «يەتتە» رەقىمگە بولغان كۆز قارىشى ئاساسىي جەھەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ «يەتتە» رەقىمگە بولغان كۆز قارىشى ئوخشاپ كېتىدۇ . روسلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوخشاشلا «يەتتە» رەقىمنى ياخشى كۆرىدۇ . خىرىستىئان دىنى تەسىرىدە روسلار ئاسماننى يەتتە قەۋەتكە ئايرىيدۇ . ئۇيغۇرلار بولسا ئىسلام دىنىنىڭ تۈپەيلىدىن ، شۇنداقلا ئەنئەنىۋىي «يەتتە قەۋەت ئاسمان» قارىشىغا ئاساسەن «ئۆلگۈچىنىڭ روھى يەتتە قەۋەت ئاسمانغا چىقىدۇ» دەپ قارايدۇ . روس تىلىدىكى «يەتتە» رەقىمى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى «يەتتە» رەقىمى قوشۇلغان تۇراقلىق سۆزلەر ، ماقال ـ تەمسىللەر ، سۆز بىرىكمىلىرى بىر قەدەر كۆپ (بۇنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ يۈرمەيمەن) ، ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلىدا «يەتتە» رەقىمگە مۇناسىۋەتلىك ئۆرۈپ ـ ئادەتلەر بىر قەدەر مول . ئۇيغۇرلاردا «يەتتە» سانى نېمە ئۈچۈن شۇ قەدەر خاسىيەتلىك سان ھېسابلىنىدۇ

ھەرقانداق مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى شۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئىگىسى بولغان خەلقنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى كوللېكتىپ ئېڭىدىن ئىبارەت ئىچكى ئامىل ۋە ئۇنىڭغا تەسىر قىلغان بەزى تاشقى ئامىلدىن مۇستەسنا ئەمەس . ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن ، شانلىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە مىللەتلەرنىڭ بىرى . ئۇلار 12 مۇقامنى گەۋدە قىلغان شېئىرىيەت بوغۇم ـ رىتىم چۈشەنچىسىگە ، گۈزەل ـ سەت ، چىرايلىق ـ خۇنۇك ، كېلىشكەن ـ يارامسىنى پەرقلەندۈرىدىغان شەكىل چۈشەنچىسىگە ، ياخشى ـ يامان ، پاك ـ ناپاكنى پەرقلەندۈرىدىغان ماھىيەت چۈشەنچىسىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى كۆڭلىگە سان توختىتالمايدىغان ، تەكرار ساناقلار ئارقىلىق ئەقىل يەكۈنلەيدىغان مۇئەييەن سان چۈشەنچىسىگمۇ ئىگە . شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانلىق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدىن تارتىپ ،

تۇرمۇشتىكى ئۆرۈپ - ئادەت ، دىنىي پائالىيەتلىرىگىچە ھەممىنى بىر نەچچە خاسىيەتلىك سانغا بولۇپمۇ «يەتتە» گە باغلىغان. دېمەك ، خاسىيەتلىك سان «يەتتە» قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇرىدىكى مەۋھۇم ھادىسىلەرنىڭ سىمۋوللى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن ۋە ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان شەكىللىنىپ داۋاملاشقان ھادىسە .

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، ئۇيغۇرلاردىكى خاسىيەتلىك سان «يەتتە» ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇ ئۇزاق قەدىمكى دەۋرىدىكى دۇنيا قارىشى ۋە چۈشەنچىلىرىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە بىزگە يېتىپ كەلگەن . شۇڭا بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ خاسىيەتلىك سان «يەتتە» گە ئوخشاش مىليون - مىليون جەۋھەرلىرىمىزنى قېزىپ ، ئەسىر - ئەسىرلەردىن بۇيان ساقلاپ ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قولىغا ساق - سالامەت ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ، بىز ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بۇ دۇردانىلىرىدىن ئېسىللىرىنى تاللاپ ، ئۇنى يېڭى دەۋر ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز ۋە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇشىمىز ئۈچۈن تىرىشىمىز لازىم .'

پايدىلانغان ماتېرىياللار :


1 ) خوتەن پىداگوكىكا ئالىي تېخنىكوم ئىلمىي ژۇرنىلى 2002 - يىل 4- ساندىكى «ئۇيغۇرلاردا خاسىيەتلىك سان <يەتتە> ۋە ھەپتە ئۇقۇمى توغرىسىدا» مەرمەنىسا ، ئايگۈل جامال.

2) قەشقەر پىداگوكىكا ئىنىستوتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1998- يىلى 1- ساندىكى «ئۇيغۇرلاردىكى خاسىيەتلىك سان <يەتتە> ھەققىدە» ئۈچقۇنجان ئۆمەر .

3)تىل ۋە تەرجىمە 2004 - يىل 3- ساندىكى «رۇس ۋە ئۇيغۇر مىللەتلىرىنىڭ «7» رەقىمىگە بولغان مەدەنىيەت كۆز قارىشى سېلىشتۇرمىسى» ئەنۋەر قادىر .

4)يۈسۈپ خاس ھاجىپ :«قۇتادغۇبىلىك» .

5)مەھمۇد قەشقىرى :«تۈركىي تىللار دىۋانى».

6)«ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» 1 - 2، - 3- قىسىم .

7)«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 1- ، 11 - قىسىم .

8) «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» 1 - ، 7 - قىسىم .

9)«مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدىكى سان مۇقەددەسلىك توغرىسىدا»

# ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمى توغرىسىدا

**ئەلى غوپۇر**

نورۇز بايرىمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخي تەرەققىياتلار جەريانىدا مەدەنىيەت يارىتىش ۋە مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش ئاساسىدا شەكىللەندۇرگەن، شۇنداقلا ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاممىۋى ئاساسى كۈچلۈك، قەدىمىلىككە ۋە ئومۇمىيلىققا ئىگە ئەنئەنىۋى بايراملىرىنىڭ بىرى. مەزكۇر ماقالىدە، نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىيات جەريانى، ئۇنىڭ تەرتىپ-يوسۇنلىرى ۋە رەسمىيەتلىرى، شۇنىڭدەك بۇ بايرامنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى بىر قەدەر ئەتراپلىق بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزى ياشاپ كەلگەن جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس ھالدا تەبىئەتنى تونۇش، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ۋە شۇ ئاساستا مەلۇم شەيئى-ھادىسىلەرگە چوقۇنۇش، شۇنداقلا ئۇنى ئەقلىي بىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ دىن سۈپىتىدە ئېتىقاد قىلىش قاتارلىق بىر قاتار جەريانلارنى بېسىپ ئۆتكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان دىنلىرى ۋە ئىشلەتكەن يېزىقلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ خىل ھادىسە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ رەڭگارەڭ ۋە جەزبىدار بولۇشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلىشچانلىقى بىلەن ناھايىتى كۈچلۈك بىر مىللەت.

ئۇيغۇرلار دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە خىلى مۇرەككەپ بولغان جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، دىن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. تارىخي ۋەسىقىلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك

ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار دەسلەپتە تەبىئەت، ئەجداد ۋە توتېم ئېتىقادچىلىقىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، شامان دىنى، مانى دىنى، زوروئاستېر دىنى، بۇددا دىنى ۋە ئاخىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. مەيلى ئەجداد ئېتىقادچىلىقى ياكى شامان، مانى دىنلىرى ۋە ياكى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىن يىراقلاشقان باشقا دىنلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ بەزىبىر ئىزنالىرى يەنە بىرخىل مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. بۇ ئاساسلىقى ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە بايرام، مۇراسىملاردا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

## 1.نورۇزنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى

«نورۇز» (Noruz) ئەسلىدە پارىسچە سۆز، ئۇ «نەۋرۇز»سۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزگەرگەن ۋارىيانتى بولۇپ، سۆز مەنىسى جەھەتتىن «باھار يامغۇرى»، «تۇنجى باھار كۈنى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بايرام شەمسىيە كالېندارى بويىچە قىش ئاخىرلىشىپ، باھارنىڭ باشلىنىش كۈنى (ھەر يىلى 3-ئاينىڭ 21-كۈنى)، يەنى كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن باش باھارنىڭ بىرىنچى كۈنى ئۆتكۈزىلىدۇ. نورۇز بايرىمى ئەسلى ماھىيىتى بىلەن يېڭى يىل بايرىمى بولۇپ، بۇ ئەنئەنىۋى بايرام ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە ئىنتايىن چوڭ تەسىرگە ئىگە.

«نورۇز» سۆزىنىڭ ئەسلى ئېتىمولوگىيىسى پارىسچە بولغىنى بىلەن، بۇ بايرام ئۇيغۇرچە «يېڭى كۈن» يەنى «يىل يېڭىلانغان كۈن»دېگەن سۆز مەنىسى بىلەن ئۇزاق دەۋرلەردىن بېرى ئۇيغۇرلار مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلگەن. تارىختا پارىسلار بىلەن بولغان دىنىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ قويۇقلىشىشى بىلەن كېلىپ چىققان «پارس تىلى قىزغىنلىقى»ئارقىسىدا، تىلىمىزدىكى «يېڭى كۈن» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئورنىدا پارسچە «نەۋرۇز» (Nawruz) سۆزى قوللىنىلىدىغان بولغان. «نەۋرۇز» سۆزى ئىستېمال جەريانىدا تەدرىجىي تاۋۇش ئۆزگىرىشى ياساپ «نورۇز» شەكلىگە كەلگەن.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نورۇز بايرىمىنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن نورۇز بايرىمى ھەققىدىكى كۆپلىگەن گۈزەل ئەپسانە-رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، نورۇز بايرىمىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى كۆك تەڭرىگە چوقۇنغان دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، كۆك تەڭرىگە ئېتىقاد قىلغان ئاشۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلار كۆكتە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىشىشىغا قاراپ، ئۇلارنى ئوخشىمىغان سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلەشكەن. ئۇلارنىڭ تونۇشىچە، ئاققۇزا يۇلتۇزى ئىنسانلارغا بەخت ئاتا قىلغۇچى ئىلاھ، قوش، بېلىق يۇلتۇزلىرىنىڭ يوقۇلۇپ، ئاققۇزا ئىلاھىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىققان كۈنى ئىنسانلارغا بەخت ۋە تەلەي كېلىدۇ، دېگەن ئەقىدە بويىچە، ئاققۇزا ئېيىنىڭ باشلانغان كۈنى (مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3-ئاينىڭ 21-كۈنى)نى نورۇز بايرىمى قىلىپ بېكىتكەن①.؛

ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىدىن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەممە شەيئىلەردە روھ بولىدۇ دەپ قارىلىدىغان شامان دىنىدىمۇ، ئەجدادلارغا چوقۇنۇشتىن ۋە ھەممە شەيئىلەردە روھ بولىدۇ دېگەن مەركەزدىن تەڭرىگە چوقۇنۇشنى يادرو قىلغان باسقۇچقا قەدەم قويۇلدى، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىكى بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت مەركىزى بولغان «قارارگاھ»نىڭ بارلىققا كېلىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاڭ شەكلى فورماتسىيىسى جەھەتتە تەڭرى مەركەزلىكىدىكى تەبىئىي چوقۇنۇش سىستېمىسىنىڭ بولۇشى يەنى رەڭگارەڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئىگە بولالايدىغان تەڭداشسىز بىر تەڭرىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. تەڭرىگە چوقۇنۇش گەرچە يەنىلا تەبىئەتنىڭ كۈچىگە چوقۇنۇش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاستا-ئاستا ئىجتىمائىي خاراكتېر تۈسىنى ئېلىۋاتقان، ئۆزىدە بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ بەزى ئالاھىدىلىك-لىرىنى ۋە سىنىپ تامغىسىنى يېتىشتۈرۈۋاتقانىدى.

پايانسىز يايلاقتا، بىر تالاي تارقاق قەبىلىلەرنىڭ نىسبەتەن مۇقىم بىر ئىتتىپاقداش بولۇپ، ئۇيۇشىشى ئۈچۈن خېلى ئۇزاق تارىخىي جەريان كېرەك ئىدى، ھالبۇكى ھەممىگە ئورتاق، تەڭداشسىز بىر تەڭرى-ئىلاھنىڭ ھەرقايسى

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بارلىققا كېلىشى ئۇچۇنمۇ بىر تەرەققىيات جەريانى لازىم ئىدى.

دەسلەپتە ئۇلار كۆك ئاسمانغا ھەممىدە كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇندى. مۇشۇ ئاساستا بۇ خىل دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مۇراسىملارنى ئۆتكۈزىدىغان بەلگىلىك ۋاقىت، پەسىل ۋە فورما پەيدا بولۇشقا، بۇ خىل مۇراسىملارمۇ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»دە: «ئۇيغۇرلار گۈلدۈرمامىغا ئامراق بولۇپ قالدى. ئۇلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا بەشىنچى ئايدا تەڭرىگە سەجدە قىلىدىغان ئادەت كېلىپ چىقتى. ئۇلار جەڭگە ئاتلىنىدىغان چاغدا ئاينىڭ تولۇشىنى ساقلايدىغان بولدى»، «ۋېنچېڭ دەۋرى (453ـ454)دە قاڭقىللاردىن بەش قەبىلە بىرلىشىپ تەڭرىگە باش ئۇردى، نەچچە ئونمىڭ ئادەم بىر يەرگە جەم بولدى... ئۇلار ئالەم بىنا بولغاندىن بۇيان، مۇنداق كاتتا مۇراسىم بولمىغان دېيىشتى» دېيىلگەن②.

ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئامراق مىللەت. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»دە: «ئۇلار ئاۋازىنى سوزۇپ، لەرزان ناخشا ئېيتىشقا ئامراق» دەپ يېزىلغان. ئۇلار تەڭرىگە سېغىنىپ نەزىر ـ چىراغ قىلغاندا، «بىر يەرگە يىغىلىپ بەيگە قىلاتتى، قان ئېقىتىپ چۆرگىلەيتتى، ئۈزۈلدۈرمەي ناخشا توۋلايتتى». ئۇلار ئېيتىدىغان ناخشىنىڭ ئاھاڭلىرى، ھونلار مەزگىلىدىلا يايلاقتا كەڭ ـ كۆلەمدە تارقالغانىدى③.

نورۇز تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئورتاق بايرام بولۇش سۈپىتى بىلەن، نورۇزنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا بايرام تۈسىگە كىرىشتى ھەققىدە بەزى ئەپسانىلەر بار. تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئەركىنلىك بايرىمى سۈپىتىدە قۇتلۇقلىنىدىغان نورۇز، ئوبۇلغازى باھادۇرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە نەقىل قىلىنغان «ئەرگىنەقۇن» رىۋايىتىدە، تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان بىر ۋادىدا 400يىل قامىلىپ ياشىغان تۈركلەر بوز قۇرت (كۆك بۆرە)نىڭ يول باشلىشى بىلەن باھارنىڭ دەسلەپكى

كۈنى (نورۇز كۈنى) تار ماكاندىن كەڭ ماكانغا چىقىپ، ماماتلىقتىن ھاياتلىققا ئېرىشكەنلىكى شەرىپىگە بۇ كۈننى ئالاھىدە تەنتەنە قىلىپ، ھۆرىيەت، ئەركىنلىك ۋە ئازادلىق بايرىمى قىلىپ بېكىتكەن ھەمدە بۇ بايرامنىڭ نامىنى ئەنئەنىۋى تۈركى كالىندارىدىكى نورۇزغ سىمۋول قىلىپ، «ئەرگىنە قۇن بايرىمى»دەپمۇ ئاتاشقان. تۈركى تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەركىنلىك، ئازادلىققا سىمۋول قىلىنغان بۇ بايرىمى شۇ زامانلاردىن باشلاپ بىر خىل ئەنئەنە سۈپىتىدە ھازىرغىچە ئۈزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. «ئەرگىنە قۇن»تۈركىي تىلىق قوۋملارنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ئەپسانە بولۇپ، بۇ ھەقتە سۈي، ۋېي سۇلالىلىرى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي مەنبەلەردە كۆپلىگەن مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ④.

نورۇز بايرىمىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى تۇرلۇك نوقتىدىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن. بىراق مەسىلىگە ئىلمىي ياندىشىپ، نورۇز بايرىمىنىڭ قاچان ۋە قانداق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىش قىيىن بولسىمۇ، ئەمما شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، بۇ بايرام ھەر تەرەپلىمە ئىلمىي ئاساسلانغان كائىنات ۋە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى، يەنى قۇياشنىڭ ھەمەل(قوزا) بۇرجىغا كىرىشى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ۋاقىت جەھەتتىن تەڭلىشى، كۈندۈزنىڭ ئۇزىراشقا باشلىشى، تەبىئەتتە يېڭىچە جانلىنىشنىڭ باشلىنىشى، باھارنىڭ يېتىپ كىلىشى بىلەن باغلىق بولغان. بىز نۇرۇز بايرىمىنىڭ چوڭقۇر يىلتىزىغا مۇراجىئەت قىلساق، ئۇنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ دېقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتكەندىن كېيىن، ئېتىز-ئېرىق، دالىلاردا يېڭى ئىش مەۋسۇمى باشلىنىشتىن بۇرۇن ئالدىدىن ئۆتكۈزىدىغان باھار بايرام-مۇراسىملىرىغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

نۇرۇز بايرىمى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن باشقا پارس تىللىق خەلقلەرنىڭمۇ ئوخشاش بىر مەۋسۇم، ئوخشاش بىر كۈندە قۇتلۇق -لايدىغان بايرىمى بولۇپ، تاجىكلار بىلەن پارىسلارنىڭ ئورتاق بايرىمىدۇر. شۇڭا بۇ بايرام مەيلى ئېتمولوگىيە ياكى فولكلور نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ، بەلگىلىك مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە.

بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى مەنبەلەردىن شۇ نەرسە ئايانكى، ئوتتۇرا ۋە مەركىزى ئاسىيا، ئىران ۋە ئافغانىستاندا نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزۈش ئاخمانىيلار دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 6_ئەسىر)دە كەڭ تارقالغان.

مىلادىيەدىن بۇرۇن قوللىنىشقا باشلىغان زورو ئاستېر كالېندارى (قەدىمكى ئىران كالېندارى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)بويىچە فەرۋەردىن ئېيى (ھازىرقى مارت ئېيى) نىڭ بىرىنچى كۈنى «كىچىك نورۇز»(ياكى «ئامموۋى نورۇز») باشلانغان. ئالتىنچى كۈنى بولسا «كاتتا نورۇز» (ياكى مەخسۇس نورۇز) ئۆيۈشتۇرۇلغان. ساسانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە بولسا بۇ ئىككى نورۇز بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق كۈنلەر بايرام دەپ ئېلان قىلىنغان. كېيىنچە نورۇز بايرىمى بىر ئايغىچە سوزۇلغان. بۇ ھەقتە بىرۇنى مۇنداق يازىدۇ: «كېيىنكى پادىشاھلار بۇ يېڭى ئاي، يەنى پەرۋەردىن ماھىنىڭ بارچە كۈنلىرىنى ھېيتقا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئالتىگە تەقسىم ئەتتىلەر: بىرىنچى بەش كۈن پادىشاھلار ئۈچۈن، ئىككىنچىسى ئۇلۇغ كىشىلەر ئۈچۈن، ئۈچىنچىسى پادىشاھلارنىڭ غۇلاملىرى ئۈچۈن، تۆتىنچىسى خىزمەتكارلار ئۈچۈن، بەشىنچىسى خەلق ئاممىسى ئۈچۈن، ئالتىنچىسى چوپانلار ئۈچۈن. پادىشاھلار ئەنە شۇ تەرتىپ بويىچە ئوبيېكتلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە بايرامنى تەنتەنە قىلىدۇ».

كلاسسىكلىرىمىزدىن مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەلشىر ناۋائى قاتارلىقلارمۇ ئالەمشۇمۇل ئەمگەكلىرىدە مەزكۇر بايرام ۋە باھار ۋە باھار پەسلىنى يارقىن تىللار بىلەن تەسۋىرلىگەن. مەسىلەن، مەھمۇد قەشقەرى باھارنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ:

بارچىن يېيىم كېرىلدى.
ئۈجماق يېرى كۆرۈلدى،
تۇملۇق يانا كەلگۈسىز.
قار_مۇز قاموغ ئېرىشىدى،
تاغلار سۈيى ئېقىشدى؛
كۆكسىن بۇلۇت ئۆرۈشدى،

قېيىق بولۇپ ئەگرىشۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە يۈسۈپ خاس ھاجىپ «يارۇق ياز-ئەتىياز پەسلى» نى مۇنداق تەرىپلەيدۇ:

تۇغاردىن ئېسە كەلدى باھار يەلى،
ئاچۇن بېزەشكە ئاشتى جەننەت يولى.

ياشىق ياندى بولغاي يانا ئورنىغا،
بالىق قۇيرۇقىدىن قوزى بۇرنىغا.

يازىق، تاغ، قىر، ئورمان ئۈشەندى يىپىپ،
تۈزەندى قولى، قاشى كۆك-ئال كېيىپ.

ئەلشىر ناۋائىمۇ نورۇزنى خوشاللىق بايرىمى، كۈن-تۈننىڭ تەڭلىشىد-ىغان پەيتى دەپ، يارنىڭ ھەر كۈنى نورۇز بولۇشىنى تىلەپ مۇنداق غەزەللەرنى توقۇغان:

مۇۋاپىق كىيدىلەر بولمىش مەگەر نەۋرۇز ئىلە بەيرەم،
چىمەن سەۋرى ياشىل خىلئەت بىنىڭ سەۋرى رەۋانىم ھەم.
ۋەسىل ئارا، كۆرۈم، تەڭ ئىمىش بوييۇ ساچى،
تۈن-كۈن تەڭ ئىكەن زاھىر ئولۇر بولدى چۇ نەۋرۇز.
زۇلفۇ رۇخسار ئىلە كامىغ مىنى يەتكۈزسەڭ
ھەر تۈنۈڭ قەدىر ئولۇبان، ھەر كۈنۈڭ ئولسۇن نەۋرۇز.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان بۇ ئەنئەنىۋى بايرام ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا ئىنتايىن چوڭ تەسىرگە ئىگە. ئۇيغۇرلار نورۇزنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن ئىپتىخارلىنىپ، قىرى-ياش ھەممەيلەن بۇ بايرامنى شاد-خوراملىق بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار نورۇز دېگەن بۇ سۆزنى ياخشى

كۆرگەنلىكتىن، ئۇنى مەشھۇر سەيلەگاھ، كىتاب، جاي، ئادەم ھەتتا مۇزىكا ناملىرى ئورنىدىمۇ قوللانغان.

14 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىر ئەلشىر ناۋائى ئۆزىنىڭ «جاھار دىۋان» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە، مۇقام ئىسىملىكلىرى قاتارىدا «نورۇز مۇقامى»نى تىلغا ئالغان. شۇنىڭدەك «نورۇز مۇقامى»نىڭ «نورۇز بۇزرۇك»، «نورۇز ھۇسەيىنى»، «نورۇز كۆچەك»، «نورۇز بۇسبىلىك»، «نورۇز راست»، «نورۇز سۇلتانى» قاتارلىق كۆپلىگەن نەغمە ـ ۋارىيانتلىرى بولغانلىقى مەلۇم
15; ـ ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك ئويغۇر شائىرى مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى «گۈل ۋە نورۇز»دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى يازغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ قەدىمكى نورۇز بايرىمىغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا نورۇزنى تىلغا ئېلىپ: «نورۇزدىن كېيىنكى تۇنجى باھار ئېيىنى ئوغلاق ئاي دەيدۇ، چۈنكى بۇ ئايدا ئوغلاق چوك بولىدۇ»⑥، دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن نورۇز بايرىمىدىن كېيىنكى «ئوغلاق ئېيى»دەپ ئاتالغان تۇنجى باھار ئېيىدا كىشىلەرنىڭ قاتارى ئوغلاق تارتىشىپ ئويناپدىغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن.

15 ـ ئەسىردە ياشىغان بەلىخلىق تارىخچى خاۋەند شاھ مىر خاۋەندەمۇ ئۆزىنىڭ «رەۋزەتۇسافا»ناملىق ئەسىرىدە نورۇز بايرىمى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازغان: «چىڭگىزخان شەرق پادىشاھى بولۇپ، يېڭى يىلنىڭ نورۇز چېدىرىنى قۇرغان پەسلىدە، شەرەپ بارگاھى ئۈستىگە چىقتى. ئۇنىڭ خاقانلىق دەۋرى قىرى ـ ياش بارلىق ئەل ـ ئۇلۇسقا ئايلاندى. باھارنىڭ خۇشپۇراق شاملى ئەۋەتكەن خۇشخەۋەر ئەلچىسى ئۆلۈك ھالەتتىكى يەرنىڭ تىرىلگەنلىك خەۋىرىنى ئەيش ـ ئىشرەت ئەھلىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئاڭلاتتى. باھار زىننەتچىسى گۈل ـ چېچەك ئويۇنلىرىنى چىگىل كۆزلىرىگە تىركەپ زىننەت ـ لىدى ... نورۇز كۈنى شاملى كەلتۈردى بىر شامال، بوستاندا گۈل ئېچىلدى مېۋىلەر قاتار ـ قاتار...»⑦

پارس تىلىدا يېزىلغان «شەمسۇل لۇغەت» ناملىق كىتابتىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمى مەزگىلىدە، «نورۇزنى تەبرىكلەش يۈزسىدىن ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، ئەلنەغمە، قالۇن چېلىش قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ»غانلىقى بايان قىلىنغان.

مۇھەممەد سادىق قەشقەرىمۇ «تەزكىرەئى ئەزىزان»ناملىق كىتابىدا: «بۈگۈن نورۇز بايرىمى، ئۈيۈمدە زىياپەت ھازىرلىدىم ئۆزلىرى قەدەم تەشرىپ قىلالا»⑧ دەپ نورۇز ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان غۇلجىلىق ئەدىب سەنۇبەر شاھ ئىبنى ئەھمەد 1922-، 1935-يىللىرى يازغان «نورۇزنامە»ناملىق ئەسىرىدىمۇ، نورۇزنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن دەۋرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى، ئۇيغۇرلار بۇ بايرامنى تۈرلۈك پائالىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈشنى ئۆزلىرىگە رەسىم-قائىدە قىلغانلىقى، نورۇزنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئىجتىمائىي تەسىرى، شۇنىڭدەك شائىرلار، مەدرىسلەردىكى مۇدەررىسلەر، تالىپلارنىڭ بۇنىڭغا ئاتاپ شېئىر-قوشاقلارنى توقۇپ ھەرخىل سورۇنلاردا دېكلماتسىيە قىلىدىغانلىقى ھەمدە نورۇزنامە ھەققىدىلا 175 كۇپلېت قوشاق بار⑨.

قەشقەرنىڭ ئوپال رايونىغا جايلاشقان ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى مازىرى ( ھەزرىتى موللام مازىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) يېنىدا «نورۇز بۇلاق»دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاق بار. ئۇزۇن تارىخنىڭ شاھىدى بولغان بۇ بۇلاق ھەققىدە شائىرلىرىمىز نۇرغۇن شېئىر، قوشاقلارنى يېزىشقان. بۇ بۇلاقنىڭ ئۆز ۋاقتىدا نورۇز سەيلىلىرىدە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزىلىدىغان سەيلىگاھلاردىن بولغانلىقى ئېنىق. «ھەزرىتى موللام تەزكىرىسى» ( مەھۇد قەشقەرى تەزكىرىسى)نىڭ ئاياق قىسمىدا، ئۇستازلار ۋە قارىلارنىڭ ئۆز تالىپلىرىنى باشلاپ نورۇز بۇلاققا بېرىپ، بۇ يەردە تۈنەپ سەيلە قىلىدىغانلىقى ۋە تالىپلارغا شۇ بۇلاقتىكى سەيلىدە ئىلمىي ئۇنۋان بېرىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان⑩.

شىلىك سىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، بۇ بايرامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مىلادىيە يىلنامىسى بويىچە 1-ئاينىڭ 1-كۈننى يىل بېشى قىلىپ بېكىتكەن، ھەمدە نورۇز بايرىمىنىڭ ئورنىغا ئۆزى تەختكە چىققان 12-ئاپرېل كۈننى بايرام قىلىپ بېكىتىپ، شۇ كۈننى قۇتلۇقلاشنى بۇيرىغان. نورۇز بايرىمى گەرچە ئۇزۇن يىل تاشلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئارىسىدا بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا غەيرى رەسمىي يوسۇندا ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەنىدى.

پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا قايتا يول ئېچىلغاندىن كېيىن، ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ رەڭگارەڭلىكىگە ئاساس بولۇپ كەلگەن بۇ ئەنئەنىۋى شادلىق بايرىمى قايتا ھاياتىي كۈچ ۋە تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. 1982-يىلى، بۇ بايرامغا تەشنا بولۇپ كەلگەن نەچچە مىڭلىغان كىشى نورۇز بۇلاق بېشىغا بېرىپ تۇرغۇنلۇقتىن كېيىنكى تۇنجى نورۇز سەيلىسىنى يەنە بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ نورۇز بۇلاق سەيلىگاھىدىن باشلىدى.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەتلەرنىڭ يېقىندىن قوللىشى ۋە خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ كۈنسايىن ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ بايرام تېخىمۇ زور كۆلەمدە ئۆتكۈزۈلۈش پۇرسىتىگە ۋە يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشتى.

## 2.نورۇزنىڭ ئەھمىيىتى ۋە تەرتىپ-يوسۇنلىرى

ئۇيغۇرلار نورۇزنى قۇتلۇق، خاسىيەتلىك بايرام دەپ بىلىدۇ. نورۇز باشلىنىشتىن بۇرۇن ۋە نورۇز مەزگىلىدە، ھەرقانداق كىشى ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىدۇ ۋە باشقىلارنى شۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئەجدادلىرىمىز نورۇزنى خاسىيەتلىك بايرام دەپ قارىغاچقا، كىمكى يىل بېشىدا، يەنى نورۇز ئەييامىدا ساۋابلىق ئىش قىلسا، شۇ كىشىگە يىل بويى

ياخشىلىق نىسپىي بولىدۇ دەپ بىلەتتى. شۇڭا ئەلمىساقتىن تارتىپ كىشىلەردە يىلنىڭ ئامان-ئېسەن ۋە مەنپەئەتلىك ئۆتۈشىنى ئارزۇلاپ، نورۇزغا ئاتاپ ھەرخىل ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش ئۇمۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. ئومۇمىي جامائەت ئۈچۈن پاراۋانلىق ئىشلارنى قىلىش، يەنى مەكتەپ سېلىش، كۆۋرۈك ياساش، مۇقەددەس كىتابلارنى كۆچۈرۈش ۋە كۆچۈرگۈزۈش، ئىبادەت ئورۇنلىرىغا قىممەتلىك كىتاب ياكى يەر-مال ۋەخپە قىلىش ئەنە شۇنداق چوڭ ساۋابلىق ئىشلار جۈملىسىدىن ئىدى(11).

مىسال قىلساق، 10-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، توخرى تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «مايترى سىمىت» نومى تەڭرى بۆگۈ ئىل بىلگە ئارىسلان ئىدىقۇت دەۋرىدە يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان چۇتاش تىگەن تۇتۇڭ دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. بۇ نومنىڭ «يۈكۈنچ بۆلۈم»نىڭ ئاخىرقى ۋارىقىغا مۇنداق دەپ يېزىلغان:

«يانا، ئالقىشقا ئەرزىيدىغان ئايغا، ئارزۇلىغان كۈنگە، تاللانغان ئەزگۈ چاغقا، قۇتلۇق-خەيرلىك ۋاقىتقا، قۇتلۇق قوي يىلى ژون ئۈچۈنچى ئاينىڭ 22-كۈنگە توغرىلاپ، مەن-ئۈچ ئەردەنگە ئېتىقادچان كۆڭۈللۈك ئۇپاسى چۇتاش يىگەن تۇتۇڭ كىشىم (ئايالىم) بىلەن بىللە، كېيىن كېلىدىغان مايترى بۇرخانغا ئۇچۇرشايلى دەپ بىر دانە مايترى ھەيكىلىنى بېزەتتۇق (ياساتتۇق)، بىر پارچە مايترى سىمىت نومىنى كۆچۈرگۈزدۇق».

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ بۇ خىل ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. 13-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 14-ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان ئەدىب نەسىردىن رابغۇزىمۇ ئۆزىنىڭ نادىر ئەسىرى «قىسسەسۇل رابغۇزى» («قىسسەسۇل ئەنبىيا»)نى ئاشۇ قۇتلۇق كۈندە پۈتتۈرگەنلىكىنى قەيت قىلغان:

«ئۈش تۈگەتتىم بۇ كىتابنى، ئەي يارانلار، ئەر يۈزى.
بىر يىل ئىچرە كەچتى ئانىڭ ياي، قىشى، يازۇ كۈزى.
يەتتە يۈز ئون ئەردى يىلغا كىم بىتىلدى بۇ كىتاب،

تۇغمىش ئەردى ئۇل ئۇغۇردا، ھوت ـ سائادەت يۇلتۇزى» . (ھىجرىيە 710 ـ يىلى ھوت يۇلتۇزى تۇغۇلغان كۈنى مىلادىيە 1311 ـ يىلىنىڭ مارت ئاخىرىغا، يەنى نورۇز پەيتىگە توغرا كېلىدۇ.)

ئادەتتە نورۇز ئەييامىدا تۇغۇلغان باللارغا قۇتلۇق كۈننىڭ ئاتلىرى ياكى قۇتلۇق كۈنگە مۇناسىپ چاغ، گۈل ـ گىياھ ناملىرى قويىلاتتى. مەسىلەن، ئوغۇل باللارغا «نورۇز» ، «نۇر» ، «قۇتلۇق» ، قىز باللارغا «نۇر ئەلانۇر» ياكى گۈل ـ چېچەك ئاتلىرى ۋە «چىمەن» ، «بوستان» ، «باھار» دېگەندەك ئىسىملار قويىلاتتى.

بۇ قۇتلۇق كۈنلەردە، كىشىلەر ساۋاب تېپىش ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىللە، بىر ـ بىرىگە ياخشىلىق تىلەيتتى. ئۆزئارا قوغلاشقاندا، سەير ـ تاماشىلاردا، مەشرەپ سورۇنلىرىدا، نورۇز مەزگىلىدە، ئۇستىكارلار كۆزى پىشقان ۋە قولى چېۋەر شاگىرتلىرىغا ھۈنىرىنىڭ يېڭى بىر ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قوياتتى. مەدرىس ـ مەكتەپلەردە مولللار تالىپلىرىغا نورۇزنامە يېزىپ بېرەتتى ياكى يازدۇراتتى.

قەدىمكى نورۇز پائالىيىتىنىڭ بىر قىسمى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما نورۇز بايرىمى مەزگىلىدە كىشىلەردە پەيدا بولىدىغان مەنىۋى خۇشاللىق ۋە دەبدەبىلىك، جۇشقۇن ئىجتىمائىي كەيپىيات يەنىلا بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ تۆۋەندىكى نورۇز قوشاقلىرى ۋە پائالىيەتلىرىدە تولۇق ئىپادىلىنىدۇ:

نورۇز كەلدى جاھانغا، باھار بولۇر كۈندۈر بۈگۈن،  
دەرەخلەرگە سۇ يۈگۈرۈپ، بىخ ئۇرار كۈندۈر بۈگۈن.  
دېھقانلار قوشى ھەيدەپ، ئۇرۇق سالۇر كۈندۈر بۈگۈن،  
ئىش بېشى سائەت كۈنى، ئامبار تولار كۈندۈر بۈگۈن.  
كەلدى نورۇز دىبان كېلۇرلەر خاتۇنلارنىڭ تۆركىنى،

گۈللەر قىسىپ قىز-ئوغۇل، ئەگرى قويار بۆ كۆنى.
مېلىس قىلىپ ئويناشۇر، قاچۇر كۆكۈل مۇلكىنى.
شاتىۋادا تون كىيىنىپ، جۇۋا-تۇماقنى تاشلىدۇق
كوكۇلچىلىكتە ئولتۇرۇپ، نەغمە-ناۋا باشلىدۇق.
ئوغلاق ئالىپ مەشرەپ قىلۇر كۆندۇر بۇگۈن،
قايغۇ-ھەسرەتلەر كېتىپ يايرا شۇ كۆندۇر بۇگۈن.
كەلدى نورۇز يىل بېشى ئەلدە تاماشا ئاربلاش،
كوچىدا قىلدى گاداي، شاھلار تاماشا ئاربلاش،
ئويىندى پوكزەك ئوغۇل، لەگلەكنى قىزلار ئاربلاش،
بارچە خوشلۇق يېتىپ كەلدى تاماشالار كۆپ بۇگۈن.

بۇ قوشاقتا، باھاردىن ئىبارەت يىل، پەسىل، كۆندە يېڭىلىنىش باشلىنىپ، كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەرگە ھايات بەخش بۇ كۈننىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن، تەبىئەتتىكى ئويغىنىش، كىشىلەردە پەيدا بولغان زور مەنىۋى خۇشاللىق ۋە دەبدەبىلىك، جۇشقۇن ئىجتىمائىي كەيپىيات ئىپادىلەنگەن

نورۇز كەلدى يىل باشى، يوقتۇر ئاننىڭ تەڭدىشى،
نورۇز كۆنىدىن ئىپتىدا قىلسا ئىشى،
ھېچ زايا كەتمەس، ئۇشبۇ كۆن قىلغان ئىشى،
مۇرادى ھاسىل بولۇپ مەقسىتىگە يېتەر كىشى،
ھەممە ئىشنىڭ ئەۋزىلى، غايەت مۇبارەكتۇر بۇگۈن.
كەلدى نورۇز يەت سىلىك سويغان قوينىڭ يېغىدا،
مېھمانلارنى چاقىرىك، ئولتۇرغۇزۇڭ ئايۋاندا،
نازۇ-نېمەت تولدۇرۇڭ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا،
ئاشلىرىك ئوبدان بولۇر، ئىش ئىپتىدا كۆندۇر بۇگۈن.
كەلدى نورۇز يىل باشى، كۆپ سائادەتتۇر بۇگۈن،
نورۇز قىلماق كۆپكە ئادەتتۇر بۇگۈن،
تەجرىبە قىلساك ئەگەر، كۆپ ئالامەتتۇر بۇگۈن،
ئۆيدىن-ئۆيگە ھېيتلىشىپ مېھمان بولۇر كۆندۇر بۇگۈن

بۇ قوشاقتا، نورۇزنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى «ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈن، ياخشى سائەتتە باشلانغان ئىش راۋاج تاپىدۇ»، «يىل قانداق باشلانسا، شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ» دېگەن ئەقىدىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ كۈننى نەقەدەر ئۇلۇغلاپ خۇشال-خۇرام قارشى ئالىدىغانلىقى ۋە ئەجداد لىرىمىزدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مېھماندوستلۇق ئادىتى گەۋدىلەن-دۈرۈلگەن(12).

## 3.نورۇزنىڭ رەسمىيەتلىرى

نورۇز كۈنلىرى ھەرخىل سورۇنلار تۈزۈلۈپ، ئومۇمىي خەلق سەيلىسى بولىدۇ. ئۇنىڭ شەكىللىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «توققۇز مەرىكە-مۇراسىم» دېيىلىدۇ.

### 1) نورۇز ناغرىسى

نورۇز باشلىنىش ھارپىسىدا، بارلىق-كەنت، قىر-يېزىلاردا، نورۇز بايرىمى كەلگەنلىكى تەنتەنە قىلىنىپ، ناغرا سۇناي چېلىنىدۇ. ئەل-يۇرت نورۇزغا جابدۇنۇپ، ھەممە جاي تەنتەنىلىك بايرام كەيپىياتىغا چۆمىدۇ.

### 2). نورۇز تازىلىقى

نورۇزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن يۇرت-مەھەللە بويىچە چوڭ تازىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەر بىر ئائىلە ئۆي، تام-تورۇس، ھويلا-ئاراملىرىنى سىرىپ-سۈپۈرۈپ، كىگىز-بىساتلىرىنى قېقىپ، كىر-قاتلىرىنى يۇيىدۇ. كىشىلەر يۇيۇنۇپ-تارىنىپ، چاچلىرىنى ئالدۇرۇپ، ساقال-بۇرۇتلىرىنى ياسىتىپ، پاكىز كىيىنىدۇ. بولۇپمۇ ياش جۇۋان-چوكان، ئوغۇل-قىزلار مەخسۇس يېڭى ئۇستىباش ھازىرلايدۇ. كوچا-يوللار پاكىزە تازىلىنىپ گۈزەل مۇھىت بەرپا قىلىنىدۇ.

### 3) سوغۇق قوغلاش

هارپا ئاخشىمى يىگىتلەر توپ-توپ بولۇشۇپ، ياغلىق قاپاق كۆيدۈرۈپ-گىنىچە مەھەللىمۇ-مەھەللە يۈرۈپ، سوغۇق قوغلايدۇ، سوغۇقنى ھەجۋىي قىلىپ قوشاق-بېيىت ئېيتىشىدۇ، نورۇزغا بېغىشلانغان ناخشىلارنى ئېيتىدۇ. گۈلخان يېقىپ، ئەتراپىدا قوپۇن ئۇسسۇلى ئويناپ چۆرگىلەيدۇ. بىر-بىرىگە تەگكەش قىلىنغان توققۇز داپ چېلىپ، قىزىقچىلىق قىلىشىدۇ، باھار قۇشلىرىنى دورايدۇ. تاڭ ئاتقاندا، سوغۇق قوغلىغۇچىلار يۇرت-مەھەللىلىرىگە قايتىپ كەلگەندە، ھەر بىر ئۆيلۈك ئۆز ھالىغا يارىشا ھەرخىل غىزالارنى ئېتىپ، ئۆيلىرى ئالدىدا شىرەگە تىزىپ، ئۇلارنى كۈتۈۋالىدۇ. بۇ سوغۇق قوغلىغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ھاردۇق ئېشى دېيىلىدۇ.

### 4) يوقلاش

نورۇز كۈنى چۈشكىچە يوقلاش پائالىيىتى بولىدۇ، يەنى ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەن پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىلىرىنى يوقلايدۇ.ئۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەر قەبرە، ئىگە-چاقىسىز قېرى-چۈرى، يېتىم-يېسىر، مېيىپلارنى يوقلايدۇ.

### 5) نورۇز ئېشى

نورزۇر كۈنى يەنە ئەنئەنە بويىچە نورۇز ئېشى ۋە نورۇز سۈيى تەييارلىنىدۇ. نورۇز ئېشى بۇغداي، ئارپا، قوناق، نوقۇت، گۈرۈچ، ماش، تېرىقتىن ئىبارەت يەتتە خىل دان بىلەن جىگدە قوشۇپ ئېتىلىدۇ. نورۇز سۈيى بولسا چىلان، شاپتۇل قېقى، گۆش، قوينىك چوقىسى، سامساق، سىركە قاتارلىق يەتتە خىل نەرسىنىڭ چىلانمىسىدىن ھازىرلىنىدۇ.

### 6) نورۇز سەيلىسى

نورۇز سەيلىسى ھەر قايسى جايلاردا شاد-خۇراملىق ئاساس قىلىنغان ھەرخىل شەكىللەردە ئۆتكۈزۈلىدۇ. كۆپىنچە جايلاردا بىر يۇرت ياكى بىرەر مەھەللە ئاسا قىلىنغان ھالدا شۇ جايدىكى سەيلىگاھ ياكى تاغ-دەريالار بويىدىكى ھاۋالىق جايلاردا سورۇن تۈزۈلىدۇ. نورۇز پائالىيىتى ئەتىدىن كەچكىچە، بەزى جايلاردا بىر نەچچە كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ.

نورۇز كۈنى ئالدى بىلەن مەھەللە ئىچىدە ھېيتلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. كىشىلەر بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ ئۆيمۇ-ئۆي ھېيتلىشىدۇ، ھەم نورۇز سۈيى ئىچىشىپ ئۆزئارا مۇبارەكلىشىدۇ. ئاندىن كېيىن پۈتۈن يۇرت خەلقى خۇددى كۆچكەن قۇشلار توپىغا ئوخشاش يارىيا، كۆتەك ھارۋا، مەپە ياكى ئات-تۆگە، كالا، قوتاز، ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلار بىلەن قازان-قومۇچ، كىگىز-بىساتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، چېدىر-سايىۋەن، كەپە-ساتمىلارنى تىكلەيدۇ. ئاشپەز، ناۋاي، قاسساپ، سودىگەر، يايمىچى، قاتارلىق ئوقەت -چىلەرمۇ چىقىپ، دۇكان، يايما ئېچىپ بۇ سەھرايى دالىغا ئاۋاتچىلىق بەخش ئېتىدۇ. نورۇز خادىملىرى بىر چەتتە داش قازانلارنى ئېسىپ نورۇز ئېشى ئېتىش بىلەن مەشغۇل بولسا، نورۇز سەيلىسىگە چىققان ئاھالىلەرمۇ ئۆز كەپە-ساتمىلىرىدا قازان-قۇمۇچلىرىنى ئېسىپ، قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە نورۇزغا ئاتاپ خالىغان بىر خىل تاماق ئېتىش بىلەن بەند بولىدۇ.

نورۇز ئېشى تەييار بولۇشىغا، بىر جاكار بىلەن نورۇز مۇراسىمى باشلىنىدۇ. كۆپچىلىك ئوتتۇرىدىكى بوشلۇقتا چەمبەرسىمان كەڭ سورۇن ھاسىل قىلىپ، دەرىجە، مەرتىۋە ئايرىماي نۆۋىتى كەلگەن يەردىن ئورۇن تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. سورۇننىڭ بىر چېتىدىن ئىشىك ئورنىدا مەلۇم كەڭلىكتە بوشلۇق قالدۇرۇلىدۇ.سورۇن تۈزۈلۈپ بولۇشىغا شۇ «ئىشىك» ئارقىلىق، چىنە، چۆچەك، ھېجىرلاردا نورۇز ئېشى تارتىلىدۇ. كۆپچىلىك نورۇز ئېشىغا ئېغىز تەگكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئائىلىلەر بويىچە نورۇزغا ئاتاپ ئېتىلگەن غىزا-تائاملار ئارقا-ئارقىدىن ئېلىپ كېلىنىپ بىر قاچىدىن كۆپچىلىك ئالدىغا قويۇلىدۇ. بۇ غىزا-تائاملارنىڭ ئېسىل ياكى ئاددى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىمنىڭ ئالدىغا قانداق تاماق توغرا كەلسە، شۇ قويۇلىدۇ. ھەر قانداق ئادەم تاماق تاللىمايدۇ ۋە تاللىماسلىقى شەرت. تاماق يېيىلىپ بولغاندىكىن كېيىن،

ئادەت بويىچە كۆپچىلىك بىردەك قول كۆتۈرۈپ، سۇ، يامغۇرغا مولچىلىق ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا بەرىكەت، نەرخ-ھاۋاغا ئەرزانلىق تىلەپ دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىشقا ئائىت پاراگلارنى قىلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مۇراسىم ئاخىرلىشىپ نورۇز چېيى ۋە ھەرخىل كۆگۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى باشلىنىدۇ.

كۆگۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ھەرخىل ئويۇن تۈرلىرى بويىچە ئايرىم-ئايرىم سورۇندا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئەلنەغمىچىلەر ھەرخىل چالغۇلارنى تەڭكەش قىلىپ نورۇز قوشاقلىرى، ئون ئىككى مۇقام كۈي-غەزەللىرى ۋە ھەرخىل مەزمۇندىكى يۈرۈشلەشكەن خەلق ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ، سەھرايى داللارنى بايرام خۇشاللىقىغا چۆمدۈرىدۇ. مۇقام مەرغۇللىرى، سەنەم كۈيلىرى ئورۇنلانغاندا، چوڭ-كىچىك، قېرى-ياش، ئەر-ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئىختىيارسىز بەس-بەستە ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. تاماشىبىنلار ئۆز خاھىشى بويىچە ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىدىن پۇل قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆرۈپ، ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ئالدىغا تاشلايدۇ. بۇ، تاماشىبىنلارنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلار بىلەن ئەلنەغمىچىلەرگە بىلدۈرگەن تەشەككۈرى بولۇپ، ئادەتتە «چۆرۈمە» دەپ ئاتىلىدۇ.

داستانچىلار ئۆزگە قىزىقارلىق قىياپەت، ھەرىكەت ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشقان ئاھاڭ بىلەن «مىڭ بىر كېچە»، «كەمەك ھەييار»، «چاھار دەرۋىش» قاتارلىق داستان، ھېكايىلەرنى سۆزلىسە، ئۇلارنىڭ توپ ئىچىدە ئولتۇرغان شاگىرتلىرى ئارىلاپ دوست تارتىپ، كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ. ھەربىر داستان، ھېكايە ئاخىرلاشقاندا، ئاڭلىغۇ -چىلار ئۆز خاھىشى بويىچە داستانچىلارغا پۇل ئىنئام قىلىدۇ.

چېلىشچىلار سورۇندا يۇرت-يۇرتلاردىن كەلگەن چېلىشچى ئەزىمەتلەر بىر-بىرىگە قارشى نۆۋەت بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ ئۆز ماھارەتلىرىنى نامايەن قىلىدۇ، ئۇتۇپ چىققانلارغا «كۈچتۈڭگۈر» دېگەن ئاتاق بېرىلىدۇ.

دارۋازلار تەخمىنەن 40~50 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 20~30 مېتىر ئېگىزلىكتە تارتىلغان ئارغامچا ئۈستىدە، پەستە چېلىنىۋاتقان ناغرا، سۇنايىنىڭ رېتىملىق ئاۋازىغا كەلتۈرۈپ، گاھ يالاڭئاياغ، گاھ پۇتىغا تۈنىكە تەخسە تېڭىپ، گاھ قولىغا تەڭكەش ئېلىپ ئالدى-ئارقىسىغا مېڭىش، ئولتۇرۇپ قوپۇش، موللاق ئېتىش، تاختا پەرگە چىقىش، چىغىرىق ئۇچۇشتەك كىشىنى چۆچۈتىدىغان خەتەرلىك، قىيىن ھەرىكەتلەرنى ئورۇنداپ، تاماشىبىنلارنى مەپتۇن قىلىدۇ.

ئوۋچى، پالۋان-مەرگەنلەر:

«نورۇز كەلدى جاھانغا، ئوۋ قىلغىلى چىقارمىز،
قايغۇ باسقان كۆڭۈلنى تاغدا يورۇپ ئاچارمىز،
جىرغىلاردا ئاتىپ بۇغا-كېيىك ئاشارمىز،
تېرىسىنى تاسما قىلىپ، مۈڭگۈزىنى ساتارمىز،
قول-پۇتىنىڭ پاچىقى قامچىغا دەستە بوگۇن».

دېگەن ئوۋچىلارنىڭ نورۇز قوشىقىنى ئېيتىشىپ، قونداقلىق مىلتىق-لىرىنى ئېسىپ، تايغانلارنى ئەگەشتۈرۈپ، جىلغا، ئورمانلارغا قاراپ ئات سالىدۇ. ئوغلاقچى، بەيگىچىلەر بولسا ئايرىم كەڭتاشا مەيداندا ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. كىچىك باللار ھەتتا ياشىنىپ قالغانلارمۇ ھەرخىل ئويۇنلارغا قاتنىشىدۇ. ئۇلار بىر چەتتە «سارغايدى-پىشتى» ساداسى ئىچىدە چاقپەلەك ئۇچۇرۇشسا، بىر يەردە لەگلەك ئۇچۇرىدۇ. بەزىلىرى ھەخىل قاچ-قاچ توپ ئويۇنلىرىنى ئوينىسا، بەزىلىرى دەرەخ شاخلىرىغا ئىلەڭگۈچ سېلىپ ئېگىز، ئۇزاق ئۇچۇش بىلەن بەسلىشىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى جايلاردا، مەسىلەن، قەشقەرنىڭ ئوپال رايونىدا بۇ قۇتلۇق بايرام كۈنى ئىلىم-مەرىپەت تەرغىباتى ۋە كىشىلەرنىڭ پەم-پاراستىنى ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنغان ئىلمىي پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ.

14-ئەسىرگىچە ئوپالدىكى نورۇز بۇلاق-كاتتا نورۇز سەيلىگاھى بولۇپ كەلگەن. بۇ بۇلاق شۇ جايدىكى مەھمۇد قەشقەرى مازىرى (ھەزرىتى موللام

مازىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، 14-ئەسىردىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا ھەر يىلى نورۇز پائالىيىتى شۇ بۇلاق بويىدا ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەنلىكتىن، بۇ بۇلاق «نورۇز بۇلاق» دەپ ئاتالغان. بۇ نورۇز سەيلىسىدە شېئىر-نەزمە مۇسابىقىسى ئاساس قىلىنغان ھالدا خەلققە ئاپەت كەلتۈرىدىغان جىن-شاياتۇنلارنى قوغلاش مەقسەت قىلىنغان ئەنئەنىۋى ئويۇنلاردىن «سۇ چېچىش ئويۇنى»، ئەقىللىق بولۇشقا دەۋەت قىلىندىغان «بۇلاق نېنىنى يېيىش ئويۇنى»، «تۇمارلىق ئېلىش ئويۇنى» قاتارلىق ئويۇنلارمۇ ئوينالغان.

شېئىر-نەزمە مۇسابىقىسى: بۇ مۇسابىقە يۇرت-يۇرتلاردىن نورۇز سەيلىسىگە كەلگەن داڭلىق ئۆلىما، داموللا، مۇدەررىسلەرنىڭ رىياسەتچى-لىكىدە، ئۇلارنىڭ شاگىرت-تالىپلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن (ھازىر بۇ، ئومۇمىي خەلق پائالىيىتىگە ئايلىنىپ، بۇ ساھەدە ئىقتىدارى بارلىرىنىڭ ھەر قانداقى قاتنىشىدىغان بولدى). مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىققۇچىلار ماددىي مۇكاپاتلارغىمۇ يەسسەر بولغان.

سۇ چېچىش ئويۇنى: بۇ ئويۇن يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەقسەتتە سەيلىگە كەلگەن بارلىق چوڭ-كىچىك، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا بۇلاق ئېقىننى بويلاپ بىر-بىرىگە سۇ چېچىش شەكلىدە ئوينىلىپ كەلگەن. + :

بۇلاق نېنىنى يېيىش ئويۇنى: گىرۋەكلىرىگە چۆرۈلدۈرۈپ خاسىيەتلىك سۆزلەر ئويۇلغان مەخسۇس بىر نەچچە نان ھازىرلىنىپ ئۆلىمالار تەرىپىدىن بۇلاق بېشىغا تاشلىنىدىكەن. ياشلار، تالىپلار بۇلاق ئېقىننى بويلاپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ، ناننى سۈزۈۋېلىپ تالىشىپ يەيدىكەن. ھازىرقى شىرمان ناننىڭ گۈلى شۇنىڭدىن قالغانلىقى مەلۇم.

تۇمارلىق ئېلىش: مۇسابىقىدە باھالانغان شېئىر-نەزمىلەر يېزىلغان قەغەزلەر ئۈچ بۇرجەك قىلىپ قاتلىنىپ، ئۆلىمالار تەرىپىدىن بۇلاق بېشىغا تاشلىنىدىكەن. سەيلىگە كەلگەن ياشلار ئۇدۇم ئېلىش مەقسىتىدە بۇلاق ئېقىننى بويلاپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ، ئۇلارنى سۈزۈۋېلىپ دوپپىلىرى ئۈستىگە ئېلىپ قويىدىكەن، كېيىن رەختتىن ئۈچ بۇرجەك قاپچۇق تىكىپ، تۇمار

قىلىپ بويۇنلىرىغا ئېسىۋالىدىكەن. ئۇيغۇرلاردىكى تۇمار ئېسىش ئادىتى شۇنىڭدىن كەلگەنلىكى مەلۇم. ئەمما «تۇمار» كېيىنكى ۋاقىتلاردا خۇجا، ئىشانلار تەرىپىدىن خۇراپىلەشتۈرۈۋېتىلگەن.

بۇ پائالىيەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئىجرادىن قالغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ پائالىيەتلەردە گەۋدىلەندۈرۈلگەن خەلقىمىزدىكى ئىلىم-مەرىپەتكە ئىنتىلىش ئادىتى مەشرەپ ئويۇنلىرى، شېئىر-نەزمە، تېپىشماق ئېيتىشتەك شەكىللەر ئارقىلىق دەۋرىمىزگىچە داۋاملىشىپ كەلدى. شۇڭا كونىلار: «بالاڭنى مەكتەپكە بەر، مەكتەپ بولمىسا مەشرەپكە بەر» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قالدۇرغان.

دېمەك، نورۇز بايرىمى ئەنە شۇنداق ئۇزۇن تارىخ، چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساس ۋە تەسىرگە ئىگە بولغاچقا، يەكلەشچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئىسلام شارائىتىدىمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتماي دىندىن خالىي بولغان ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە. نورۇزنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ئۇ، بىرلىك، ئىناقلىق بايرىمىدۇر. شۇڭا، ئۆچ-ئاداۋەتلىكلەر، جۇملىدىن ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشكەن ئەر-خوتۇنلار نورۇز مەزگىلىدە «ئۆتكەنگە سالۋات» قىلىپ، قايتىدىن يارىشاتتى ياكى ياراشتۇرۇلاتتى. بۇ، كۆپىنچە يوقلاش پائالىيىتىدە ياكى مەشرەپ، سەيلىلەر-دە، ياكى بولمىسا «زارىخەتمە» ۋاقتىدا چوقۇم ئادا قىلىناتتى.

## 4-نورۇزنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش جەريانىدىكى ئىجابىي رولى

نورۇز-ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى بولۇپلا قالماي، يەنە قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ شۇنداقلا تاجىك قاتارلىق شەرقىي ئىران تىللىق مىللەتلەرنىڭمۇ ئەنئەنىۋى باھار بايرىمىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاق دەۋرلىك تەدرىجىي تەرەققىياتى جەريانىدا دىندىن خالىي، بايرام جەريانىدا ھېچقانداق

دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزلمەسلىكتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا دىنىي بايراملاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭ يەنە بىر رېئال ئەھمىيىتى شۇكى، نورۇز-شادلىق بايرىمى، ئۆملۈك-ئىناقلىق، بىرلىك-ئىتتىپاقلىق، ئامانلىق ۋە ئەمگەك بايرىمى بولغاچقا، ئۇ خەلقىمىز ئارىسىدا ئەسىرلەردىن بېرى ئۆزىنىڭ خاسىيىتىنى يوقاتماي، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى بايلىقى سۈپىتىدە ئارزۇلىنىپ ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلدى.

نورۇز بايرىمىنى رەسمىي بايرام سۈپىتىدە قۇتلۇقلاشقا ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن، ھەر قايسى رايونلار ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، بۇ بايرامنى يالغۇز ئۇيغۇر قاتارلىق بىر نەچچە مىللەتلەرلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەممە مىللەت كىشىلىرى تەڭ قۇتلۇقلايدىغان چوڭ بايراملار قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇرۇشقا تىرىشتى. قەشقەر ۋىلايىتىنى مىسال ئالىدىغان بولساق، 2004-يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم «ھەر مىللەت خەلقىنى تەشكىللەپ نورۇزنى ئورتاق تەبرىكلەشنى يولغا قويۇش پىكرى»(2004-يىل 1-نومۇرلۇق ھۆججەت)نى تارقاتتى ھەمدە مەخسۇس نورۇز بايرىمىغا رەھبەرلىك قىلىش گورۇپپىسى تەسىس قىلىپ، ھەر يىلى 3-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن باشلاپ 3-ئاينىڭ 25-كۈنىگىچە بايرام قىلىشنى بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بايرام تېخىمۇ كۈچلۈك قوللاشقا ئىگە بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۆت كۆز بىلەن كۈتىدىغان قۇتلۇق كۈنلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا بەرپا قىلىش چاقىرىقىنىڭ تۈرتكىسىدە، بۇ بايرام ئۆزىنىڭ قوبۇل قىلىنىشچانلىقى، خالىسلىقى ۋە رەڭگارەڭ-لىكى بىلەن خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش،مىللەتلەر ئىتتىپاق-لىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاش-تۇرۇشتا ئىجادىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 5.نورۇز بايرىمىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى

نۇرۇز بايرىمى گەرچە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە قۇربان ھېيت ۋە روزى ھېيتقا ئوخشاش رەسمى قارار چىقىرىپ مەخسۇس دەم ئېلىش كۈنى قىلىپ بېكىتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كەڭ ئاممىنىڭ مەركۇر بايرامنى قۇتلۇقلاش پائالىيىتى قانۇن بويىچە قوغدالدى ۋە قانۇننى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن،80-يىللاردىن باشلاپ ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە بىر قىسىم ناھىيەلەر نۆۋەت بىلەن چوڭ تىپتىكى نورۇز پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ بايرامنى قۇتلۇقلاش بىلەن بىللە، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان بۇ ئەنئەنىۋى بايرامنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىجابىي روللارنى ئوينىدى .

ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەريىلى نورۇز بايرىمىنى ھارپىسىدا، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، تاتار، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەركەزى شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلىرى مەخسۇس بىر كۈننى تاللاپ چوڭ تىپتىكى يىغىلىش پائالىيتى ئۆتكۈزۈپ بايرامنى قۇتلۇقلاپ كەلمەكتە. ئۈيغۇر ئىچىدە بولسا، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسى ھەريىلى دېگۈدەك نورۇز بايرىمىنى سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدىكى كەڭ بايرام ئەھلىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان مىللىي ئوقۇغۇچىلارمۇ تەشكىللىك ھالدا ھەرخىل يوسۇندىكى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈ -زۈپ، مەزكۇر بايرامنىڭ رەڭگارەڭلىكى، قاتلام ئالاھىدىلىكى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلماقتا.

ئۈيغۇرلار ئەڭ مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان قەشقەر ۋىلايىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، نورۇز بايرىمىنىڭ مەزكۇر ۋىلايەتتىكى ئاممىۋى ئاساسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ ھازىرقى كۈندە يالغۇز ئۈيغۇرلارلا ئەمەس، بەلكى ھەممە مىللەت كىشىلىرى بىرلىكتە قۇتلۇقلايدىغان بايرامغا ئايلاندى. شۇنداق بولغاچقا، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەتلەر بايرام مەزگىلىدە ئومۇمىي يۈزلۈك دەم ئېلىش توغۇرىسىدا ھۆججەت چۈشۈردى. بۇ خىل قانۇنىي

ۋە سىياسەت جەھەتتىكى كاپالەت ئامىمىنىڭ بايرام قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، بەلكى كەڭ ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىجابىي رول ئويىنىدى.

بايرام مەزگىلىدە، ھەر قايسى مەكتەپ، ئىدارە-جەمئىيەت ۋە يېزا بازارلاردىن كەلگەن ئاما ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيىتى، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش، ۋاسكېتبول، ۋالىبول، پۇتبول، ئارقان تارتىشىش، قاتارلىق ئەنئەنىۋى ۋە زامانىۋى ئويۇن تۈرلىرى ئارقىلىق، بۇ بايرامنىڭ ھەقىقىي تۈردىكى ئىناقلىق، دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىق بايرىمى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلماقتا. >

شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، مەزكۇر بايرامنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى بىلەن خەلقىمىز ئارىسىدا ئۈزۈلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن، ئەمما يوقىلىش كىرتايىغا بېرىپ قالغان «سارغايدى-پىشتى» قاتارلىق غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز قايتا ھاياتىي كۈچكە ئېرىشىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلمەكتە.

## 6.ساقلىنىۋاتقان مەسىلەر

گەرچە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەتلەر مەزكۇر بايرامنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ۋە نورمال ئۆتكۈزۈلۈشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشقان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا. بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: بىرىنچى، مەيلى شەھەر ياكى يېزىلاردا بولسۇن، مەزكۇر بايرام تېخى رەسمىي يوسۇندا قانۇنلاشتۇرۇلمىغان بولغاچقا، مەزكۇر بايرامنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھۆكۈمەت مالىيىسىدىن مۇقىم مەبلەغ ئاجرىتىش قىيىن بولماقتا. ئىككىنچى، ئۇسكۈنە ۋە مەيدان قىيىنچىلىقى، بىر قىسىم ئەنئەنىۋىي ۋە زامانىۋى ھەركەت تۈرلىرى مەخسۇس ئۇسكۈنىلەرنىڭ بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىق بىر قەدەر ئېغىر. ئۈنىڭ ئۈستىگە ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى قاتارلىق پائالىيەتلەر

ئۇچۇنمۇ مەخسۇس مەيدان بولمىغاچقا، بۇ پائالىيەتلەرنىڭ نورمال ئۆتكۈزۈ-لۈشىمۇ توسالغۇغا ئۇچرىماقتا.

لېكىن، بۇ پەقەت ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ئەل سۆيەر كارخانىچى ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ سىياسەت ۋە ئىقتىساد جەھەتتىن يېقىندىن قوللىشى نەتىجىسىدە، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش چاقىرىقىنىڭ تۈرتكىسىدە تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، نورۇز بايرىمىنى ئىسمى-جىسمىغا لايىق ھاياتىي كۈچكە تولغان يېڭى كۈن يەنى شادلىق، ئىناقلىق، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق ۋە مول-ھوسۇل بايرىمى قىلىپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

## ئىزاھلار

① «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» 12-توم، 239-بەت

② «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە».

③ «ياڭ شىنمىي: «ئۇيغۇر تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 292-بەت.

④ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» 12-توم، 241-بەت؛ ئوبۇلغازى باھادۇرخان: «شەجەرەئى تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 28~29-بەتلەر.

⑤ «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 22-بەت.

⑥ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم،

⑦ «رەۋزەتۇسسافا»، تەرجىمە ئارگىنال، 10-بەت.

⑧ مۇھەممەد سادىق قەشقەرى: «تەكىرەئى ئەزىزان»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 83-بەت.

⑨ سەنەۋبەر شاھ بىننى ئەھمەد ئاخۇن: «نورۇزنامە»، «بۇلاق» ژورنىلى 2007-يىللىق 1-سان.

⑩ «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1983-يىللىق 1-سان.

(11) ئىمىن تۇرسۇن: «نورۇزنامە»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈلەر نەشرىياتى 2001-يىل نەشرى
(12) ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994-يىل نەشرى.

{ئەسكەرتىش: بۇ تەتقىقات تېمىسى 2006-يىللىق جۇڭگو پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن}

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى

جاۋاپكا مۇھەررىرى: مۇھەممەدجان مۆمىن
مەنبە:شىنجاڭ ئىجتىمايي پەنلەر تەتقىقاتى ژورنىلى